ئومۇمىي 6-سان

2020 يانۋار - فېۋرال

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival









يۈز يىللىق مارافون 1

يۈز يىللىق ئويغىنىش 77

مېگا راجاگوپالان 135

2020 يانۋار -فېۋرال
ئومۇمىي 6-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئونئۇھرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

مېگا راجاگوپالان
ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ
ئون باسقۇچى 40

ياپونىيە مائارىپ سىستېمىسىدىكى
17 ئۆزگىچىلىك 111

مىللىي ئويغىنىشنىڭ
يۈز يىللىقى 77

ھېسسىي ئەقلى ئۈستۈنلەر قانداق
كىشىلەر 34

## خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ
ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران
بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

ھالال ئورگان سودىسى ئۈچۈن
ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلمەكتە 67

## گۈلىستان

ئىمىنجان سەيدىن

## تارىخ ۋە بىز


شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنىڭ
ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشى 93

شەرقىي تۈركىستاندىكى
ستالىنىنىڭ ئادەملىرى 115












## كۆچمەندىكى ئۇيغۇرلار

فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرى 101

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئىسلام ، ئىسلامىزم ۋە ئىسلام
مىللەتچىلىكى 53

## ھېكمەتلەر

ھېسسىي ئەقىل ھەققىدە 138

## بۈيۈك سىمالار

ئەدھەمجان زاكىر 109

## خەلقئارا ۋەزىيەت

FBI دىرېكتورى كرىستوفېر
رېينىڭ خىتاي تەھدىتى
ھەققىدە ئېيتقانلىرى

خىتاي كورونا ۋىرۇسى
بىئولوگىيىلىك قورالدۇر 49

# يۈز يىللىق مارافون

## خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى  مەخپىي ئىستراتېگىيىسى



مايكىل پىلزبېرى

مايكىل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق  خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن  بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزىدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە  مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دېرىكتورى.

## 2049-يىلى خىتاي بەلگىلىگەن دۇنيا تەرتىپى

«تالا مۈشۈكى بولۇپ ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپ چىقارماق.»
-«ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»دىن

20-30 يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇپ كەلدى. نۆۋەتتە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ دۇنيادا مىسلى يوق، ئىقتىسادىنىڭمۇ ھەم شۇنداق. دۇنيا خەلقى ئامېرىكانىڭ كىنولىرىنى كۆرىدۇ، مودا ناخشىلىرىنى ئاڭلايدۇ، ئامېرىكانىڭ سوداسىنى ئىچىدۇ ۋە ئامېرىكا زەنجىرسىمان تېز تاماقخانىلىرىنىڭ تامىقىنى يەيدۇ؛ ئامېرىكانىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇپ، ئامېرىكانىڭ پرېزدېنتلىق سايلام ئۇسلۇبىغا ئەگىشىدۇ. دۇنيادىكى يەتتە مىلياردتىن ئارتۇق ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئامېرىكانىڭ مەدەنىيىتى، ئارمىيىسى، ئىقتىسادىنىڭ تەسىرى بولمىغان دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك، كۆپلىگەن ئامېرىكالىقلار ناۋادا ئۆز دۆلىتىنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچ بولماي قالسا، دۇنيانىڭ قانداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

مانا بۇ ئەنە شۇنداق دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش پەيتىدۇر. بەزى پەرەزلەرگە كۆرە، 2050-يىلىغا بارغاندا خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىدىن بەلكىم ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ.(1) شۇ چاغدا دۇنيا تاق قۇتۇپلىشىپ، خىتاي دۇنيانىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىدۇ. باشقا پەرەزلەرگە كۆرە، خىتاي بىلەن ئامېرىكا دۇنيادىكى ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولىدۇ.(2) خىتاي، ھىندىستان ۋە ئامېرىكا يېتەكچى كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان ئۈچ قۇتۇپلۇق دۇنيا تەسەۋۋۇرىدىكى پەرەزلەرمۇ ھەم مەۋجۇت.(3)

خىتاينىڭ ئىقتىسادي جەھەتتە ھەممىدىن كۈچلۈك دۆلەت بولىدىغانلىقى، ئۇ چاغدا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق پۇل بولۇشتىن قالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئامېرىكا دوللىرى، ياۋرو ۋە خەلق پۇلىدىن تەشكىل تاپقان كۆپ خىل پۇل سېستىمىسى ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى يۈقىرىقى ئۈچىلى پەرەزدىكى ئورتاق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.(4) ئۇ چاغدا خىتاي ھەربىي ساھەگە ئامېرىكادىنمۇ كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىدۇ. قوشنا دۆلەتلەرگە ۋە ئۆزى بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە –ئامېرىكا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قىلىپ كېلىۋاتقاندەك – غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي دۇنيادا مەلۇم دەرىجىدە ئوبراز يارىتالايدۇ.

دۇنيا يۇقارقىدەك بولسا نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ؟ ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىشى ئاسانلامدۇ ياكى تەسلىشەمدۇ؟ بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋا تېخىمۇ پاكىزلىشامدۇ ياكى ھازىرقىدىنمۇ بەك زەھەرلىكلىشەمدۇ؟ سودىنى ۋە ئەركىنلىكنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى قوغدايدىغان ئورگانلار كۈچىيەمدۇ ياكى ئاجىزلىشامدۇ؟

ئېنىقكى، بۇ خىلدىكى سوئاللارنىڭ بەزىلىرىگە (ئىجابىي) جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. بىراق، بىر ئىش مۇقەررەركى، ناۋادا خىتاي نۆۋەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى ساقلاپ، مەۋجۇت ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملاشتۇرسا، شۇنداقلا ماۋزېدوڭ ھوقۇق ئىگىلىگەندىن بۇيانقى قىممەت قاراشلىرىدا چىڭ تۇرسا، ئۇ ھالدا خىتاينىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىر دۇنيا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بۇ دۇنيا بىز بۈگۈن تونۇيدىغان دۇنيادىن تامامەن باشقىچە بىر دۇنيا بولۇپ قالىدۇ.

ناۋادا 2049-يىلى دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولىدىغان خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشكە خىتاي قاتتىق قوللىرى يېتەكچىلىك قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ چاغدىكى دۇنيا تولىمۇ ناچار بىر دۇنيا بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر شۇ چاغدىكى خىتاينى خىتاي مۆتىدىللىرى ۋە ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلىرى غەربنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قولىغا ئالسا، ئۇ ھالدا دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچ بولغان خىتاي ئۇنداق قورقۇنچلۇق بولمايدۇ. خىتاينىڭ قاتتىق قوللار ياكى مۆتىدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاشقا بىزنىڭ قانچىلىك تەسىر كۆرستەلەيدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق كېيىنكى بابتا توختىلىمىز. ناۋادا بىز ھەقىقىي خىتاي ئىسلاھاتچىلىرىنى قوللىمىساق، دۇنيا تۆۋەندىكىدەك خەتەرلەرگە دۈچ كېلىدۇ.

## خىتاينىڭ قىممەت قارىشى ئامېرىكا قىممەت قارىشىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ

ئامېرىكا جەمئىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە شەخسىيلەشكەن جەمئىيەتتۇر. بىزنىڭ دۆلىتىمىز توماس جېففىرسون ۋە بېنجامىن فرانكىلىنغا ئوخشاش ئىندىۋىدۇئالىستلار تەرىپىدىن ۋە بېرتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشنى رەت قىلغان بىر بۆلۈك ئۆكتىچىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان. بىز ئۇلارنى تەقدىرلەيمىز. بىزنىڭ قانۇنىمىز باچە ئامېرىكالىقلارنىڭ خالىغىنىنى سۆزلىشىنى، خالىغىنىچە ئىبادەت قىلىشىنى، ئائىلىلىرىمىزدە قانۇن ئورگانلىرى تەرىپىدىن سەۋەبسىز ئاختۇرۇلۇشقا ئۇچرىماستىن ياشىشىمىزنى ھىمايە قىلىدۇ. پۈتكۈل ئامېرىكالىقلارنىڭ ئۆز كەلگۈسىنى ئۆزى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى مۇقەددەستۇر ۋە تاجاۋۇزغا ئۇچراشقا يول قويۇلمايدۇ.

خىتايغا كەلسەك، ئامېرىكاچە كىشىلىك ھوقۇق خىتايدا مەۋجۇت ئەمەس. ئەدەبىياتشۇناس ئالىم لىدىيا ليۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، مارتىن ئىسىملىك ئامېرىكالىق بىر دىن تارقاتقۇچى **1860**-يىللاردا خەلقئارالىق قانۇننى تۇنجى قېتىم خىتايچىغا تەرجىمە قىلىۋېتىپ، خىتايدا ھوقۇققا ئالاقىدار سۆزلۈكنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان. شۇ ۋەجىدىن «ھوقۇق» ۋە «كۈچ» دېگەن ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق «权力»(ھەق-ھوقۇق) دېگەن سۆزنى ئىجاد قىلىپ چىققان ئىكەن.(5) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەرپا قىلغان جەمئىيەت كوللېكتىۋىزىمچى جەمئىيەت بولۇپ، بۇ **1949**-يىلدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت بولغان بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. خىتاينى ئىنتايىن چوڭقۇر تەتقىق قىلغان خەلقئارالىق سودا ئىستراتېگىيىچىلىرىدىن ئىككىسى مۇنداق دەيدۇ:«خىتايدا ئىنسان بولۇش – تېخىمۇ چوڭ ئىنسانىيلىقنىڭ قوشۇمچە ئەزاسى بولۇشتىن ئىبارەت.»(6) گەرچە خىتاي ئاساسى قانۇنىدا سۆزلەش ئەركىنلىكى، ئەركىن كېڭەش، دىنىي ئەركىنلىك قاتارلىقلار كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولسىمۇ، بۇ خىل ھوقۇقلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىن سۆز ئېچىش قىيىن.(7)

خىتاي ھۆكۈمىتى يىللاردىن بېرى ئۆز خەلقىگە شەخسىي ھوقۇقلارنى بەرمەي كەلدى. دۆلەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەتتا خىتاي پۇخرالىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا چەتئەللەردىمۇ قول سوزۇشقا باشلىدى. نيۇيوركتىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ۋېن يۈن چاۋ **(Wen Yunchao)** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا (خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى توغرىسىدا) سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېلفونى، ئېلخەت ساندۇقى ۋە تۋىتېر ھېسابلىرى خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ھۇجۇمدەك قىلىدۇ.(8) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى بىر قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاشتا، ئامېرىكا سېناتورى شېرود بىروۋن ۋېن يۈن چاۋدىن ئۇنىڭ نېمىشقا خىتايدىكى باشقا نامايىشچىلاردەك تۈرمىگە كىرمىگەنلىكىنى سورىغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ خىتايدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە كىرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.(9) بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي **2009**-يىلى «چەتئەل تەشۋىقات خىزمىتى» نامى ئاستىدا بىر تورنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ تور ئۈچۈن **6.58** مىليارد دوللار مەبلەغ ئاجراتقان.(10) بۇ تورنىڭ مەقسىدى خىتاينى ھەر قايسى دۆلەتلەردە شۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆزىدە چىرايلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

چەتئەلدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش خىتاينىڭ دائىملىق قىلمىشى.(11) ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيە فوندىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇئىسا گرېۋنىڭ **(Louisa Greve)** گۇۋاھلىق بەرگىنىدەك، خىتاي كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسىغا دائىملا ھۇجۇم قىلىدىكەن.(12) لۇئىسا بۇ خىل ھۇجۇملارنىڭ مەقسىدىنى «ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەر ئارىسىدىكى ئۆز-ئارا ئىشەنچنى يوقىتىش... چىقىمنى كۆپەيتىۋېتىش ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىش(13)، نوپۇزلۇق دۆلەتلەر تەرىپىدىن كېلىدىغان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش» قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلىدى.(14)

بۇ خىلدىكى رەزىل تاكتىكىلار خىتاي تەرىپىدىن

نىسپىي ھالدا ئاندا-مۇندا قوللىنىلامدۇ، ياكى خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن خىتاينىڭ بۇنى بارغانچە نورمال بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇۋالامدۇ؟ مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى. ناۋادا، خىتاي ئامېرىكاغا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا تاقابىل تۇرغىدەك دەرىجىدە ئىقتىسادىي ھەم ھەربىي جەھەتتىن كۈچەيگەن ھامان، خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزىگە نىسبەتەن يېقىمسىز سۆزلىگەنلەرگە تور ھۇجۇمى ئارقىلىق ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا خىتاينىڭ سىرتىدىكى، ئاسىيادىكى ياكى شىمالىي ئامېرىكادىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خىتاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ جازاغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

## خىتاي توردىكى قارشى پىكىرلەرنى «ماسلاشتۇرىدۇ»

خىتاينىڭ سۆز ئەركىنلىكىگە قارشى ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشلىرىدىن بىرى تور سۆزگۈچىدىن ئىبارەت. خىتايدا تور نازارەتچىلىكى خىزمىتىنى قىلىدىغان يۈز مىليوندىن ئارتۇق كىشى بار.(15) دۇنيادىكى تور ئابونتلىرىنىڭ ئەڭ كۆپى خىتايلاردۇر. بىراق، خىتاي ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ تورلىرىنى، چەتئەل ژۇرناللىرىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن سىياسىي ۋە مەدەنىي ئىنتېرنېت گۇرۇپپىلىرىنى خىتايدا ئېچىلماس قىلىپ چەكلىۋەتكەن. خىتاي پۇقرالىرى ئەركىن كىشىلەر ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلمەيدۇ. «ماسلاشتۇرۇلۇش» نازارەت قىلىشنىڭ سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىلىشىدۇر. (16)

خىتاي تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى. بۇ قىرغىنچىلىققا يىگىرمە ئۈچ يىل بولغاندا، يەنى 2012-يىلى ئىيۇندا خىتاي تور سۆزگۈچلىرى خىتايدىكى ئىنتېرنېتتا بۇ قىرغىنچىلىق توغرىسىدا تېپىلىدىغان ھەر قانداق مەنبەنى چەكلىۋەتتى. ئۈچ خىتاي پائالىيەتچىسى خىتاي دائىرىلىرىدىن بۇ ۋەقە توغرىسىدا نامايىش تەستىقى ئېلىش ئىلتىماسى سۇنغانلىقى ئۈچۈن قاماققا ئېلىندى.(17) تور ئابونتلىرى (تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدا) تانكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالغان ئوقۇغۇچىنىڭ رەسىمىنى (خىتاي تور سۆزگۈچىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) «چوڭ سېمىز ئۆردەك» دەپ ئاتىغان. نەتىجىدە خىتاي «چوڭ سېمىز ئۆردەك» دېگەن سۆزنى سەزگۈر سۆز قاتارىدا چەكلىۋەتكەن.(18) تور نازارىتى ئارمىيىسى شۇ دەرىجىدە كەڭرى تارقالغانكى، 4-ئىيۇن مەسخىرىلىك ھالدا «ئىنتېرنېت تورىنى قوغداش كۈنى» دەپ تونۇلغان. (19)

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇچۇر كونترولى قىلىشتىن سىرت، كۆپ ساندىكى كومپارتىيەپەرەس بلوگېرلارنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نۇقتىئىينەزەرلىرىنى تەشۋىق قىلغۇزىدۇ، قارشى پىكىردىكى ئاكتىۋىستلارنى سېستقۇزىدۇ ۋە يالغان خەۋەر تارقاتقۇزىدۇ.(29) ئۇلار تارقاتقان يالغان خەۋەرلەر تور ئابونتلىرىنى راست خەۋەر بىلەن ھۆكۈمەتپەرەسلىك تەشۋىقاتلارنى پەرقلەندۈرۈشتە گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.(21)

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھەممە مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئۇچۇر كونترولىنى سۇيىئىستېمال قىلدى. خىتاينىڭ ئۆتمۈشتىكى تور نازارەتچىلىكى بىلەن 2050-يىلىغا بارغاندىكى دۇنيا خاراكتېرلىك تور نازارەتچىلىكىنى يۈرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى ئارىسىدىكى نېگىزلىك پەرق شۇكى، خىتاي (ئۆتمۈشتە) ئۆز پۇقرالىرى كۆرىدىغان مەزمۇنلارغىلا سۆزگۈچ قويغان بولسا، (2050-يىلىغا بارغاندا) باشقا دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ كۆرىدىغانلىرىنىمۇ سۆزگۈچتىن ئۆتكۈزىدۇ. خىتاي ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىش خىزمىتى ئاللىقاچان ئەڭ كەم بولغاندىمۇ ئون بىر دۆلەتتە قوللىنىلماقتا. (22)

ئەلۋەتتە، خىتاي «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ۋە «ۋال ستىرىت ژۇرنىلى»نىڭ خىتاي توغرىسىدا چىن خەۋەرلەرنى ئىشلىشىنى مەڭگۈ توسۇۋالالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، خىتاينىڭ تەسىرى ۋە كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆز خەلقىنى بۇ خىلدىكى تور بەتلەرنى كۆرەلمەس قىلىپ قويىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سانىمۇ ماس ھالدا

ئاشىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، خىتاينىڭ خۇاۋېي ۋە ZTE دىن ئىبارەت ئىككى گىگانت شىركىتى ئىنتېرنېت ۋە ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىگە ئالاقىدار قاتتىق دېتاللارنى ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ۋە ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردىكى دۆلەتلەرگە تەمىنلەيدىغان باشلامچى كارخانىلاردۇر.(23) قازاقىستان، ۋېيتنام، بېلرۇسىيە، ئېفئوپىيە، زامبىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەر ۋە خېرىدارلار خىتاينىڭ سىياسىي ۋە تېخنولوگىيە جەھەتتىكى قاتتىق كونتروللىغا ئىجابىي نەزەردە قاراپ، بۇنى ئىنتېرنېتنىڭ قانداق كونترول قىلىش جەھەتتە ئۆزىگە ئۆلگە سۈپىتىدە كۆرۈشى، ۋە بۇ جەھەتتىكى تېخنولوگىيەنى خىتايدىن سېتىۋېلىشى مۇمكىن. (24)

## خىتاي دېموكراتىيىلىشىشكە قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ

خىتاينىڭ رەھبەرلىرى بيۇكراتلىقتا ئۇستۇن، دېموكراتىيەدە تۆۋەن بىر دۇنيانى ئارزۇلايدۇ. خىتاي بەش پرىنسىپىنى ئېلان قىلغان 1955-يىلىدىن بېرى، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى چەكلەپ كەلدى. خىتاينىڭ كۈچى ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ دىكتاتورلۇقنى ۋە خىتايپەرەس ھۆكۈمەتلەرنى ھىمايە قىلىش، شۇنداقلا ئۆرنەك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۈلنى كولاش ئىقتىدارىمۇ شىددەت بىلەن ئاشىدىغاندەك تۇرىدۇ. خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرىلىتىشتىكى تىرمىشىشىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ئىستراتېگىيىسى خەۋەرلەرنى ۋە ئۇچۇرنى مونوپول قىلىش بىلەن باشلاندى. خىتاينىڭ «چەتئەل تەشۋىقاتى» خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى ئاپئاشكارا ھالدا ھۆكۈمەت (لەر)نىڭ مۇستەبىتلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.(25) بېيجىڭ زىمبابۋې پرېزدېنتى روبېرت مۇگابىنى رەسمىي يوسۇندا، ئىزچىل قوللىدى. شۇنداقلا، ئۇرۇش جىنايەتچىسى سۈپىتىدە ئەرز قىلىنغان، ھېيگدىكى خەلقئارالىق سوتقا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىش ئەندىشىسى سەۋەبلىك، چەتئەلگە سەپەر قىلىشتىن قورقىدىغان خىتاينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەرنى قوللاشتىكى يەنە بىر ئىستراتېگىيىسى بولسا، ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرۇش ۋە مەبلەغ سېلىشتۇر.(26) 2009- ۋە 2010-يىلى ئىككى يىل ئىچىدە خىتاينىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كارخانىلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە بەرگەن قەرزى دۇنيا بانكىسىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن قەرزىدىنمۇ كۆپ.(27) خىتاي بۇ خىل ئىقتىسادىي سېلىنما ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى سىياسى تەسىرىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەد قىلغان. خىتاي نۆۋەتتە ئافرىقىدا غەربكە قارشى كۆنتەرتىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شەرتسىز رەۋىشتىكى ئىككى تىرىليون دوللارلىق خوجايىنلىق مەبلىغى ئاجراتتى.(28) ئەركىنلىك مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىدا «كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى ۋە مالىيە كاپالىتىدىن خالىي بولغان بۇ شەرتسىز ياردەم – (خىتاينىڭ) تېخىمۇ كۆپلىگەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تۆۋەن مەسئۇلىيەت ۋە چىرىكلىك ئاساسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ.»(29)

كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ستېفان خالفېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا زىمبابۋې «ئافرىقا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان، ھەممىگە تونۇشلۇق ئافرىقا مىساللىرىدىن بىرى.»(30) خىتاي پرېزدېنت مۇگابىنىڭ بۇ ۋەيرانلىققا يۈزلەنگەن دۆلەتتە قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، مۇگابىغا ئىزچىل رەۋىشتە ياردەم بېرىپ كەلدى. خىتاي مۇگابىغا دەسلىۋىدە قورال-ياراق ياردىمى بەردى، كېيىن مۇگابىنىڭ زىمبابۋې خەلقىنى كونترول قىلىش تىرمىشىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان، ئىنتېرنېت كۆزەتچىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قاتتىق دېتاللارنى ئەۋەتتى. خىتاي يەنە تېخى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا مۇگابىغا قارشى جازا يۈرگۈزۈشكە قارشى بېلەت تاشلىدى.(31)

ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپلىرى ئاساسىدا «ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» يۈزلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈش خىتاينىڭ ئىسترا-تېگىيىلىرىدىن بىرىدۇر. خىتاينىڭ ئالدىنقى نۆ-

ۋەتلىك رەئىسى خۇجىنتاۋنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ سودا شىرىكلىرىنىڭ ئافرىقا خەلقىگە كەلتۈرگەن خورلاشلىرىنى نەزەرگە ئالماستىن، «سىياسىي شەرتلەر مەۋجۇت بولمىغان نوقۇل سودا» سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ.(32) خىتاي خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە پىسەنت قىلماسلىق ئارقىلىق، ئافرىقىدا دېموكراتىيىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، مۇستەبىتلىكنى كۈچەيتىشى مۇمكىن.(33)

خىتاي زىمبابۋىغا قوللانغان ئۇسلۇبىنى ئاسىيادا، ئافرىقىدا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكادا قوللاندى. خىتاي سۈرىيە، ئۆزبېكىستان، ئانگولا، ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، كامبودژا، سۇدان، مىيانمار، ۋېنسۇئېلا ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىتىينى قوللىدى.(34) خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئامېرىكا ئىقتىسادىنى ئۈچ قاتلىۋەتكەن چاغدا، خىتاينىڭ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ۋە ساغلام ھاكىمىيەتنى قوللاشتىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئىرمىششى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.(35)

ئەلۋەتتە، ھازىردىن باشلاپ 2049-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاينىڭ زومىگەرلىكتىن يېنىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا دېموكراتىيەگە مايىل بولۇش ئېھتىماللىقى بار. ئەمما، بۇنىڭغا ئىجابىي نەزەردە قاراش ئۈچۈن سەۋەبلەر تولىمۇ يېتەرسىز. نەچچە ئون يىلدىن بېرى، كۆپلىگەن غەربلىك ئالىملار خىتاينىڭ ئەركىن دېموكراتىيەگە يېقىن بىر يولغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. بۇ ئالىملارنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىقا تولغان ئالدىن مەلۇماتلىرى سەۋەبلىك تەڭقىسلىقتا قېلىشتى. بىراق، بۇلاردىن ئاز بىر قىسمى – گەرچە ھېچقانداق ئاساسى بولمىسىمۇ – خىتايغا دېموكراتىيە كېلىدۇ، دېگەن ئۈمىدۋارلىقىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئاقىۋەتتە، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، خام خىيالنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىماق دائىملا تەسكە توختايدۇ.

## خىتاي ئامېرىكانىڭ «رەقىبلىرى» بىلەن ھەمكارلىشىدۇ

رەھىمسىز رېئاللىق شۇكى، خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكانى دۇنياۋىي كۈرەشتە ئۆزلىرى يېڭىشى كېرەك بولغان رەقىب دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇ خىل چۈشەنچە خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەدېسىلا ئامېرىكانىڭ دۈشمەنلىرىنى نېمىشقا يۆلەيدىغانلىقىنىڭ جاۋابىدۇر. بولۇپمۇ، ئامېرىكانىڭ تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشىدا خىتاي تېخىمۇ شۇنداق قىلدى. 2001-يىلى ئامېرىكا ئىستىخباراتى خىتاينىڭ ئوساما بىن لادېن زەنجىرىدىكى تېررورچىلارنى مەخپىي ھالدا قوينىغا ئالغان ئاساستا، تالىبانغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بولۇپمۇ، خىتاينىڭ ئىككى تېلگراف شىركىتى تالىباننىڭ 11-سېنتەبىر ھۇجۇمىدىن كېيىن كابۇلدا زور كۆلەملىك تېلفون سېستىمىسى قۇرۇش ئورۇنىشىغا ياردەم بەردى.(36)

(خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى تېلفون ئالاقىسى جاسۇسلۇقى) توغرىسىدا دوكلاتلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغاندا، خىتاي دېكتاتورلۇققا كۈشكۈرتىدىغان باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش يول تۇتۇپ، دوكلاتتىكى خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزىنى خەۋەرسىز قىلىپ كۆرسەتتى. بىراق، بۇ شىركەتلەر خۇسۇسىي شىركەتلىكتىن يىراق، خىتاي بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلارنى بىلمەسلىكتىن ئۇزاق ئىدى. ئەڭ كەمىدىمۇ بۇ شىركەتلەردىن بىرى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ شىركەت خىتاي ئارمىيىسىنىڭ خەۋەر-ئالاقە تورى قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلغان ئىدى.(37)

خىتاينىڭ تالىبان بىلەن بولغان ئالاقىسى تېلفون سېستىمىسى قۇرۇشنىڭمۇ نېرىسىغىچە كېڭەيگەن. 1998-يىلى تالىبان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلەپ ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بەلكىم كلىنتون ھۆكۈمىتى ئەلقائىدەنىڭ ئافغانىستاندىكى لاگېرلىرىنى ۋەيران قىلىش مەقسىتىدە ئېتىپ، پارتىلىماي قالغان – خىتاي ئۈچۈن ئاخبارات مول-ھوسۇللى بولغان – جەڭ پالتىسى ناملىق قوغلىغۇچى سىنارەدنى تالىباننىڭ بېيجىڭغا مەخپىي ھالدا تەمىنلەپ بەرگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن، 11-سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمى يۈز بەرگەن كۈنى، خىتاينىڭ كابۇلدىكى ئەمەلدارلىرى تالىبان بىلەن ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىلىق ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر توختام ئىمزالىدى. بۇ خىتاي بىلەن تالىبان ئارىسىدا ئىمزالانغان كۆپلىگەن تۈرلەردىن پەقەتلا ئىككىسى خالاس.

خىتاينىڭ ئەلقائىدە تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقى پۈتۈنلەي بىۋاستە ئەمەس. بەش بۇرجەكلىك بىنا 2001-يىلى دېكابىردا ئېرىشكەن ئىستىخبارات دوكلاتىدا، خىتاينىڭ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئەلقائىدەنى قورال بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئاشكارىلانغان. تالىبان ۋە ئەلقائىدە جەڭچىلىرى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن دەل بىر ھەپتە كېيىن، خىتايدا ياسالغان، قۇرۇقلۇقتىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى تاپشۇرۇۋالغان. ئامېرىكا ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىملىرى 2000-يىلى مايدا بۇنداق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئوتتۇزنى بايقىغان. تالىبان كوماندىرلىرىدىن بىرىنىڭ پاكىستاندا ئوردۇچە چىقىدىغان بىر گېزىتتە خىتاينى ئوچۇق ئاشكارا ماختاپ، «خىتاي تالىبان ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى ۋە قوللاشنى كۈچەيتمەكتە...» دېيىشلىرى ئەجەبلى-نەرلىك ئەمەس.(38)

خىتاي يەنە سادام ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشكىمۇ قول سوزدى. تالىبان بىلەن ھەمكارلاشقان خىتاي تېلگراف شىركەتلىرىدىن بىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىراققا جازا يۈرگۈزۈشىگە خىلاپلىق قىلدى. 1999-يىلى مايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «نېفىتنى يېمەكلىككە تېگىشىش» پروگراممىسى توغرۇلۇق خىزمەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن ئۆزىنىڭ ئوپتىك نۇركابىل تېلگراف سېستىمىسىنى ئىراققا سېتىشىغا رۇخسەت تەلەپ قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتاينىڭ تەلىپىنى ئىككى قېتىم رەت قىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ بۇ شىركىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسلىھەلىرىنى (ئىراققا) توشۇدى.(39)

ئىككىنچى ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە بەشبۇرجەكلىك بىنادا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمدا، دۆلىتىمىزنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مۇداپىئە ئەمەلدارى ماڭا ئىراقنىڭ ھاۋا مۇداپىئە سېستىمىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشى مەقسەت قىلىنغان ئوپتىك نۇركابىل تور ئۇلىنىشى قۇرۇلۇشىدا خىتاينىڭ ئىراققا ياردەم بەرگەنلىكىنى تەستىقلىدى. بۇ ئۇلارنى بىرلەشمە ھاۋا ھۇجۇمىدىن قوغدايدىغان، كۆپ قىسمى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئوپتىك نۇركابىللار ئىدى.(40) بۇ ئەسكىرىي ياردەمگە ئائىت دوكلاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، پرېزىدېنت جورج بۇش بۇ دوكلاتلارنىڭ كىشىنى بىئارام قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇنداق دېدى:«بىز خىتاينىڭ ئىراقتىكى مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋپسىرەيمىز. مېنىڭ ھۆكۈمىتىم خىتايغا ماس ھالدا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئېنىقكى، ئۇچقۇچىلىرىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بىر سېستىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خىتاينىڭ ئىراققا ياردەم بېرىشى كىشىنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ.»(41)

خىتاي بۇ خىل ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلدى. خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتتىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن ۋەكىلى شېن گوفاڭ ( Shen Guofang) مۇنداق دېدى:«بۇ بىر ئۆسەك سۆز، بۇ ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئىراقنى بومباردىمان قىلىشقا تاپقان باھانىسى» دېدى.(42) ئەمەلىيەتتە، خىتاينىڭ بۇ شىركىتى ئىراقتا بىر ئىشخانا تەسىس قىلغان بولۇپ، ئىراق رەھبەرلىرى بۇ شىركەتنىڭ خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى ئىشخانىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، 2000-ۋە 2001-يىلى بۇ شىركەتتىن مال زاكاس قىلدى. خىتاينىڭ ئىراق بىلەن بولغان بۇ قانۇنسىز مۇناسىۋەتنىڭ ئىسپاتى ئىراق 2002-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا سۇنغان 12 مىڭ بەتلىك چەكلەنگەن قورالللار پروگراممىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ ئۈچ شىركىتى ئىراقنىڭ ھاۋا مۇداپىئە تورىنى ئوپتىك نۇركابىل ۋە ئۈچۈر-ئالاقە ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى.

2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىراق ئارمىيىسىدىكى سابىق ھاۋا مۇداپىئە كوماندىرلىرىدىن بىرى ئىراققا يالغۇز خىتاي پوچتا-تېلگراف مۇتەخەسسىسلىرىلا ئەمەس، يەنە تېخى خىتاينىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ مۇشۇ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىراق ئارمىيىسىگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى «ئۇلار (يەنى خىتايلار) 2002-يىلى باھاردا ئىراققا يېتىپ كەلدى. سادام ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا كۈتۈۋالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى بىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇچۇن بۇرۇت قويۇۋالغان ۋە باشلىرىغا ئەرەبچە ياغلىق ئارتىۋالغان ئىدى.

بۇ سابىق ئىراق ئوفتىسېرىنىڭ بايانىغا بىنائەن، خىتايلار ئامېرىكانىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمدەمچىلىرىنىڭ جەڭ ئايروپىلانلىرى تەرىپىدىن ئېتىلغان بومبىلارنىڭ نىشانىدىن ئادىششىغا سەۋەب بولىدىغان يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك يەمچۈك ئۇسكۈنىلەرنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. ئۇ «خىتاينىڭ بۇيەمچۈك مەھسۇلاتىنىڭ دانىسى پەقەتلا **25** دوللار بولسىمۇ، بىراق ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى» دېدى.**(43)**

سىرىق نامى پۇر كەتكەن يەنە بىر دۆلەت ئىگىلىدىكى خىتاي شىركىتى «خىتاي شىمالىي سانائەت شىركىتى»**(NORINCO)** دۇر. **2002**-يىلى بۇ شىركەت ئىراننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان پولاتنى ئىرانغا سېتىپ بەرگەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، كېيىنكى يىلى ئىقتىسادىي جازاغا ئۇچرىدى. تەكشۈرۈش، ماقۇللاش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پائۇلا دېساتىر **(Paula DeSutter)** خىتاي بىخەتەرلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتىغا ئەزا بولۇشتىن ئىلگىرى «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا كۆپەيتىشكە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكاغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى توشۇشقا قاتناشقان كارخانىلىرىنى چەكلەيدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى مۇشۇ خىل ھەرىكەتتە بولۇۋاتقان <شىمالىي سانائەت شىركىتى> نىڭ كۈچىيىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق قەدەم ئالمىغانلىقى»غا ئىسپات كۆرسەتتى.**(44)**

دىياتىر يەنە خىتاينىڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك قوراللارنى ياساش تېخنىكىسىنى مەسئۇلىيەتسىزلەرچە سېتىش قىلمىشىنى ئىسپاتلىدى. خىتاي گەرچە كۆپلىگەن ئاتوم سىنىقى كېڭەيتىشنى چەكلەش كېلىشىملىرىگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، دېساتېرنىڭ دېيىشىچە «خىتاينىڭ پاكىستان بىلەن ئىرانغا ئاتوم قۇرۇلۇشىدا ھەمدەمدە بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق.» بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ئىراننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم لۈكچەك دۆلەتلەرنى زەھەرلىك گاز ۋە خىمىيىلىك قوراللار بىلەن تەمىنلىگەن. دىساتىرنىڭ بايانىچە «خىتاي گەرچە <بىئولوگىيىلىك قوراللار كېلىشىمى> گە ئىمزا قويغۇچى دۆلەتلەر قاتارىدا بولۇشىغا قارىماي، بۇ كېلىشىمدىكى مەجبۇرىيەتلەرگە خىلاپ ھالدا (بىئولوگىيىلىك قورال) پروگراممىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا.» خىتاينىڭ دۇنياغا ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىرىنى بايان قىلغىنىغا ئوخشاشلا، خىتاي ئۆزىنىڭ بىئولوگىلىيىلىك قورالنى ھېچقاچان تەتقىق قىلمىغانلىقى، ئىشلەپچىقارمىغانلىقى ۋە بىئولوگىيىلىك قوراللارغا ئىگە بولمىغانلىقىنى بايان قىلىشى «ئەسلا راست گەپ ئەمەس.»**(45)**

## خىتاي بۇلغانغان ھاۋانى ئېكسپورت قىلىدۇ

**2013**-يىلى يانۋاردا، خىتاينى بىر «سىرىق گاز» قاپلىدى. بۇ سىرىق گاز «**Airpocalypse**» دەپ ئاتالدى. بۇ سىرىق گاز بىر نەچچە ھەپتە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا بېيجىڭ ئاھالىسى ۋە بېيجىڭنى زىيارەت قىلغۇچىلار بۇلغۇنىشتىن كېلىپ چىققان «بۇ سىرىق ھاۋادىن نەپەسلەندى، ئۇنى تېتىدى ۋە نەپەسلىرى بوغۇلدى.»**(46)** خىتاينىڭ بۈگۈنكى يۈكسىلىشى سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى يۈكسىلىشكە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، كۈنىمىزدە خىتايلار دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەيران قىلىۋېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئاللىقاچان مۇشۇنداق قىلىشقا باشلىدى.

خىتاي پات ئارىدا ئامېرىكا **GDP** سىنى ئىككى قاتلايدىغان پىلانىنى ئىشقا قويۇپلا قالماي، خەتەرلىك چىقىرىندىلارنى چىقىرىشتىمۇ – **2015**-يىلى – ئامېرىكانى ئىككى قاتلىۋەتتى.**(47)** ئىقتىسادشۇناس ژۇرنىلىنىڭ بىر تەتقىقاتىغا كۆرە «خىتاينىڭ **1990**-يىلىدىن **2050**-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېنېرگىيە ئىستېمالى سەۋەبلىك چىقىرىدىغان چىقىرىندىلىرى جەمئىي **500** مىليون تونىنغا يېتىدىكەن. بۇ سان پۈتكۈل دۇنيانىڭ سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلاپ **1970**-يىلىغىچە چىقارغان چىقىرىندىلىرى بىلەن ئومۇمەن تەڭ.»

(48) بۇ خىل بۆلگىنىش يىلىغا مىڭلاپ ئىنسانىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ئورگىنى»نىڭ مۆلچەرىچە «ترانسپورت ۋە ئاۋىئاتسىيە سانائىتى چىقىرىندىلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭ تەسىرىدىن  بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشىنىڭ يىللىق سانىنى نۆۋەتتىكىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ، 3.6 مىليونغا يېتىدىكەن ۋە بۇ خىل ئۆلۈم خىتاي بىلەن ھىندىستاندا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىكەن.»(49) خىتاي قويۇپ بەرگەن تۇمان ۋە ئىس-تۈتەك يېقىنقى كۈنلەردە ياپونىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى قاپلىۋالغان. خىتاي قويۇپ بەرگەن زەھەرلىك چىقىرىندىلار تىنچ ئوكياننىمۇ ھالقىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ بۆلگىنىش بولۇپمۇ كالفورنىيە شتاتىدىكى بۆلگىنىشنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.(50) شۇنىسىمۇ ئېنىقكى، يەرشارى خاراكتېرلىك ئىسسىپ كېتىش دۆلەت چېگرالىرىنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ھاۋا بۇلغىغۇچى خىتاي قويۇپ بەرگەن بولغىنىشنىڭ كۆپ قىسمى خىتاينىڭ كۆمۈرگە بولغان بېقىندىچىلىقىندۇر. ئامېرىكا ئېنېرگىيە ئۇچۇرى ئورگىنىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتايدا قالىنىدىغان كۆمۈر پۈتۈن دۇنيادا يېقىلغۇ قىلىنىدىغان كۆمۈرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىغا يېقىنلىشىپ قالىدىكەن.(51) گەرچە خىتاي مۇھىتنى ياخشىلاش توغرۇلۇق قەدەم ئېلىشنى تېزلىتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل بۆلگىنىش تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا. خىتاي تېخىچە كۆمۈر يېقىلغۇسى ئۈچۈن ياردەم پۇلى بېرىدىغان ئاز ساندىكى دۆلەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆمۈر تۈرىدىكى يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىش خىتاينىڭ ئومۇمىي سانائەت ئېنېرگىيە ئىستېمالىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىش تەخمىن قىلغىلى بولىدىغان كېلەچەكتە خىتاينىڭ ئاساسى يېقىلغۇسى بولۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.(52) خىتاينىڭ كۆمۈر ئىستېمالى 2011-يىلى توققۇز پىرسەنتتىن ئارتۇق ئۆسكەن بولۇپ، بۇ نىسبەت پۈتۈ ن دۇنيادىكى كۆمۈر ئىستېمالى ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.(53)

خىتاينىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۆلگىنىش مە-سىلىسى ئىزچىل ھالدا ئېشىپ ماڭىدۇ. خىتاي ئۆزى قويۇپ بېرىۋاتقان زەھەرلىك چىقىرىندىلارنى ئازايتىش ئۈچۈن، خىتاي (سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى) ئېشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ھالبۇكى، بۇ (يەنى خىتاينىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشى) باشقا بارلىق سىياسىي نىشانلىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر.

## خىتاينىڭ كۈچىيىش ئىستراتېگىيىسى كۈچلۈك بۆلگىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

خىتاي رەھبەرلىرى ھاكىمىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالىشى ئۈچۈن خىتاينىڭ تېز سۈرئەتتە كۈچىيىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ناۋادا بىز نۆۋەتتىكى ناچار ۋەزىيەتنى ئوتتۇز يىل ئالدىغا سۈرسەك، بۇنىڭ تەسىرىنىڭ كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. 1980-يىللىرىدىن ئېتىبارەن، خىتاي چاڭجياڭ دەرياسى قىرغاقلىرىغا ئون مىڭ نېفت-خىمىيە زاۋۇتى، خۇاڭخې دەرياسى قىرغاقلىرىغا بولسا، تۆت مىڭ نېفت خىمىيە زاۋۇتى قۇردى.(54) مۇشۇ خىل زاۋۇتلار سەۋەبلىك ۋە خىتاينىڭ تەرەققىياتنى مۇھىت ساپلىقىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى سەۋەبلىك، خىتاي تەۋەسىدىكى دەريالارنىڭ قىرىق پىرسەنتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى. بۇ خىل دەريالارنىڭ سۇ سۈپىتى شۇ دەرىجىدە بۇلغانغانكى، بۇ زەھەرلىك سۇلارنى ئىچىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، قول بىلەن تۇتۇشمۇ خەتەرلىك.(55) ئەڭ كەمىدە خىتايدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ 55 پىرسەنتى – خىتايدا يەر ئاستى سۈيى كۆپ ئەمەس – ئىچىشكە ماس كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىتايدىكى زاۋۇتلار دەريالارغا قويۇۋەتكەن چىقىرىندى سۇلار سەۋەبلىك يىلىغا ئاتمىش مىڭ كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ.(56) شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، دۆلەتنىنىڭ ئۈچۈر كونترولى ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى تورنازارەتچىلىكىنىڭ توسقۇنلۇقى يۈزىسىدىن، نۇرغۇنلىغان خىتايلار ھەتتا ئۆزلىرى ئىچىۋاتقان سۇنىڭ ئۆز جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.(57)

خىتاينىڭ قوشنىلىرى خىتاينىڭ تەرەققىيات ئۈچۈن ئالغان قارامىلارچە قەدەملىرىنىڭ (ئۆزلىرىگە كەل-تۈرۈۋاتقان يامان) تەسىرىنى ئاللىقاچان  ھېس قىل-

نشقا باشلىدى. خىتايدىكى سۇ بۇلغىنىشى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ بېلىقچىلىق سانائىتى تالىشىش ئاستىدىكى شەرقىي خىتاي دېڭىزى، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ۋە تىنىچ ئوكيان دېڭىز رايونلىرىغا يۆتكەلدى.(58) **2011**-يىلى بىر يىل ئىچىدە جەنۇبىي كورىيە دېڭىز قىرغىقى ساقچى ئەترىتى ئۆز دېڭىز تەۋەلىكىگە قانۇنسىز قەدەم باسقان **470** خىتاي بېلىقچى كېمىسىنى كەينىگە قايتۇرۇۋەتتى.(59) بۇ سەۋەبلىك خىتاي بىلەن ۋېيتنام، فىلىپپىن، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارىسىدا بۇ خىلدىكى تۈگىمەس جاڭجاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ جاڭجاللار قوراللىق توقۇنۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

خىتاينىڭ قوشنىلىرىنىڭ خىتاينىڭ توسما ياساش ئىشتىياقىدىن ئەنسىرىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار. خىتاي ئۆزىنىڭ سۇ كۈچى ئېنېرگىيە ھاسىلاتىنى **2020**-يىلىغا بارغاندا ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان. بۇ خىتايدىكى نۇرغۇنلىغان دەريالارنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە ئايلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خىتاي سۇ تەقسىملەش قانۇنىنى تونۇمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سۇ ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلىرىنىمۇ ئاشكارلىمايدۇ. بۇ سەۋەبلىك، خىتاينىڭ قوشنىلىرى يا ئۆز دۆلىتىنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى، ياكى ئۆزى ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك بولغان ۋە ئۆز مۇقىمسىزلىقىغا يول ئاچىدىغان – خىتايغا قارشى چىقىش يولىنى تاللىشى كېرەك.(60)

خىتاينىڭ سۇ مەنبەلىرىنى (خالىغانچە) باشقۇرۇشى يالغۇز ئاسىيا قىتئەسىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، پۈتكۈل دۇنياغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالىملارنىڭ مۆلچەرىچە، **2050**-يىلىغا بارغاندا دۇنيا نوپۇسى توققۇز مىلياردقا ئۆرلەيدۇ ۋە دۇنيا نوپۇسىنىڭ يەتمىش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان قىسمى شەھەر رايونلىرىدا ياشايدۇ. بۇ كېرەكسىز سۇ ۋە ئىستېمال قىلىنىدىغان سۇنىڭ باشقۇرۇلۇشىدىكى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.(61) قارىماققا بۇ تامامەن خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىدەك بىلىنىشىدۇ، ھالبۇكى، ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس. خىتاي ئامېرىكادىن ئۈچ ھەسسە كۈچلۈك بولغان (بۇ چاغ)دا، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش ۋە پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش دۇنيا خاراكتېرلىك ئەندىشىگە ئايلىنىدۇ. كۈنىمىزدە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خىتايدا كۈچلۈك دەرىجىدە مۇھىت ئاسراش ھەرىكىتى باشلاشنى تەشەببۇس قىلىۋاتماقتا. ئەمما، بۇ ھەرىكەت ۋۇجۇدقا چىققىنى يوق.

## راك كېسىلى كەنتلىرى

خىتاينىڭ زاۋۇتلىرىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان «راك كېسىلى كەنتلىرى»نىڭ سانى ئارقىلىق خىتايدىكى ھاۋا ۋە سۇ بۇلغىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسانىي بەدەللەرنى كۆرۈپ يېتىشتىكى بىرىنچى قول مەنبەدۇر. بۇ تۈردىكى زاۋۇتلار ئەخلەتلەرنى، زەھەرلىك خىمىيۋى ماددىلارنى ۋە باشقا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ماتېرىياللارنى دەرياغا تاشلاش ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، سۇنى بۇلغايدۇ، قۇشلارنى بالايى-ئاپەتكە ئۇچرىتىدۇ ھەتتا ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى خىتاينىڭ بەلگىلىمە، ئۆلچەملىرى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردىن جىق تۆۋەن. خىتاينىڭ پەقەت قىرىق پىرسەنت ئەتراپىدىكى قائىدە-تۈزۈملىرىلا خەلقئارالىق ئۆلچەمگە ئۇيغۇن.(62) خىتاينىڭ يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە پەيدا قىلغان راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانى پۈتۈن دۇنيادىكى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭكىدىن كۆپ.(63)

زىيان پەقەت خىتايدىكى دەريالار ۋە يېزا-قىشلاقلارنىڭ بۇلغىنىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. راك كېسىلى نۆۋەتتە بېيجىڭ ئاھالىسىنىڭ ئۆلۈمىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق سەۋەب، يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇھىت بۇلغىنىشى بولسا ئۆلۈمدىكى ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.(64) خىتايدىكى راك كېسىلى نىسبىتى تېخىچە ئامېرىكانىڭكىدىن تۆۋەن. بىراق، خىتاي ئەگەر نۆۋەتتىكى يولىنى داۋاملاشتۇرسا، بۇ خىل ھالەتنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالماسلىقى ئېنىق.

خىتاي دائىملا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلىشىۋاتقان دەۋرلىرىدىلا مۇھىت بۇلغىنى-

شى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دائىم تىلغا ئالىدۇ. بىراق، خىتاي بۇ جەھەتتە ئىككى خىل نۇقتىدا بۇ دۆلەتلەردىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىسى، خىتاينىڭ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كۆلىمى ئۇلارغا نىسبەتەن چوڭ. شۇ ۋەجىدىن، (خىتاينىڭ سانائەت بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان) ئەمەلىي زىيان ۋە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان زىياننىڭ مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان. خىتاي يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي كۈچ بولىدۇ. بۇنىڭدا ماس ھالدا كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىش، زەھەرلىك خىمىيۋى ماددىلار ۋە باشقا بۇلغۇغۇچى ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجى (خىتاي تىلغا ئېلىۋاتقان تەرەققىي دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلىشىش دەۋرىدىكىگە قارىغاندا) يۇقىرى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خىتايدا خىتاينىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى سەۋەبلىك راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋە باشقا شەكىلدە زىيانغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچلۈك ۋە ھەرىكەتچان جەمئىيەت كەمچىل. راك كېسىلى كەنتىدە ياشاۋاتقان، يولدىشى ۋە بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر خىتاي ئايال «مەن ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش، پاكىز سۇ ئىچىش ۋە بۇلغانمىغان تۇپراق ... بىراق، بۇ بەك چوڭ تەلەپ ھېسابلىنىدۇ.» دېگەن.(65) سېناتور شېرود براۋننىڭ چۈشەندۈرۈشىچە «خىتايدا مەسىلەرنى ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغان ئەركىن ئاخباراتچىلىق يوق»، ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىققان تەقدىردىمۇ «ئۇزۇن مۇددەت ئۆزىنى قوغداشنى داۋاملاشتۇرالايدىغان، خەلق تەشكىللىكىدىكى مۇستەقىل جەمئىيەتلەر يوق.»(66)

خىتاينىڭ خەلقئارالىق سودىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ يېزا-ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئەمەلىيىتىمۇ خەلقئارادا تېخىمۇ چوڭ ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى. مەھسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خەتەرلىك ياكى ئىشلىتىش چەكلەنگەن ھاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنى ئىشلىتىش، ھايۋاناتلارنىڭ ۋە بېلىق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئىشەنچسىز ئانتىبىئوتىكلارنى ۋە ھورمونلارنى قوللىنىش، يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ بازار تېپىشى ئۈچۈن چىرىشكە قارشى دورىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار خىتاينىڭ تېخىمۇ رەزىل قىلمىشلىرى جۈملىسىدىندۇر.(67) بۇ خىل قىلمىشلار خىتاينىڭ يېمەكلىك تۈرىدىكى ماللىرىنىڭ شەرقىي ئاسىيا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە سېتىلىشىنى چەكلىشىگە سەۋەب بولغان.(68)

## ئالدامچىلارنىڭ يېڭىشى – خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى ئەركىگە قويۇپ بېرىدۇ

سودا ۋە سودىدىكى يۈكسىلىش جەھەتتە ئامېرىكا خىتايغا ئۇتتۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي. ئۇ بولسىمۇ خىتاينىڭ ئالدامچىلىق قىلىشىدۇر. خىتاي تېخنولوگىيە ئوغرىلىدى، مونوپوللۇقنى ئاشۇردى، تەڭسىز ھالدا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى چەتئەللىنىڭ رىقابىتىدىن ساقلاپ قالدى. نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان، خىتاي زامانىۋىي دۆلەتلەرنىڭ چېگرا ھالقىغان دۆلەتلەر ئاساسلانغان سودا پىرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلدى. خىتاي ئۆز پىرىنسىپىغا رىئايە قىلىدۇ. خىتاينىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەر خىتاي قويغان مەزكۇر پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

خىتاينىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا كۈچىيىشىدىكى يادرولۇق ئامىل قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق چەتئەلنىڭ ئىلىم-پېنىنى ۋە تېخنولوگىيىسىنى قولغا چۈشۈرۈشتۇر. خىتاي ئون مىڭدىن ئەللىك مىڭغىچە ئادەم ئىشلەيدىغان (داڭلىق ماركىدىكى مەھسۇلاتلارغا ئوخشىتىپ) ساختا مال ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلارنى قۇرغان.(69) خىتاينىڭ دۆلەت سانائىتى سىياسى نىشانى ئەقلىي مۈلۈكنى ئوغرىلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، خىتاينىڭ كۆپلىگەن سودا كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بۇ قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.(70) خىتاينىڭ ئەقلىي مۈلۈكنى ئوغرىلاش قىلمىشى تولىمۇ كەڭرى تارقالغان

بولۇپ، بۇ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، (چەتئەلنىڭ) بىر يۇمشاق دېتال شىركىتى خىتايدا بىر سىستېمىنى ساتقان. نەتىجىدە، بۇ سىستېمىنى يېڭىلاش تەلىپىدىن ئۈچ مىڭنى تاپشۇرۇۋالغان. (بۇ شىركەت ئەسلىدە يېڭىلاش ئىلتىماسىدىن بىرنى تاپشۇرۇۋالسا توغرا بولاتتى.-ت)

خىتاي ئەقلىي مۈلۈكنى ئوغرىلاشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ماڭغان دۆلەت بولۇپ، دائىملا چەتئەل سودا گەۋدىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەقلىي مۈلۈكنى خىتاي كارخانىسىغا يۆتكىۋالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خىتاي دۇنيادا ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاشتىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتچى دۆلەتكە ئايلاندى.(71) بۇ خىلدىكى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش قىلمىشى ھەر يىلدا 107 مىليارت زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ،(73) پەقەت ئامېرىكىدىلا يىلىغا 2.1 مىليون خىزمەت ئورنىدىن زىيان چىققان.(74) كەلگۈسىدە، خىتاي شىركەتلىرى تېخىمۇ چوڭايغاندا ۋە خىتاينىڭ ئىتتىپاقداشلىقى تېخىمۇ كېڭەيگەندە، كەڭ تارقالغان ئوغرىلىنىشقا دۇچ كېلىش سەۋەبلىك يېڭى مەھسۇلاتلار كەشىپ قىلىدىغان شىركەتلەرنى يېڭىچە بىلىم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا قىزىقتۇرۇش تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ.

خىتاي تېخنولوگىيەنى مەجبۇرىي ھالدا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتىن سىرت، رىقابەت ساھەلىرىدە خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىللىرىنى ئەۋزەللىككە ئىگە قىلدى.(75) بۇ شىركەتلەر نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي ساھەلەرنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، مۇدائىپە، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ۋە گاز، پوچتا-تېلگراف، كۆمۈر، ئاۋىئاتسىيە ۋە كېمىسازلىق قاتارلىق يەتتە ئىستراتېگىيىلىك ساھە مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.(76)

خىتاينىڭ رەھبەرلىرى غايەت زور سوممىلىق تاشقى پېرۋوت زاپىسى تولۇقلىمىسى ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى يېتەكلىيەلەيدۇ. بۇ ۋەجىدىن، چەتئەل بازارلىرىنى نىشانغا ئېلىش تېخىمۇ بەك ئاددىيلىشىدۇ. 1985-يىلدىن 2005-يىلغىچە، خىتاي ئەڭ چوڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى شىركەتلەرگە 300 مىل-يارت دوللار ياردەم پۇلى ئاجراتتى.(77) ئۇلارنىڭ تۆۋەن كاپىتال ۋە تۆۋەن باھا بىلەن سىڭىپ كىرىشى ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى رەقىبلىرى ئۈچۈن ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان مۇمكىنسىز بىر ئەھۋال.(78) شۇنداقلا، بۇ شىركەتلەر سىرتقا مەبلەغ سېلىشنى جىددىيلىك بىلەن كېڭەيتمەكتە. بۇ شىركەتلەر بازار ئىگىلەشنى كېڭەيتىشكە، تەبئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا ۋە تېخىمۇ ئىلغار تېخنولوگىيىلەرنى بەرپا قىلىشقا تىرماشماقتا.(79)

خىتاي بازار ئىگىلەشتىكى غەيرى سىممېترىكلىكنى بەرپا قىلىشتا غالىب كەلگەن.(80) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى خىتاينىڭ چەتئەلگە مەبلەغ سېلىش قانۇنىنىڭ دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالدىنقى قاتاردىكى يىگىرمە كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدا چەكلىمىلىكلىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.(81) خىتاينىڭ رىقابەتلىشىشكە خىلاپلىق قىلىش سىياسىتى بۇ جەھەتتە ئەڭ چوڭ مىسال بولالايدۇ. خىتاي 2007-يىلى ئادىل رىقابەتلىشىش قانۇنىنى ماقۇللىغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئادىل رىقابەت دائىرىسىدىن ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى مۇستەسنا قالغان.(82) ئەكسىچە، بۇ قانۇن ئاساسلىقى خىتايدا تىجارەت قىلىشنى كۆزلىگەن چەتئەل شىركەتلىرىگە قارىتىلغان.(83) بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ئادىل رىقابەتلىشىشكە خىلاپلىق قىلىشنى «تەكشۈرۈش» خىزمىتى جەريانىدا شىركەتلەرنى ئادۇۋكات تۇتماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنداقلا رىقابەتكە زىت قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، ئادىل رىقابەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقنى ئېتىراپ قىلىشقا بېسىم چۈشۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار گۇمانلىق تاكتىكىلارنى قوللىنىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ بازار ئىگىلىشىنى رەت قىلىشتىكى قورالليرىدىن بىرى، چەتئەل مەبلىغى ئۈچۈن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتلىك بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدۇر. بۇ جەھەتتە ئامېرىكىدىكى ئوخشاش ساھەگە مەسئۇل بولغان ئامېرىكا چەتئەل مەبلىغى كومىتېتىغا ئوخشىمايدىغان يېرى، خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسى ۋە بازاردىكى چەتئەل مەبلەغ سالغۇ-

چىلىرىنى چەكلەش تىزىملىكىگە «ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك» ۋە «ئىجتىمائىي مۇقىملىق»نى كىرگۈزۈۋالغان.(84) خىتايدىكى چەتئەل شىركەتلىرى بىۋاستە چەكلەش، چەتئەل مەبلىغى ئىگىلىك ھوقۇقى چەكلىمىسى، خىزمەتچى قوبۇل قىلىش چەكلىمىسى، تەكرار سىناق قىلىش چەكلىمىسى ۋە ھۆكۈمەت رۇخسىتىنىڭ ئۆزۈنغا سوزۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن.(85) نەتىجىدە، خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى ئەڭ چوڭ ئېتىباردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان دۆلەت بولۇپ تۇرۇقلۇق، يېقىندا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي كۈچ بولىدىغان بۇ دۆلەت ئۆز تۇپرىقىدا چەتئەل شىركەتلىرىنى ئۆگەيلىمەكتە.

## خىتاي بارغانسېرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئۇلىنى كولايدۇ

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇكەممەللىك-تىن ئەلۋەتتە يىراق. بىراق، ئۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئەزاسى بولغان بىردىنبىر سىياسىي ئورگاندۇر. شۇنداقلا، دۇنيا سودا تەشكىلاتى يەنە ھەر قانداق دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا ساغلاملىق، ئەمگەك، پوچتا-تېلگراف، مالىيە، بىخەتەرلىك ۋە سودا قاتارلىق ھەر قانداق جەھەتلەردە مۇھاكىمە ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ۋە ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلالايدىغان بىردىنبىر مۇنبەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەمكارلىق تورى بىزنىڭ خەلقئارالىق سىياسىي تەرتىپىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بىراق، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرىپى خەلقئارالىق ئەزالىق بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۇنيا خىتاي تەرىپىدىن يېتەكلىنىۋاتقان دۇنيادا ئەمەس.

**2001**-يىلى، خىتاي ۋە بىر نەچچە ئاسىيا دۆلەتلىرى بىرلىكتە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا (NATO) قارشى يوشۇرۇن كۈچ سۈپىتىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى (SCO) قۇرۇپ چىقتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر خىتاي، قازاقىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېك-ىستان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.(86) شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىلەن ناتو ئوخشاشلا دائىمىي باش سېكرىتار دەپ ئاتالغان، رايوندىكى پايتەختلەردە مەسىلىنى ئاساس قىلىپ مەركەزلەر قۇرىدىغان ۋە يىللىق يىغىنلار ئۇيۇشتۇرىدىغان قائىدە-نىزاملارغا ئىمزا قويغان. بىراق، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (نىڭ فۇنكسىيىسى) ناتونىڭ پەقەت بىخەتەرلىك كۆزدە تۇتۇلغان ئاددىي ھەمكارلىق فۇنكسىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تەشكىلات (نىڭ فۇنكسىيىسى) سودا، ئىقتىساد ۋە قانۇنىي جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق مېخانىزىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىلەن ناتونىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى – بۇ تەشكىلاتلارغا ئەزا بولغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ خاراكتېرىدۇر. ناتو 28 دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ئەزالىقىدىكى بىر تەشكىلات. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بولسا، ماھىيەت جەھەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر ئىتتىپاقىدۇر. گەرچە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ – دېموكراتىك ھىندىستانغا ئوخشىغان – كۆزەتكۈچىلىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزاسى بولۇپ، بۇ تەشكىلاتقا دېموكراتىك قىممەت قاراش ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، بىراق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي كۈچ بولۇشى مۇمكىن بولغان خىتاينىڭ كەلگۈسىدە بۇ تەشكىلاتقا يېتەكچىلىك قىلىشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

بېيجىڭ ئاللىقاچان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشكە تۇتۇش قىلىپ بولغان. مەسىلەن، مالىيە ياردىمى نۇقتىسىدىن، خىتاي بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرگە تەشكىلات قارمىقىدىكى سودا كېڭىشى ۋە تەرەققىيات فوندى ئارقىلىق مىليارتلاپ دوللار قەرز بەردى.(87) بۇ تەشكىلات يەنە خەلقئارالىق بانكا بىرلەشمىسى ۋە مائارىپ، ساغلاملىق، مەدەنىيەت، ئەدلىيە ھەمدە قانۇن مەسىلىلىرىنى تەكشۈرىدىغان ئاكادېمىك مەسلىھەتچىلەر مۇنبىرى قۇرۇپ چىقتى. خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى

«خىتاينىڭ يېڭى بىخەتەرلىك چۈشەنچىسىنىڭ غەلىبىلىك مەھسۇلى» دەپ تەرىپلىدى.(88) بۇ تەشكىلات قەرەللىك ھالدا بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇنداق مانىۋېرلار خىتاينىڭ ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرىدا دائىم خەۋەر قىلىنىپ تۇرىدۇ.

ناۋادا ھىندىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى كۆزەتكۈچىلىك ھالىتىدىن، تولۇق ئەزالىق ھالىتىگە ئۆتكەن تەقدىردە، بۇ تەشكىلات 2050-يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىلات بولىدۇ. (ئۇ چاغدا) بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى باشقا ھەر قانداق دۇنياۋىي تەشكىلاتقا ئەزا بولماسلىق ياكى ئۇ تەشكىلاتنىڭ قارارلىرىغا ئەمەل قىلماسلىق ئارقىلىقلا، ئاشۇ دۇنياۋىي تەشكىلاتنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتىپ قويىدىغان ئىقتىسادىي تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. شۇ خىل ئەھۋالدا، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى قاتناشمىغان دۇنيا سودا تەشكىلاتى بەئەينى ئامېرىكا قاتناشمىغان دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى، خىتاي ۋە ئۇنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ دۇنيا GDP سىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى كۈنسېرى زورايماقتا. بەزى مۇتەخەسسىسلەر ھەتتا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان دۆلەتلەرنىڭلا پۇلىنى قوللىنىدىغان سودا سېستىمىسىنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.(89)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاشلا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىمۇ كۈنسېرى تەسىرى ئاجىزلىشىش تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە. ئەركىن تىجارەت ۋە ئەركىن بازارلارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن قائىدە-مىزانلارنى بەلگىلىگۈچى سۈپىتىدە قۇرۇلغان بۇ تەشكىلات، نۆۋەتتە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بازارلارنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالدى. خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن چاغدىكى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، بازار ئىگىلەشنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇشى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالدى. خىتاي بۇنداق تاكتىكىلارنى قوللىنىپ تۇرۇقلۇقمۇ، سودا سۆھبەتلىرىدە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ يول قويۇشنى تەلەپ قىلماقتا.

نەچچە ئون يىل ئىچىدە، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆلچەملەرگە ۋە ئەركىن سودا پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي كۈچلۈك ئەۋزەللىكىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. غەرب خىتاينى بۇ پىرىنسىپلارنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلمىغان تەقدىردە، بۇ كۈچ ئالمىششى ئوچۇق بازار ۋە ئەركىن سودىدىكى چوڭ چېكىنىش بولىدۇ، شۇنداقلا دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك سودىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تىرىشچانلىقلارنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ.

ناۋادا خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ئاجىزلىتالىسا، ئۇ كونا دۇنياۋىي تەرتىپنىڭ قانۇنىيلىقىنى يوق قىلىش ئارقىلىق، يېڭى دۇنياۋىي تەرتىپ ئورنىتىش غايىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. بەئەينى خىتاينىڭ يېغىلىق دەۋرىدە ئىپادىلەنگەندەك، جەڭ ئېلان قىلغۇچى تەرەپ كونا زوراۋان كۈچ تەرەپنى دائىملا ئۆزىگە ھۆرمەت كۆرسەتمەسلىك بىلەن ئەيىبلەيدۇ. بۇ خىل ئىدىيە باشقا دۆلەتلەرنى – كونا زوراۋان كۈچ يېڭى باش كۆتۈرگەن كۈچنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقى، ئۇنىڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قانۇنىيلىقى كامچىل بولغانلىقى ئۈچۈن – كونا زوراۋان كۈچتىن يۈز ئۆرۈپ، يېڭى جەڭ ئېلان قىلغۇچىنى قوللاشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئالدىرىماي داۋاملىشىدىغان، نەچچە ئون يىل ۋاقىت كېرەك بولغان جەرياندۇر. كۈنىمىزدە، باش كۆتۈرۈۋاتقان بىر رىقابەتچى غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن زوراۋان كۈچنىڭ دۇنياۋىي نوپۇزىنىڭ قانۇنىيلىقىنى يوق قىلىشى كېرەك. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، خىتاي غەرب تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ قانۇنىيلىقىنى يوق قىلىشى كېرەك. جەڭ ئېلان قىلغۇچى نۆۋەتتىكى تەرتىپنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقى مەنزىرىسىنى يارىتىش ئارقىلىق، مەۋجۇت سېستىمىنى ئۆزىنىڭ رېۋىزىئونىست مودېلىغا ماسلاشتۇرالايدۇ.(90)

## خىتاي پايدا كۆزلەپ قورال-ياراق ئىشلەپچىقىرىش سالمىقىنى جىددىي رەۋىشتە ئاشۇرىدۇ

خىتاي نۇرغۇن يىللاردىن بېرى غايەت زور ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان، ئۆز قوشۇنلىرىغا ياۋۇزلارچە مۇئامىلە قىلىۋاتقان ۋە ئۆز خەلقىگە زۇلۇم سېلىۋاتقان باندىت دۆلەتلەرگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىسىنى سېتىپ كەلمەكتە. ئىران، لىۋىيە، سۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىسىنى كونترول قىلىش تۈزۈمى بىر تۈرلۈك خەلقئارالىق ئېكسپورتنى كونترول قىلىش كېلىشىمى بولۇپ، بۇ كېلىشىم مۇشۇ خىلدىكى دۆلەتلەرگە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئائىت مەھسۇلاتلارنى سېتىپ بېرىشنى چەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە.

1998-يىلى ئامېرىكا خىتاي بىلەن بىر مەخپىي كېلىشىمگە تەييارلاندى. مەن بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.(ئەينى چاغدا مەن ماڭا ئوخشاش خىتايشۇناس خىزمەتداشلىرىمغا ئوخشاشلا ساددا ئىدىم.) باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېكسپورت كونترولى بەدىلىگە، ئامېرىكا «خىتاي بىلەن سودا ۋە ئىلىم-پەن بوشلۇقى جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتمەكچى» بولۇپ، «تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى ئۈچۈن يۈرگۈزۈلگەن جازا كەلگۈسىدىكى تىجارىي خاراكتېرلىك سۈنئىي ھەمراھلارنى قويۇپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پىرېزدېنت تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى.»(91) شۇنداقلا، خىتاي يارەمچى ماتورلىرى ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان ئامېرىكا سۈنئىي ھەمرالىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇلدى.(92)

گارىي سېيمور تەرىپىدىن يېزىلغان، دۆلەت بىخەتەرلىك كومېتتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ئەسلەتمىسىگە بىنائەن ئامېرىكانىڭ لايىھەسى بىر تۈركۈم مۇكاپاتلارنى، شۇنداقلا بەزى جازالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. خىتاي «باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىسى چەكلىمىسى» گە ئەزا بولۇش ئارقىلىق «سىياسىي نوپۇز، كەلگۈسىدىكى باش-قۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىسى چەكلىمى-سىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى، ئامېرىكانىڭ كەلگۈسىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا جەھەتتە جازا قويۇشىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىش، ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا كونتروللىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلىشىنى تېزلىتىشنى ئۆيلىشىش» قاتارلىقلارغا ئېرىشەتتى. جازاغا كەلسەك، مەزكۇر ئەسلەتمىدە ئامېرىكانىڭ «باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىدە ئىلگىرىلەشنىڭ كەمچىللىكى بەلگىلەنگەن مىقدارنى ئاشۇرۇشتىن توسۇپ قويىدىغانلىقى، ھەتتا مەۋجۇت بەلگىلەنگەن مىقدارنى خەتەرگە ئېلىپ كىرىدىغانلىقى» خىتايلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. (93)

خىتاينىڭ بۇ لايىھەگە بولغان ئىنكاسى خىتاينىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىنى ۋە نىيىتىنى تولىمۇ ئېنىق رەۋىشتە ئاشكارىلاپ بەردى. خىتاي ئامېرىكانى رەت قىلدى. خىتاي تېخنولوگىيىلىك ھەمكارلىق ۋە سىياسىي نوپۇزغا قارىغاندا باندىت دۆلەتلەرگە قورال-ياراق ئېكسپورت قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى.

خىتاينىڭ ئىنكاسى بىزگە ئوخشاشلا خىتاينىڭ يېتەكلىشىدىكى دۇنيانىڭ قانداق بىر دۇنيا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. توختىماستىن كۈچىيىۋاتقان خىتاي جانغا زامىن بولۇش خەتىرى غايەت زور بولغان قورال-ياراقلارنىڭ ئىشلەپچىرىقىشىنى ئاستىلاتماقتا يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. خىتاي باندىت دۆلەتلەرنى يېتىم قالدۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى كۈچلەندۈرىدۇ؛ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئورنىغا، پۇرسەت تاپسىلا ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئۆلىنى كولايدۇ؛ بولۇپمۇ، دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

خىتاي گەرچە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىسىنى كونترول قىلىش كېڭەشگە ئەزا بولغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ بۇ كېڭەشنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قاراش ئاساسسىز ئەمەس. سېناتور جېسى ھېلمس خىتاينىڭ قورال-ياراق ساختىپەزلىكىگە ئائىت دوكلاتىدا مۇنداق بايان قىلغان: «ئالدىنقى

يىگىرمە يىل جەريانىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىيادرو كېڭەيمىچىلىكى قىلماسلىق جەھەتتە رەسمىي يوسۇندا ئون بەش قېتىم ۋەدە بەردى. بۇلاردىن يەتتىسى يادرو تېخنولوگىيىسىگە ئائىت، ئالتىسى باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈپ بەرمەسلىككە ئائىت؛ ئىككىسى بولسا 1997-يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىئولوگىيىلىك قوراللار يىغىنىغا قاتناشقان چاغدىكى ۋەدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئەمەل قىلىنمىدى.» ھېلمسنىڭ يارددەمچىلىرى خىتاينىڭ ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان يىلنامە جەدۋىلىنى ۋە ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى پاكىستان ۋە ئىرانغا يادرو قوراللارغا ئائىت زاپچاسلارنى سېتىپ بېرىشنى؛ شۇنداقلا پاكىستان، ئىراق، سۈرىيە، ئىران، لىۋىيە، شىمالىي كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بالىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.(94)

2003-يىلى 11-ئايدا، لىۋىيە ھۆكۈمىتى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا خىتاي يېزىقىدىكى قولىيازمىنىڭ كۆپەيتمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھۆججەتنى تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ خىتايچە قولىيازما ھۆججەتتە ئاسان پارچىلىنىدىغان ئادەتتىكى پارتىلىغۇچى ماددا بىلەن ئورالغان، ئەمما ئاتوم بومبىسىدەك پارتلايدىغان مىڭ پوند (بەش يۈز كىلوگرامغا يېقىن) ئېغىرلىقتىكى بومبىدىن بىرنى ياساش بايان قىلىنغان. مېدىيالار بۇ ھۆججەتلەرنىڭ خىتاي ئاتوم قورال مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دەسلىپىدە پاكىستان بىلەن لىۋىيەنى ئاتوم لايىھەسى بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، تېخىچە پاكىستاننىڭ ئاتوم ئالىملىرى بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

خىتاي نېمىشقا باندىت ھۆكۈمەتلەرگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېكسپورت قىلىشنى توختاتمايدۇ؟ ئامېرىكانىڭ ئەينى چاغدىكى ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پائۇلا دېساتېر 2006-يىلى خىتاينىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئاتوم كېڭەيمىچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىشتا ئاجىز كەلگەنلىكىنى ياكى خىتاينىڭ بۇ كۈرەشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.(96) كېيىنكى مۇمكىنچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئەڭ توغرا، ئەلۋەتتە. خىتاينىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەتلىرىدىن بىرى مۇستەبىت ۋە غەربكە قارشى ھۆكۈمەتلەرگە ئاتوم ياردىمى قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكاغا ئوخشاش دۇنياۋىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىشتىن ئىبارەت.

***

خىتاي تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن دۇنيا تەرتىپى بۆگۈنگە قەدەر ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. بىراق، ئۆتكەن ئون يىلدا خىتاينىڭ ئىككى باش رەئىسى خىتاينىڭ نىيىتى ھەققىدە يوشۇرۇن سىگنال بەردى. 2005-يىلى سېنتەبىردە خىتاي رەئىسى خۇجىنتاۋ بىرلەشكەن دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا «ئۇزاق مۇددەتلىك تىنىچلىقتا تولغان، ئورتاق گۈللىنىش تېپىدىكى تەڭپۇڭ دۇنيا بەرپا قىلىش» (97) تېمىسىدا سۆز قىلىپ، «تەڭپۇڭ دۇنيا» كۆز قارىشىنى مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ مۇشۇ ھەقتىكى سۆزىدە ئېنىقسىز ھالدا «مەڭگۈلۈك تىنىچلىق ۋە گۈللىنىشكە تولغان تەڭپۇڭ دۇنيا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ، ئورتاق كۈچ چىقىرايلى» دېگەن.(99) بۇنىڭدىن سەككىز يىل كېيىن، شى جىنپىڭ «تەرەققىيات ھەممىدىن مۇھىم» دېيىش ئارقىلىق، پەقەتلا بەش سۆز بىلەن دۇنيانىڭ كېلەچىكىدىن سىگنال بەردى. ئاندىن بۇ سۆزىگە تولۇقلىما سۈپىتىدە مۇنداق دېدى:«بىز خىتاي چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ماددىي ۋە مەدەنىي ئاساسلارنى توختاۋسىز رەۋىشتە ئىشقا سالىمىز.»(100) شى جىنپىڭ بۇنداق دېيىش ئارقىلىق خىتاينىڭ قىممەت قارىشىغا بىنائەن دۇنيانى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش غەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

باش-ئايىقى بېرىلمىگەن ئەھۋالدا، شى جىنپىڭنىڭ بۇ سۆزى ھېچقانداق خەتەردىن دېرەك بەرمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. بىراق، بىرىنچى باپتا بايان قىلىنغىنىدەك، خىتاينىڭ گېئوپولىتىك نۇقتىدىكى «تەڭپۇڭلۇق» ئىدىيىسى تاق قۇتۇپلۇق

دۇنياۋىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىككىنچى بابتا توختالغان ئىدۇق. «خىتاي چۈشى» ئۇقۇمى خىتايغا نىسبەتەن ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە رەقىبى بولمىغان دۇنيادىكى بىردىنبىر ھاكىم كۈچنى كۆرسىتىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئەگەر **2049**-يىلى خىتاي چۈشى ئەمەلگە ئاشسا، خىتاي مەركەزلىكىدىكى دۇنيا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ پاسىبانىغا ئايلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان تورىبەتلەر خىتاي ماختىلىپ، غەرب سەت كۆرسىتىلگەن، قايتا يېزىلغان تارىخلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر «ھازىر تەرەققىي قىلىپ، مۇھىت بىلەن كېيىن ھەپىلىشىش» تىپىدىكى خىتايچە ئۇسلۇبقا ئەگەشكەنلىكتىن، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئاتموسفېراسىنى زەھەرلىك ھاۋا قاپلايدۇ. مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، (بىر تۈركۈم جانىۋار ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ) نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ، دېڭىز يۈزى كۆتۈرۈلىدۇ، راك كېسەللىكلىرى ھەممە يەرنى قاپلايدۇ. بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار چەتكە قېقىلىش تۈپەيلىدىن بۇگۈنكىدەك تەسىر كۈچكە ئىگە قەدەملەرنى ئېلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مونوپولچى كارخانىلار ۋە خىتاي كونتروللۇقىدىكى ئىقتىسادىي ئىتتىپاقداشلار دۇنيا بازىرىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق بېيجىڭ تەرىپىدىن كونترول قىلىشى مۇمكىن. بېيجىڭ بۇ ئارقىلىق ھەربىي تەتقىقات، ئارمىيە سەۋىيىسى ۋە قورال-ياراق سېستىمىسى جەھەتتە ئامېرىكادىن ئاسانلا ئېشىپ كېتىشكە قادىر بولالايدۇ.

بۇ كېلىشى قارشى ئېلىنمايدىغان كەلگۈسىدۇر. شۇنداق، ئەمەلىيەتتە خىتاي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتتىن كېيىنكى ئاقىۋىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن نۇرغۇن كىشىلەرلا بۇ خىل كېلەچەكنى كۈتىدۇ. خىتاينى ئۆزگەرتىشكە قىستاش بارغانچە مۇمكىنسىز بىر ھالغا كېلىپ قالدى. ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىز ئويغىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىزنىڭ تەسىرىمىز پەسەيمەكتە. بىز بۇ خىل «قارا بېسىش» لاردىن، كەلگۈسىدىكى ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىنمىغان بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىسلاھ قىلىنمىغان (نۆۋەتتىكى شۇملۇق ھالىتىنى ساقلىغان) خىتاينىڭ زوراۋان كۈچىنى كۆرەلەيمىز.

يېغىلىق دەۋرىگە ئائىت ھېكايىلەردە، يۈكسىلىۋاتقان كۈچنىڭ كونا زوراۋان كۈچكە تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ئارمىيىسى ھېكايىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ناۋادا خىتاي (ئۆز تارىخىدىكى) ئەنئەنىۋي ئۇسلۇبنى قوللانسا، بىر نەچچە قاتىل خەنجىرى پروگراممىسىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەش، ياكى ئامېرىكانىڭ ھەربىي كۈچىگە دۇنيا مىقياسىدا جەڭ ئېلان قىلىش جەزمەن كېچىكتۈرۈلىدۇ. ئۇكيساندا ھەرىكەت قىلىدىغان دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇش، چەتئەلدە بازا قۇرۇش، كۈچلۈك ھاۋا ئارمىيىسىنى روياپقا چىقىرىش (خىتايغا نىسبەتەن) تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سوراش بولۇپ قالىدۇ. بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆتكۈزگەن ئەجەللىك خاتالىقتۇر. بۇ ھېكايىنى ھەتتا بېيجىڭدىكى تاكسى شوپۇرلىرىدىن تارتىپ بىلىدۇ. (ئاپتور ئاخىرقى جۈملىلەردە خىتاينىڭ ئامېرىكانى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، كۈچلۈك ھەربىي قوشۇننى مەقسىدىگە يېتىش پەيتى يېتىپ كېلىشكە ئازلا قالغاندا دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىدىن شەپە بەرمەكتە.-ت)



10

## ئاگاھلاندۇرۇش ئوقى

«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.» – خىتاي خەلق ماقالى

**2013**-يىلى قويۇلغان «ئېغىرلىق كۈچى» ناملىق فىلىمنىڭ باشلىنىشىدا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى،نىڭ رولىنى ئالغان ساندرا بۇلوك ۋە جورجى كلۇنىي، خيۇستونىدىكى باش شتابىدىن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بىر ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالىدۇ. (ئۇچۇردا دېيىلىشىچە) رۇسلار ئامېرىكانىڭ خىزمەتتىن توختىغان بىر سۈنئىي ھەمراھىغا قارىتىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتقان، پارتىلاشتىن كېلىپ چىققان قالدۇقلار جانغا زامىن بولىدىغان زەنجىرسىمان رېئاكسىيەلەرگە سەۋەب بولىدىغان بولۇپ، بۇ قالدۇق پارچىلار ئامېرىكا ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ سىلجىۋاتماقتا ئىكەن. خابېل ئالەم تېلىسكوپىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى ھايات-ماماتلىق ئۇرۇشىغا ئالمىشىدۇ. ئاخىرىدا، بۇلوك رولىنى ئالغان پېرسوناژ خىتاينىڭ ئادەمسىز ئالەم بوشلۇقى مەركىزىدىكى بىر ئالەم بوشلۇقى ئۈسكۈنىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئالقىش سادالىرىدىن سىرت، فىلىمدىكى رېئاللىقتىن چەتنىگەن ئېلېمېنتلار ھەققىدىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر شىكايەتلەر بار ئىدى. (بۇ ساھەدىكى كەسپىي) كىشىلەر بۇ ھەقتە شۇنداق دېيىشتى: «سىرتقى يۈزنىڭ كېرىلىش كۈچى سەۋەبلىك، بۇلوك (**Bullock**) نىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ يۈزىدە سىرغىماسلىقى كېرەك ئىدى؛ ئۇنىڭ خابېل (**HUbbell**) بوشلۇق تېلېسكوپىدىن يولغا چىقىپ، خەلقئارالىق ئالەم بوشلۇقى پونكىتىدا توختاپ، ئاندىن خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى پونكىتىغا بارالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ ئۈچ سىستېما ئوخشىمىغان ئوربېتىلارغا جايلاشقان؛ بۇنىڭدىن سىرت، بۇلوك بەدىنىگە دەل كېلىدىغان ئىچ كىيىم كىيىشىنىڭ ئورنىغا، زاكا تاقىۋېلىشى كېرەك ئىدى». يەنى فىلىمدىكى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان نۇقتىلار توغرىسىدىكى باھالار ھەممىدىن كۆپ بولدى. لېكىن، بۇ فىلىمدە بىر ئاز ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك باشقا مەسىلىلەر بار. بۇ مەسىلىلەر فىلىمنىڭ رېئاللىقتىن چەتنەپ كېتىشىدىن بەكرەك يۈز يىللىق مارافونغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشىدۇر.

ئالدى بىلەن، ساندرا بۇلوك رولىنى ئالغان ئالەم ئۇچقۇچىسىنىڭ خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى پونكىتىغا كىرىشىگە ھەرگىز ئىجازەت بېرىلمەيدۇ. خىتاي ئىنژېنېرلىرى ئۆزىنىڭ سىستېمىسىنى لايىھەلىگەندە، ئۇنى قەستەن ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقى سىستېمىسى بىلەن باغلىغىلى بولمايدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن (**1**). يەنى ئۇلار (خىتاي) نىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئامېرىكا بىلەن پەقەتلا ھەمكارلاشقۇسى يوق.

ئىككىنچىدىن، رۇسىيە ئەزەلدىن كىنودا تەسۋىرلەنگىنىدەك ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھىغا قارىتىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرگەن ئەمەس. ئەمما، خىتاي **2007** – يىلى بۇ ئىشنى قىلغان. يەنى ئۇلار قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا (ئۇلار بۇ قورالنى بىر كۈنى ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھلىرىغا قارشىمۇ ئىشلىتىشى مۇمكىن) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تاشلاندۇق ھاۋارايى سۈنئىي ھەمراھىنى پاچاقلىۋەتكەن. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، خىتاينىڭ شۇ قېتىملىق سىنىقى «نۇرغۇن دۆلەتلەرنى تەشۋىشكە سالغان، شۇنداقلا بۇ سىناق سەۋەبلىك پەيدا بولغان سۈنئىي ھەمراھ قالدۇقلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈسكۈنە – ئەسلىھەلىرىگە تەھدىت شەكىللەندۈرگەن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۇچۇشلىرىنى خەتەرگە ئۇچراتقان» (**2**). خىتاي ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھېچقانداق پروگراممىسى يوقلۇقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن. خىتاي تەلۋىلىك قىلىپ، تارىختىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ خەتەرلىك ئالەم بوشلۇقى خارابىسى شەكىللەندۈردى، ئەمما فىلىمدە ئەيىبلەشكە ئۇچرىغىنى رۇسىيە بولدى. بۇ خىل بۇرمىلاشلارنىڭ نەتىجىسىدە، «ئېغىرلىق كۈچى» دېگەن بۇ فىلىمدە خىتاي قەھرىمانەك، رۇسىيە بولسا مۇشتۇمزوردەك كۆرسىتىلدى.

مەزكۇر فىلىمنىڭ ئاپتورلىرى ئالەم بوشلۇقىدا

يۇز بەرگەن ۋە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىشلارنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىشكە خېلى زور كۈچ سەرپ قىلغان. لېكىن، بۇنىڭ بەك ھەيران قالغۇچىلىكىمۇ يوق، چۈنكى فىلىمدە خىتايلار مۇۋاپىق (يەنى ئېجابىي شەكىلدە پەردازلاپ، ت) تەسۋىرلەنسە، خىتاينىڭ ھەددى – ھېسابسىز نوپۇسى ئامېرىكا فىلىملىرى ئۈچۈن غايەت زور كەلگۈسى تاماشىبىن ۋە ھوللىۋود ئۈچۈن زور كىرىمدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بۇ فىلىم خىتايدا تەلتۆكۈس چەكلىنىشتىن قالماي (ئامېرىكا سىنىپ) كۆرسىتىلىدۇ (3). (ئەنە شۇ رەۋىشتە) غەربتىكى سەرخىللار ۋە پىكىر يېتەكچىلىرى بۇرنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرگەنلىكى ياكى ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلىگەنلىكى سەۋەبلىك، يەنە بىر قېتىم خىتاينى كىشىلەرگە پەردازلەپ كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ دەل خىتاينىڭ كۈتكىنىدەك بولغانىدى.

***

خىتاينىڭ 2007-يىلى ئۆزىنىڭ ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراسىنى پاچاقلاپ تاشلىشى خىتاينىڭ – ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قارارىنى، شۇنداقلا خەلقئارالىق چەك-چېگرىنىڭ دەرىجىسىنى سىنايدىغان، قەستەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، دۇنيانىڭ كۆپ قىسمى سەل قارىغان ۋە باشقىچە مەنە بەرگەن – بىر قاتار ئاگاھلاندۇرۇش ئوقلىرىنىڭ تۇنجىسىدۇر. 2007-يىلىدىن بۇيان، بۇ خىلدىكى ھادىسىلەر بارغانچە نومۇسسىزلىق بىلەن ئەدەشكە باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، شەرقىي ئاسىيادىكى جىددىيچىلىك ۋەزىيىتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقتى.

خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى سىنىقىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئامېرىكاغا ۋە ئۇنىڭ يېڭى پرېزىدېنتى باراك ئوباماغا قاراتقان ئىنتوناتسىيىسىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. 2009-يىلى دېكابىردا ئوباما كېلىمات ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى يېڭى خەلقئارالىق سىياسەتنى تەستىقلاش ئۈچۈن كوپېنھاگېنغا باردى. يىغىنغا 192 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىدى. خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بۇ يىغىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولاتتى. خىتاي رەھبەرلىرى يىغىندا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى قوپاللىقىنى ئىپادە قىلىپ، نەچچە يەردە غەرب دېپلوماتلىرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى؛ مۇھاكىمىلەرگە ئېجابىي رەۋىشتە ئىشتىراك قىلمىدى.(4) خىتاي باش مىنىستىرى ۋېن جيا باۋ سۆھبەتلەرنىڭ كۆپۈنچىسىگە ئىشتىراك قىلىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق باشقا ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى مەنسىتمىدى. خىتاي تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقا دۆلەتلەر بىلەن قوشۇمچە كېلىشىمنامىلەرنى ئىمزالاش ئارقىلىق، ئۈمىد قىلىنغان كېلىمات ئۆزگىرىشى كېلىشىمىگە قوشۇلۇشتىن يالتايدى. بۇ ھال ماھىيەتتە يىغىنىنىڭ مەقسىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.(5) ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ بايانىچە، خىتاي ئامېرىكانىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، يىغىن ئاخىرلاشقاندا پرېزىدېنت ئوبامانى چاقىرماستىن، ئۆز ئالدىغا يىغىن تەشكىللىگەن. پرېزىدېنت ئوباما ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھىلارى كلىنتون يىغىن ئەھلىگە خەۋەر قىلىنماستىن يىغىنغا كىرگەندە، خىتاينىڭ بۇ پىلانى ئاشكارىلىنىپ قالغان.(6)

تەيۋەن ئۇزاقتىن بېرى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى تالاش – تارتىش تېمىسى بولۇپ كەلدى. لېكىن، 2010 – يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ئوباما ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە ئالتە مىليارد 400 مىليون دوللارلىق قورال سېتىپ بېرىشنى تەستىقلىغاندا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل قورال – ياراغ سودىلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن چاغدىكى قاتتىق پوزىتسىيەسى ئامېرىكا – تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ تامامەن قايتىدىن قاراپ چىقىلىشىغا سەۋەب بولدى ۋە (ئامېرىكا بىلەن تەيۋەن ئارىسىدىكى) قورال سودىسىنىڭ كېلەچىكىگە قارىتا گۇمان تۇغدۇردى. خىتاي بۇ سودىنى «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش» دەپ ئاتىدى. بۇ بېيجىڭنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىنكاسلىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ بەك جەڭ ئېلان قىلىش خاراكتېرلىك ئىنكاس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ئامېرىكا بىلەن قىلغان ھەربىي ئىشلارغا ئائىت توختاملارنىڭ

ئىجرا قىلىنىشىنى ۋاقتىلىق توختىتىپ قويدى، شۇنداقلا تەيۋەنگە ماتېرىيال سېتىپ بەرگەن بەزى ئامېرىكا شىركەتلىرىگە ئىمبارگو قويدى.(7) بۇ بېسىمغا بويۇن ئەگكەن ئوباما ھۆكۈمىتى كېيىنكى قەدەمدە ئىلغار تىپتىكى F-16 ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى تەيۋەنگە سېتىپ بەرمەسلىكنى قارار قىلدى. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارىنى خىتايغا قارشى تىك تۇرماسلىق دەپ ئەيىپلىدى.(8) نەتىجىدە، ئوباما ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ۋە خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكىرىي كېلىشىملەرنى كېڭەيتتى.(9)

خىتاينىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئېشىشى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ خىتاينىڭ پايدىسىغا قاراپ ئۆزگەرگەنلىكى، ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىششى ئۆزلىرى كۈتكەندىنمۇ بەكراق تېزلەشكەنلىكى چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ چۈشەنچە خىتاينىڭ كەڭ دائىرىلىك ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي خەلقئارالىق كۈچىنى مۆلچەرلەپ چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.(10) 2008-، 2009-يىللىرىدىكى ۋال كوچىسىنى مەنبە قىلغان ئىقتىسادىي كرىزىس بېيجىڭ ئۈچۈن كەلگۈسىدىن ئالدىن بېشارەت بولغان. خىتاي ئانالىزچىلىرى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ نورماللىششقا قايتىدىغانلىقىغا، بىراق ئىككىنچىلەپ بۇرۇنقى ھالىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىغا؛ كەلگۈسىدە دۇنياۋىي ئىقتىسادىي باشلامچىلىق ئاقىۋەتتە تېخىمۇ تارقاقلىشىپ، ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان بېقىندىچىلىقنىڭ بارغانچە تۆۋەنلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.(11) خىتاينىڭ چەتئەللەردە ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئىزچىل ھالدا پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە قۇچاق ئېچىشىنى ساقلاپ كېلىشىمۇ ئۇنىڭ چىدامچان بولۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيە پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقىنى – بۇ خىلدىكى چىدامچانلىقنا نەچچە ئون يىل كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ پرىنسىپنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى – ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

خىتاينىڭ ھېساب كىتابىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئىكەنلىكىنى قوللايدىغان يىپ ئۇچلىرىدىن بىرى خىتاي مەركىزى كومېتىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرىنىڭ خىتاي رەھبەرلىرىگە سۇنغان تۆت بەتلىك مەخپىي دوكلاتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىش 2010-يىلى سۇنۇلغان دوكلات ھېسابلىنىدۇ. مۇتەخەسسىس دوكلاتتا «كەلگۈسى ئون يىلدا دۆلىتىمىز دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ تاشقى ئىستراتېگىيە خىرىسى قايسى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشقان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مۇتەخەسسىس مەزكۇر سوئالغا «ئامېرىكانىڭ چۆكۈشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇتەخەسسىس دوكلاتىدا ئامېرىكانى چۆكۈشكە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەزى تاكتىكىلارنى مۇلاھىزە قىلغان. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتىكى توغرا ئۇچۇرنى قولغا چۈشۈردى دېگەن تەقدىردە، بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ بايانى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشى ئون يىل ئىچىدە روياپقا چىقىدىكەن.

خىتاينىڭ 2012 – يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقى خىتاي تەرەپكە قاراپ ئېغىۋاتىدۇ» دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان بىر تەتقىقاتىغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار يەنە بىر دەلىلدۇر. يۇقىرىقى يەكۈن دېيۋىد گومپېرت (David Gompert) ۋە فىلىپ ساندېرس (Phillip Saunders) نىڭ 2011 – يىلى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «كۈچ قارشىلىقى: ئاجىزلىققا تولغان دەۋردىكى خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيەلىك سەۋرچانلىقى» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابىدىمۇ بايان قىلىنغان. خىتايلار بۇ كىتابنى خىتايچىغا نەشر قىلىپ تارقاتقان. ئۇلار چەتئەللىك زىيارەتچىلەرگە ئامېرىكانىڭ كونترول قىلىش تەكلىپى سىياسىتىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى، بىراق ئامېرىكانىڭ ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ئاجىزلىشىپ، خىتاينىڭ بولسا ئاتوم كۈچى، تور ھۇجۇمى ۋە ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى جەھەتتە كۈچەيگەنلىكىنى ئوچۇق-يورۇق ھالدا تەن ئېلىشقا ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.(12) خىتاي رەھبەرلىرى ماڭا كىتاب-

نىڭ خۇلاسىسىنىڭ بىر بېشارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىتابتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ رايونلۇق ئەسكىرىي تەڭپۇڭلۇق كۈچىنى ئۆز مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن شەكىلدە ئۆزگەرتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تەن ئالغان. ھەقىقەتەن خىتايدىكى كۆپلىگەن سىياسىي ۋە ھەربىي ئەربابلار ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى باھالىرى سەۋەبلىك ھەيرانلىققا چۆمگەن. مەن **2012**- ۋە **2013**-يىللىرى بېيجىڭدا ئاڭلىغان مۇلاھىزىلىرىم ئاساسىدا، بۇ تەتقىقاتنىڭ كۈتۈلمىگەندە «ئەسكىرىي تەڭپۇڭلۇق جەھەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشتىن پايدىلىنىدىغان ۋاقىت كەلدىمۇ-يوق» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ كېلىۋاتقان خىتاي ئوفىتسېرلىرىنى دەلىل-ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ بەرگەنلىكىنى خۇلاسىلىدىم.

ئاڭلىشىمچە، خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى ۋە ھەربىي ساھەسىدىكى كۆپلىگەن شەخسلەر بۇ كىتابتىكى «ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىنى توسۇپ قېلىشقا، ئىتتىپاقداشلىرى ۋە كۈچ ئارقىلىق خىتاينى قورشىۋېلىشقا، ياكى خىتاي-ئامېرىكا سوغۇق ئۇرۇشىنى قوزغاشقا نىسبەتەن ئىشتىھاسى يوق دېيەرلىك» دېگەن كۆز قاراشقا ئىشەنمەيدىكەن. **(13)** خىتايدىكى ئۇشبۇ شەخسلەرنىڭ قارىشىچە، راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا بەك ياخشى بولار ئىكەن؛ بىراق، بۇ كۆز قاراش قارىماققا خىتاينىڭ تېرىسىگە سىغماي قېلىشى ئۈچۈن، قەستەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياغلىما پىكىر بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرىكەن. بىراق، ئۇلار بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئەسكىرىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ خىتايغا قارىتا بۇرۇلۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. ئۇلار يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ چۈكۈشىگە ئائىت دەلىللەرنى نېمىشقا ئاشكارىلىغانلىقىدىن، شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۆزىگە پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىشتا ئائىت پاسسىپ باھادىن گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇلار مېنىڭ ئىككى ئاپتورنىڭ پەقەت ئۆز كۆز قارىشىنىلا بايان قىل-غانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىمنى رەت قىلدى.

خىتاينىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئالىملىرىنى مېنىڭ بۇ كىتابتىكى بايانلارنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيە جاكارنامىسى ئەمەس، پەقەتلا ئىككى ئاپتورنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى دەپ قارىغانلىقىمنى بىر نەچچە يىغىنلاردا مەسخىرە قىلىشقانمۇ بولدى. ئۇلار مېنىڭ دېگەنلىرىمگە كۈلۈشتى ۋە ئاپتورلارنىڭ بىرىنىڭ پرېزىدېنت ئوباماننىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىدىكى مۇھىم ئادىمى ئېۋان مېدىيىروسنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىر ماقالىنى بىللە يازغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىتايلارنىڭ نەزىرىدە كىتابنىڭ يەنە بىر ئاپتورىمۇ نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىناتتى. ئۇ ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاخبارات باش نازارەتچىسى دېنىس بلايىر **(Dennis Blair)** نىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئۇ تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى بولغان. ئۇلار بۇنى (خىتايغا بېرىلگەن) بىر ئۇچۇر، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ خىتايغا سىلجىۋاتقانلىقىنى شۇنداقلا ئۆزىگە پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرىدىغان بىر سىگنال دەپ قارىغان. خىتاي مەزكۇر كىتابتىكى «خىتاينىڭ يادرو قورالى ئارقىلىق قايتۇرما زەربە بېرىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكانىڭ خىتاينى چۆچۈتۈپ، تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغۇزماسلىق ئۈچۈن قىلغان يادرو قورالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەھدىتلىرى <ئاللىقاچان ئەھمىيىتىنى يوقاتتى، شۇنداقلا بۇ خىل تەھدىت كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئاجىزلىشىدۇ>» دېگەن يەكۈننى توغرا كۆرگەن.**(14)** بىراق، ئۇلار ئامېرىكانىڭ بۇنداق سەلبىي بايقاشنى نېمە ئۈچۈن ئاۋامغا ئاشكارىلىغانلىقىدىن ھەيران قالغان.

كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى قانداق چۈشىنىش جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى دۆلەت ئوخشىمىغان ئىستراتېگىيە بويىچە ھەرىكەت قىلدى ۋە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان تەھدىتكە دۇچ كەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئىككى دۆلەت كۈچىگە باھا بەرگەندە ئوخشاش ئامىللار بويىچە باھا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. **(15)** **1982**-يىلى بەش بۇرجەكلىك

بىنانىڭ ساپ مۆلچەرلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئاندرىۋ مارشال (**Andrew Marshall**) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكانىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى مۆلچەرلەشتىكى پەرق توغرىسىدىكى ئەسىرىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتكەن:

ئىستراتېگىيە تەڭپۇڭلۇقىنى مۆلچەرلەشتىكى ئاساسىي ئۆلچەم – بىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى، مۆلچەرەشتە سوۋېتقا قاراتقان ئۆلچەممىز بولۇشى كېرەك. بىراق، بۇ ئامېرىكانىڭ نىسبەتەن پەرقلىق پەرەز بويىچە ئېلىپ بارىدىغان ئۆلچەمىنى ئاساس قىلماسلىقى كېرەك. سوۋېتنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆلچىشى رېئال شارائىت ۋە نىشان توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوخشىمىغان ئۆزگىرىشچان مىقدارلارغا ئېتىبار بەرگەن، باشقا خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان ۋە ئۇنۇمچانلىقى يۇقىرى ئۆلچەملەرگە مۇراجىئەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم، يەنە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق جەريان ۋە مېتودلارغا باھا بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۆلچەرلىشى ئامېرىكانىڭ مۆلچەرلىشى بىلەن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ چىقىدۇ. **(16)**

ئىككىنچىدىن، ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقى مۇناسىۋىتى داۋامىدىكى نىسپىي ئورنى كۆپ قىسىم ھاللاردا سۇبيېكتىپ چۈشەنچىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، مەزكۇر دۆلەتلەر بۇنى ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تولۇق ھېس قىلالايدۇ. ئەنگىلىيىلىك بۈيۈك سىياسىئون لورد بولىڭبروك (**Lord Bolingbroke**) مۇنداق دېگەن:

ئادەتتىكى كۆزەتكۈچىلەر كۈچ ئۆلچىمىنىڭ ئۆزگۈرۈشىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. ئاستا-ئاستا كۈچىيىۋاتقان ئادەم كۈچىنى دەرھال ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. شۇنداقلا، غەلىبىلىك ئۆتمۈشلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ ئاتا قىلالايدىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى بۇ خىلدىكى تەڭپۇڭلۇق ئۆزگۈرۈشىنى كۆزىتىشتتۇر. ئۇلار دائىملا ئوخشاش ئۇسۇلدا، ئوخشاش بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن خاتا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە خەۋپ يەتكۈزەلمەيدىغان كۈچلەردىن داۋاملىق تۇردە قورقىدۇ. ياكى، ئۇلار كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان كۈچتىن ھېچقانداق خەۋپسىرەش ھېس قىلماسلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. **(17)**

بەزى ئامېرىكا ئالىملىرى بۇ تەڭپۇڭلۇقنىڭ خىتايغا قاراپ سىلجىغانلىقى، ياكى كەلگۈسىدە خىتايغا سىلجىيدىغانلىقى قارىشىنى رەت قىلىدۇ. تۇفتس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مايكېل بېكلي (**Michael Beckley) 2011**-يىلى «ئامېرىكا چۆكۈۋاتقىنى يوق. ئەكسىچە، ئامېرىكا **1991**-يىلىدىكى خىتايغا سېلىشتۇرغاندا، نۆۋەتتە تېخىمۇ بېيىپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، ھەربىي جەھەتتە تېخىمۇ كۈچەيمەكتە.»**(18)** «خىتاي كۈچەيمەكتە، ئەمما، ئامېرىكاغا يېتىشۋالغىنى يوق» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.**(19)** ئەلۋەتتە، بۇ ئىككىلى خىل مۇلاھىزە خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ ئۆز كۈچىنى ۋە بىر-بىرىنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلىشىگە باغلىق. **(20)**

يەنە كېلىپ، ئوخشىمىغان دۆلەتلەر كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئوخشىمىغان شەكىلدە مۆلچەرلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بېيجىڭ بەلكىم ئامېرىكانىڭ قوشۇلىشىدىن ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. يۈز يىللىق مارافوننىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئون يىلىدا بۇ ھال بەلكىم ئۆز-ئارا خاتا چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سوغۇق ئۇرۇشقا سەۋەب بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى.**(21)**

مارافون غەلىبىسىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتايلار ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى جەڭگىۋارلىق بوشلۇقىنى كۆرۈپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ جىددىي ئەۋزەللىكلىرى ئۆز دۆلىتىگە يېقىن بولغان جايلاردا ئىدى. جەنۇبتا ۋېيتنام، فىلىپپىن، مالايسىيا، برۇنى، شەرقتە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن خىتاي ئارىسىدا جىددىيچىلىك كۆرۈلۈدى.

خىتاي 2010-يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆز زېمىنىنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىدىكى ئاراللاردا زېمىن داۋاسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەچچە ئەسىرلىك خەرىتىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، بۇ ئارالللار بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. 2010-يىلى، 5-ئايدا ئامېرىكا بىلەن ئۆتكۈزگەن يىغىندا، خىتاي نەنشا تاقىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە بېلىق مەھسۇلاتلىرى مەنبەسى مول بولغان، ۋېيتنام ۋە فىلىپپىنىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن جايلارغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئون مىڭ كۋادرات مېل دائىرىسىدىكى دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.(22)

دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھىلارىي كىلىنتون ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن ئۇنىڭ جەنۇبىتىكى قوشنىلىرى ئارىسىدىكى سۈركىلىشلەرنى ھەل قىلىش ئارزۇسىنى بايان قىلغاندا، بۇ ھال خىتاينىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. نەتىجىدە، ۋېيتنام ۋە فىلىپپىن كېمىلىرى ئارىسىدا ئايلارچە سوزۇلغان قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.(23) فىلىپپىن پرېزىدېنتى بېنىگنو س. ئاكۋىنو 3 بۇ خىل ئەھۋالنى 1938-يىلىدىكى چېخ-سلوۋاكىيەنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ مۇنداق دېدى:«سەن قاچان <بولدى بەس!> دەيسەن؟ شۇنىسى ئېسىڭدە بولسۇنكى، سۇدېتېنلەند (Sudetenland) ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى توسۇپ قېلىش مەقسىتىدە ھېتلىرغا بېرىۋېتىلگەن.»(24) خىتاي بولسا ئاكۋىنونىڭ بايانلىرىنى «نومۇسسىزلىق» دەپ ئاتىدى.(25)

بىراق، خىتاينىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان جىددىيچىلىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. بەزى خىتاي يازغۇچىلىرى ياپونلۇقلارنى «شالغۇت ئىرىق»، ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى چاپانچىسى دەپ ئاتىدى. ياپونلارنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خىتاينى رەھىمسىزلەرچە بېسىۋېلىشىمۇ خىتايلارنىڭ ياپونلۇقلارغا قارىشى غەزەب-نەپرىتىگە سەۋەب بولغان. شەرقىي خىتاي دېڭىزىدا ياپونىيەدىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ چىققان قورام تاشلار قاتارى كىچىك كۆلەملىك سۈركىلىشلەرنىڭ مەيدانى بولۇپ قالدى. بۇ سۈركىلىشلەر كىچىكرەك بىر مەيدان دېڭىز ئۇرۇشىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

2010-يىلى، 7-سېنتەبىر كۈنى خىتاينىڭ بېلىقچىلىق كېمىسىدىن بىرى ياپونىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدا تالاشتا قالغان سىنكاكۇ (دياۋيۇ) ئارىلىدا ياپونىيەنىڭ چارلىغۇچى پاراخوتى بىلەن سوقۇشۇپ كەتكەن. خىتاي بېلىقچىلىق كېمىسىنىڭ باشلىقى ۋە خىزمەتچىلىرى ياپونلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ياپونغا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ۋەقە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.(26) بۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش سۈپىتىدە، خىتاي ياپونغا سىرەك تۇپا ئېكسپورت قىلىشنى توختىتىپ قويغان، شۇنداقلا تۆت نەپەر ياپونىيە پۇقراسىنى خىتاينىڭ چەكلەنگەن ھەربىي رايونغا كىرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇتقۇن قىلغان.(27)

خىتاينىڭ ئالتە دانە دېڭىز چارلىغۇچى پاراخوتى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ياپونىيە پاراخوتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىشىۋېلىشىغا قارىماي سېنكاكۇ (دياۋيۇ) ئارىلىغا بۆسۈپ كىرگەندە، بۇ ھال مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىدى.(28) بۇ ۋەقە خىتاي دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ سىنكاكۇ ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن يۈز بەردى.(29) بۇ ۋەقە خىتاي چارلىغۇچى پاراخوتلىرىنىڭ بەزىدە ئارال رايونىدا بىر قېتىمدا ھەپتىلەپ ھەرىكەت قىلىدىغان خىتاي كېمىلىرى بىلەن بىللە، ئارال رايونىدىكى چارلىشىنىڭ بىر نەچچە ئايلاپ كۈچىيىشىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى مېنى ھەيران قالدۇردى.(30) دەل مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى سىنكاكۇ ئاراللىرىغا تەۋە شەخسىي ئىگىدارچىلىقتىكى بىر نەچچە ئارالنى ئىگىلىرىدىن سېتىۋالغاندا، خىتاينىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك ياپونغا قارشى نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى.(31) مىڭلىغان خىتاي نامايىشچىلىرى بېيجىڭدىكى ياپون ئەلچىخانىسىنى قورشىۋالدى، باشقىلار بولسا ئونلىغان خىتاي شەھەرلىرىدە ياپونغا قارشى نامايىش قىلدى.(32) خىتاي ھۆكۈمىتى «ياپونىيە خىتاينىڭ ھەق-ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى، سىلەرنىڭ ئۆز كۆز قارىشىڭلارنى بايان قىلىشىڭلار تولىمۇ تەبىئىي ئىش» دېگەن مەزمۇندىكى بايانلارنى

رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا تارقىتىش ئارقىلىق نامايىشچىلارغا يانتاياق بولدى.(33)

**2013**-يىلى، **23**-نويابىر خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى شەرقىي دېڭىزدا ھاۋا مۇداپىئەسى تونۇش رايونى تەسىس قىلغانلىقىنى جاكارلىغاندا، بۇنىڭغا قارشى ئىنكاس قايتۇرۇشمىزغا توغرا كەلدى. گەرچە ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەر ئۆتمۈشتە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋا مۇداپىئەسى تونۇش رايونىنى ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ جاكارنامىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى، خىتاي ئۆز جاكارنامىسىدە ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى ئېلان قىلغان تونۇش رايونىدىن ئۇچۇپ ئۆتمەكچى بولغان ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش پىلانىنى خىتايغا مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە تېخى خىتاي تەرەپ ھاۋا مۇداپىئەسى تونۇش رايونى باش شتابى بىلەن رادىئو ئالاقىسىدە بولۇشنى كېرەكلىكىنى شەرت قىلغان ئىدى.(34) بېيجىڭنىڭ جاكارنامىسىدىن ئازغىنە ۋاقىت كېيىن، مەن ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چاك ھاگىل (Chuck Hagel) نىڭ ئىككى دانە B-52 تىپلىق ئامېرىكا ئايروپىلانىنىڭ بېيجىڭ بەلگىلىگەن كۆزىتىش رايونىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشىگە يولىيورۇق بېرىش ئارقىلىق، ئامېرىكانىڭ بېيجىڭنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇشى مېنى خۇشال قىلدى. مەن ھاگىلغا خىتاينىڭ بۇنىڭغا قارشى ئىنكاس قايتۇرمايدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەن ئىدىم.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ياپونىيە نامايىشچىلىرىغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:«ياپونىيە تەرەپنىڭ خىتايغا قارشى مەسئۇلىيەتسىز ۋە يامان نىيەتلىك ئەيىبلەشلەردە بولۇش ھوقۇقى يوق»، «بىز ياپونىيە تەرەپنى خىتاينىڭ زېمىن ئىگىدارچىلىقى ھوقۇقىنىڭ ئۇلىنى كولايدىغان ھەر قانداق تۈردىكى ھەرىكەتلەرنى توختىتىشقا چاقىرىمىز.»(35) ياپونىيە باش مىنىستىرى شىنزو ئابې **2014**-يىلى يانۋاردا، شۋېتسارىيەنىڭ داۋوستا ئېچىلغان دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىدا، ياپونىيە بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي دېڭىزدىكى ئاراللار توغرىسىدىكى سۈركىلىش مۇناسىۋىتىنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى گېرمانىيە بىلەن بىرىتانىيەنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ، گەرچە شۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان بولسىمۇ، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۇلارنى بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇپ قالالمىغانلىقىنى قەيت قىلدى. (36)

ياپونىيەنىڭ ئۆزىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز رايونىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان (خىتاي تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان) چەكتىن ئاشقان قىلمىشلارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق سىناقلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، بېيجىڭ ئۇرۇشقان بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت «دۈشمەن دۆلەت — بۇ يەردە ياپونىيە — تىكى قاتتىق قوللارنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ كەلدى. خىتاي ئاسىيا مىقياسىدا، ھەتتا ياپونىيە پۇقرالىرىغا قارىتىمۇ ياپونىيەنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. (كىشىلەرگە) يەتكۈزۈلمەكچى بولغان ئۇچۇر يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىدى: «ياپونىيەدىكى قاتتىق قوللار خۇپىيانە ھالدا ياپونىيەنىڭ **1930** – يىللاردىكى مىلىتارىستلىق ئۇسلۇبىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار چوقۇم سىياسىي جەھەتتىن يارامسىز دەپ قارىلىشى كېرەك». خىتاي ياپونىيەنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «بىزچە ياپونىيەنىڭ بايلىقى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئىتتىپاقداشلىقىدىن ئىبارەت ئورنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن <ھارام بايلىق>تۇر» دېگەن ئۇچۇرنى تارقاتتى. لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئارن ۋېستاد (**Arne Westad**) بۇ خىل ھادىسىنى «دۆلەت (خىتاي) قوللىغان، ياپونىيەگە قارشى زەھەرخەندە مىللەتچىلىك» دەپ ئاتايدۇ (37). (خىتايغا كۆرە، ياپونىيە، كورىيە، ۋېيتنامغا ئوخشاش) «كۇڭزىچىلىق كۇلتۇرى رايونى»دىكى دۆلەتلەر كونا

ئېمپېرىيەنى تىرىلدۈرمەن ياكى ئامېرىكاغا ئوخشاش يات زومىگەر بىلەن ئېتتىپاقلىشىمەن دەپ يۈرمەيدۇ، خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك (38). 2013 - يىلى خىتاي ۋە ياپونىيە پۇقرالىرىنىڭ قارشى تەرەپكە قانداق قارايدىغانلىقىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان راي سىناش نەتىجىسى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تۈرتكە بولالايدۇ (39). خىتايدىكى «خەلق گېزىتى» ۋە ياپونىيەدىكى «Genron NPO» ئاقىللار ئامبىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ راي سىناشتا، 1805 نەپەر ياپونىيەلىك ۋە 1540 نەپەر خىتاي پۇقراسىدىن قارشى تەرەپكە (دۆلەتكە) قانداق قارايدىغانلىقى سورالغان. راي سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، راي سىناشقا قاتناشقان توقسان پىرسەنت خىتاي ياپونىيەنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، بۇ نىسبەت ئالدىنقى يىلىدىكى 62 پىرسەنتتىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، راي سىناشقا قاتناشقان توقسان پىرسەنت ياپونىيەلىكمۇ خىتاينى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ياكى ئانچە خوشى يوقلۇقىنى ئېيتقان. ھالبۇكى، بۇ نىسبەت شۇنىڭ ئالدىنقى يىلى 84.3 پىرسەنت بولغان. راي سىناش نەتىجىسىگە كۆرە، ئارىدىكى دۈشمەنلىك توققۇز يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىققان. راي سىناشقا قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى «خىتاي - ياپونىيە ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك نېمىشقا بۇنچىۋالا كۈچىيىپ كېتىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋابەن، بۇنىڭغا سېنكاكۇ (دياۋيۇ) ئارىلى سەۋەب بولدى، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. راي سىناشقا قاتناشقان خىتايلارنىڭ 77.6 پىرسەنتى ۋە ياپونىيەلىكلەرنىڭ 53.2 پىرسەنتى سېنكاكۇ ئارىلى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشنى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى نەپرەتنىڭ ھالقىلىق مەنبەسى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ خىل ئۆچمەنلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى تارىخىي ئۆچمەنلىك بولۇپ، راي سىناشقا قاتناشقان خىتايلارنىڭ 63.8 پىرسەنتى «ياپونىيە خىتايغا تاجاۋۇز قىلغانلىق قىلمىشىغا قارىتا سەمىمىي كەچۈرۈم سورىمىدى ھەم ھەقىقىي پۇشايمان قىلمىدى» دېگەن نۇقتىنى ياپونىيەگە قارىتا سەلبىي پوزىتسىيەدە بولۇشىغا سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇ قېتىملىق راي سىناشتا ئوتتۇرىغا چىققان، ئادەمنى ئەڭ پەرىشان قىلىدىغان يەكۈن شۇ بولۇشى مۇمكىن: راي سىناشقا قاتناشقان خىتايلارنىڭ 52.7 پىرسەنتى ۋە ياپونىيەلىكلەرنىڭ 23.7 پىرسەنتى كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا خىتاي بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

خىتاينىڭ ياپونىيەگە قاراتقان ئۆز بېشىمچى مەيدانى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ مارافوندا ئۇتتۇنلۇكنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت نىشانىغا زىت بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېھتىياتچان ۋە تاكتىكچى خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكادىن قورقماس بولۇپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ مەزكۇر رايون (ئاسىيا)دىكى ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى (ياپونىيە)نىڭ چىشىغا تېگىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ياپونىيە بىلەن تۇتۇشىشى، ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان يوشۇرۇن تىركىشىشىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. يەنى ئەگەر خىتاي ياپونىيەنى ئاجىزلاشتۇرالىسا، تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا يىقىلىۋاتقان زومىگەر (ئامېرىكا)نى ئاجىزلاشتۇرالايدۇ.

2013 - يىلى، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مەلۇم جەھەتتىن خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى مۇشتۇمزورلىقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەققىدە كېلىشتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى مۇھىم ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. مەزكۇر كېلىشىمنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ چارلىغۇچى ئايروپىلانلىرى ياپونىيەگە ئەۋەتىلدى ۋە بۇ ئايروپىلانلار شۇ ئەتراپتىكى، شۇنداقلا سېنكاكۇ ئارىلىنىڭ ئەتراپى ۋە (خىتاي بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا) تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان پۈتۈن تاقىم ئاراللارنىڭ ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېڭىز رايونلىرىنى چارلىدى. (شۇ ۋاقىتتىكى) ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى جون كېررىي (John Kerry) ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چاك خاگېل (Chuck

Hagel) بىۋاسىتە توكيوغا بېرىپ مەزكۇر كېلىشىمنى ئىمزالىدى. ئامېرىكا (خىتاي بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىكى) تالاش – تارتىشتا بىتەرەپ تۇرماقچى بولغاندا، خاگېل ئامېرىكا – ياپونىيە بىخەتەرلىك كېلىشىمىگە ئاساسەن، ياپونىيە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونىيەنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ (تالاش – تارتىش قىلىنىۋاتقان) ئاراللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ياپونىيە رەھبەرلىرى ياپونىيەنىڭ «خەلقئارالىق تالاش – تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنى ئىشلىتىشنى چەكلەيدىغان، پەقەت دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھەربىي كۈچ ھازىرلاشقىلا يول قويىدىغان» تىنچلىقپەرۋەر ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئوچۇق – ئاشكارا ئېغىز ئاچتى. ئادەتتە تولىمۇ ئېھتىياتچان ياپونىيەلىكلەر بۇ قېتىم خىتاي بىلەن بولغان ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت ۋە خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن باشباشتاقلىقىنىڭ خەتىرى ھەققىدە تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماي، بىۋاسىتە توختالدى. خىتاي ياپونىيەنىڭ ھەربىي قۇرۇلۇش پىلانىغا ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى بىرىتانىيە بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدىكى دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇلۇشى رىقابىتىنىڭ (خىتاي بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا) قايتا كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىگە قارىتا ناھايىتى جىددىي ئىنكاس قايتۇردى. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، خىتاي ياپونىيەنىڭ ھەربىي تەرەققىياتىغا قارىتا ھەرۋاقىت مۇشۇنداق سەلبىي پوزىتسىيەدە بولۇپ كەلگەن ئەمەس. خىتايلار ئىلگىرى ياپونىيەنى دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن ئۈچ پىرسەنتىگە ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەنىدى. دېڭ شياۋپىڭ 1978 – يىلى ياپونىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ئۆزىنىڭ «ياپونىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى قوللايدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەنىدى (40) (بۇنداق بولۇشىدا، ئەينى چاغدا) خىتاي سوۋېتقا قارشى يېڭى ئىتتىپاقداش ئىزدەۋاتاتتى (41). ھالبۇكى، شۇنىڭدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىشقا بولغان مۆلچەرى ئۆزگەردى – دە، 1988 – يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى خۇەن شياڭ ياپونىيەنى قاتتىق تەنقىدلىدى (42).

ياپونىيەدىكى دېموكراتىيەنىڭ مۇقىملىقىغا قارىتا گۇمانلار خىتايدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. نۆۋەتتە، نۇرغۇن خىتاي تەتقىقاتچىلار «ياپونىيە ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتىپ كونا ئىمپېرىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى» دەپ قارايدۇ. خىتاي تەھلىلچىلەر دائىم ياپونىيەدىكى سىياسىيونلارنىڭ ياسۇكۇنى بۇتخانىسىنى زىيارەت قىلىشى ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشىدۇ. مەزكۇر بۇتخانا ياپونىيەدىكى شىنتو دىنى بۇتخانىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە 1867 – يىلىدىن 1951 – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جەڭدە ئۆلگەن ياپونىيەلىكلەر دەپنە قىلىنغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىمۇ بار. خىتايدىكى مەزكۇر تەھلىلچىلەر بۇ خىل زىيارەتلەرگە «خىتايدا تېخىمۇ ئېغىر كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان مەنىۋى سەپەرۋەرلىك» دەپ تەبىر بېرىشىدۇ (43). نۇرغۇن خىتاي ئىستراتېگىيەچىلەر ياپونىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ زورىيىشى مۇقەررەر ھالدا «تىزگىنلىگىلى بولماسلىق» بىلەن نەتىجىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ (44).

ياپونىيە مىلىتارىزىمىنىڭ كېلەچىكى خىتايلارنى بىئارام قىلدى. خىتايدىكى ئەڭ ئاشقۇن مىللەتچىلەردىن بىرى دەپ تونۇلغان، سابىق خىتاي باش مىنىستىرى لى پېڭنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان خې شىن 1988 – يىلى «ياپونىيەنىڭ بايلىق تاران – تالاج قىلىشقا بولغان تەلپۈنۈشى ئۇنى خىتاينى <مۇستەملىكە قىلىۋېلىش>قا قۇترىتىدۇ. ياپونىيە ھېچقاچان ئۇزاقتىن بۇيانقى خەلقئاراۋى ئىستراتېگىيەلىك نىشانىدىن ۋاز كېچىپ باقمىدى ... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىدا، ياپونىيە خىتاينى تامامەن پارچىلىۋېتىشنى ۋە يالغۇز قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ» دېگەنىدى (45).

ئۇنىڭدىن كېيىن، 1995 – يىلى 11 – ئايدا، خىتاي ئامېرىكانىڭ ئوكىناۋادىكى بازىسىنى تاقاشقا چاقىرىق قىلدى ۋە سوغۇق ئۇرۇش ئاياغلىشىپ بولغان شارائىتتا، ئامېرىكا بىلەن

ياپونىيەنىڭ ئۆزئارا بىخەتەرلىك كېلىشىمى ئىمزالىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بار – يوقلۇقىغا بولغان گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى (46). خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتىدىكى لۇ گۇاڭيى بۇ جەھەتتە چەكتىن ئېشىپ مۇنداق دەيدىغان دەرىجىگە باردى: «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ياپونىيە – ئامېرىكا ھەربىي ئىتتىپاقى مۇستەبىت (ئامېرىكا)نىڭ زورلۇق – زومبۇلۇق قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئىككى قارا قولغا ئايلاندى» (47).

خىتاينىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئاقىللار ئامبىرى ـــ «ھازىرقى زامان خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ جوڭۋېي «ئاسىيانىڭ دىپلوماتىك تارىخىدا، قۇدرەتلىك خىتاي بىلەن قۇدرەتلىك ياپونىيە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەھۋال كۆرۈلگەن ئەمەس» دېگەن (48). خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى گاۋ خېڭمۇ «ئامېرىكانىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىشى ياپونىيەدىكى مىلىتارىزىمنى يىلتىزىدىن يوقىتالمىدى» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئامېرىكا ياپونىيەنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە ئۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، چاۋشيەنگە ۋە خىتايغا قارشى پايدىلىنىشنى ئويلىغان بولغاچقا، «ياپونىيەنىڭ دۆلەت ماشىنىسازلىق شىركىتى ۋە ئۇرۇش ماشىنىسازلىق شىركىتىنى شۇ پېتى ساقلاپ قالغان (پەقەت ئىسمىنىلا ئۆزگەرتكەن خالاس)» (49). خىتاي تەتقىقاتچىلىرى ياپونىيەنىڭ «خىتاينىڭ تېررىتورىيە سىياسىتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقانلىقىنى ۋە نەنشا (ياكى سىپراتلى) ئارىلى ۋە دياۋيۈ (ياكى سېنكاكۇ) ئارىلىدا خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلىۋاتقانلىقى»نى كۆرسەتكەن (50). خىتايدىكى قەلەمكەشلەر يەنە ياۋروپادىكى بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق مەجلىسىگە تەقلىدەن ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان رايون خاراكتېرلىك مۇنبەر بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئاتالمىش «مىيازاۋا تەلىماتى»نى شۇنچىكى پەردازلانغان خىتاينى چەكلەش ئۇرۇنۇشى دەپ تەنقىدلەشكەن. نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 1993 – يىلىدىكى بىر خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەلۇم بىر خىتاي ئەمەلدارى خىتاي ھەربىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياپونىيەنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىغا ماس قەدەمگە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن «بەش يىللىق يىرىك پىلان»نىڭ دائىرىسىدە قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىغان (51).

ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ چىققانلىقى خىتاينىڭ كۆز ئالدىدىكى باش قېتىنچىلىقىدىن بىرىدۇر. خىتاينىڭ تەپسىلىي ئىزاھاتلىرىدا يەنە ياپونىيەنىڭ يادرو قورالى ۋە ئاۋىياماتكىغا ئىگە بولۇش نىشانىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن (52). شۇنداقلا، خىتاي تەھلىلچىلىرى يەنە «ياپونىيە ئاللىقاچان ئاۋىياماتكىنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغان تىرانسپورت پاراخوتلىرىغا ئىگە بولۇپ بولدى» دېيىشىدۇ (53). ھەتتا، يادرو قورالى مەسىلىسىدىمۇ، بەزى خىتاي تەھلىلچىلىرى ياپونىيە كەلگۈسىدە ھىندىستانغا ئوخشاش يادرو قورالىغا ئىگە دۆلەتكە ئايلىنىدۇ دەپ پەرەز قىلىشماقتا. دىڭ باڭچۈەن خىتاي ھەربىي ئىشلار ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيانىڭ ھەربىي يۈزلىنىشى» ناملىق ژۇرنالدا «شۇنىسى شەكسىزكى، ياپونىيە يادرو بومبىسى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە... ياپونىيە خەلقئارانىڭ نازارىتىدىن ساقلىنىپ تۇرۇپ، يوشۇرۇن ھالدا يادرو قورالىنى تەتقىق قىلالايدۇ» دەيدۇ (54).

***

2009 – يىلى، خىزمەتداشلىرىم ۋە مەن خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرى ھەققىدە قانداق ئويلايدىغانلىقى توغرىسىدا يەنىلا خاتا پەرىزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندۇق. بىز خىتاينىڭ ئامېرىكاغا ۋە ئۆزىنىڭ قوشنىلىرىغا قاراتقان يېڭى ھۆججەتچان مەيدانىنى خاتا چۈشىنىۋالغاندۇق، چۈنكى بۇ بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مۆلچەرىمىزگە زىت ئىدى، شۇنداقلا بىزنىڭ خىتايدىكى ئالاقىچىمىز خىتاينىڭ بارغانسېرى ئۇرۇشخۇمارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ ئاللىقانداق چوڭ پىلانىنىڭ بىر

پارچىسى ئەمەسلىكى ھەققىدە بىزنى خاتىرجەم قىلغانىدى. مەن مۇشۇ خىل دىپلىغۇللۇق ئارقىلىق خىتايغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بىردىنبىر ئادەم ئەمەس ئىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېنىڭ مارافون ئىستراتېگىيەسىگە بولغان چۈشەنچەمگە كۆرە، بۇ تېخى مارافوننىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ئەمەس ئىدى، مارافون ھەرگىز پات يېقىندا ئاياغلاشمايتتى. خىتاينىڭ قارىماققا مەقسەتسىزدەك كۆرۈنىدىغان بىر يۈرۈش ئۇرۇشخۇمار قىلمىشلىرى ئامېرىكالىقلارنىڭ تالاش – تارتىش قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. خىتاينىڭ تارقىتىۋاتقان سىگنالى «بۇ خىل پارچە – پۇرات ھەرىكەتلەرنى بىر – بىرىگە باغلايدىغان ئۆرنەك ياكى ئىستراتېگىيە يوق» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى «خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيەسى يوق» دېگەن سىگنالغىمۇ ئۇيغۇن ئىدى. دەرۋەقە، خىتاينىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئامېرىكاشۇناسلىرىدىن بىرى بولغان ۋاڭ جىسى «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىدا مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغانىدى (55).

مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم «خىتاي بارچە ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكادىن ئىبارەت زومىگەرنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ساقلىنىدۇ. شۇنداقلا، خىتاينىڭ ئامېرىكاغا ھەيۋە قىلالىغۇدەك ئىقتىسادي ۋە ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ كەم دېگەندىمۇ يىگىرمە يىل كېتىدۇ» دېگەنلەرگە قەتئىي ئىشىنەتتۇق. بۇ «خىتاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈرۈنۈشى ــ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز قوشنىلىرى ۋە ئامېرىكاغا ھۇجۇمچانراق مۇئامىلە قىلىش بولىدۇ» دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، تاكى **2014** – يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى دۆلەت مەجلىسىگە (خىتاينىڭ قىلمىشلىرى توغرىسىدا) بىر خىل باشباشتاشلىق ئۆرنىكى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇنى بايقاشقا نېمىشقا بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ؟

خىتاينىڭ تەيۋەنگە تۇتقان مەيدانىنىڭ نىسبەتەن مۆتىدىل كۆرۈنۈشى ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە مېنىڭ خىتاينىڭ بارغانسېرى باشباشتاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىزغا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرىدۇر. **2000** – يىللاردا خۇ جىنتاۋ ھۆكۈمىتىدىن باشلاپ، خىتاي تەيۋەنگە ھەربىي كۈچ ئارقىلىق تەھدىت سېلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۇمشاقراق، ياپتىراق چارىلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارال (تەيۋەن) ھۆكۈمىتىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدىكى ئىقتىسادي ۋاستىلەر ئىدى **(56)**. خىتاي ئەنە شۇ رەۋىشتە تەيۋەن ھاكىمىيىتى، ئۆكتىچى پارتىيەلەر، كارخانا خوجايىنلىرى، تارانتقۇ ۋە ئاما ئارىسىدا زور تەسىرگە ئېرىشتى. ئېيتىلىشىچە، خۇ جىنتاۋ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىگە «تەيۋەننى ”سېتىۋېلىش“ ئۇنى بويسۇندۇرۇشتىن ئاسان ھەم تەننەرخى تۆۋەن» دېگەنىكەن **(57)**. خىتاي بىلەن تەيۋەن **2009** – يىلى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىقتىسادي مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادي ھەمكارلىق رامكىسى كېلىشىمى ئىمزالىدى. (مەزكۇر كېلىشىمنىڭ نەتىجىسىدە) ھازىر ھەر ھەپتىسى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەيۋەن ئارىسىدا **700** قېتىمغا يېقىن ئايروپىلان قاتنايدۇ، **2013** – يىلى ئىككى مىليون **800** مىڭ خىتاي پۇقراسى تەيۋەننى زىيارەت قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، بېيجىڭ كۆپىنچىسى ئىككى قىرغاقنىڭ دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىدىغان تەيۋەن سودا ساھەسىدىكى سەرخىللار بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈچۈن بىۋاستە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. خىتايغا مايىل تەيۋەن سودىگەرلىرى تەيۋەندىكى ئاساسلىق گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى سېتىۋالغان بولۇپ، شۇنىڭ سايىسىدە بېيجىڭ بۇ تارانتقۇ ساھەلىرىگە ۋە خىتاينىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلغان باشقا ساھەلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان **(58)**.

**2013** – يىلى كۈزدە خىتايغا سەپەر قىلغان ۋاقتىمدا، مەن ئاندىن قانچىلىك ئېغىر خاتالاشقانلىقىمىزنى ۋە خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى ئامېرىكانىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قانچىلىك چاققان ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. (ئۇ كۈنى بېيجىڭنىڭ ھاۋاسى ئوچۇق ۋە سالقىن ئىدى، لېكىن ئەتىگەنلىك قاتناش قىستاڭچىلىقى ئادەتتىكى-

دىنمۇ ئېغىر ئىدى. مىليوندىن ئارتۇق شەھەر ئاھالىسى ئۇدا بىر ھەپتە ياغقان يامغۇردىن كېيىن كەلگەن ياخشى ھاۋانىڭ شەرىپىگە سەيلى – ساياھەت قىلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا ماڭغانىدى. مېنىڭ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ يەتتە مىل غەربىدىكى پىرىزدېنت دەرىجىلىك مېھمانسارايدا ئېچىلىدىغان، بەش نەپەر خىتاي گېنېرالى ۋە ئاتمىش نەپەر بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسى قاتنىشىدىغان ئىككى كۈنلۈك يىغىنغا كېچىكىپ قالغۇم يوق ئىدى. شۇڭا مەن بىر سائەت بۇرۇن يولغا چىقىپ، تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئالدىدىكى يول بىلەن مېڭىپ، خىتاي سىياسي بيۇروسىنىڭ مەخپىي يىغىن مەركىزىدىن ئۆتىدىغان لىنىيەنى تاللىغانىدىم. ئەمما، بۇ تولىمۇ ئېغىر خاتالىق بولغانىدى. جىمىدە تۇرغان ماشىنىلار چاڭئەن كوچىسىنى بويلاپ، كەمىدە بىر مىلغىچە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. شوپۇر توختىماي ئۇھ تارتاتتى. مەن ئۇنىڭغا زىنجىنچېڭ (紫禁城)نىڭ قىزىل تېمىنى بويلاپ ئوڭغا قېيىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن سولغا قېيىپ، شىمالغا مېڭىشنى ئېيتتىم.

مەن بۈگۈن خىتايچە سۆزلىنىدىغان، نۆۋەتتىكى ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا ئالاقىدار مۇنازىرەمنىڭ خاتىرىسىنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقتىم. مېنىڭ مۇنازىرە رەقىبىم خىتايدىكى ئەڭ داڭلىق ھەربىي قاتتىق قوللارنىڭ بىرى، مايور گېنېرال جۇ چېڭخۇ ئىدى. ئۇ **2005** – يىلى خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئۆچ ئېلىش تېپىدىكى يادرو قورالى ئۇرۇشى لايىھەسىنى ئاشكارىلاپ، پۈتۈن دۇنيا تاراتقۇلىرىنىڭ باش بېتىدىن ئورۇن ئالغانىدى (**59**). شۇنىڭغا ماس كەلگەن ھالدا، يىغىن تېمىلىرىنىڭ بىرى «كەلگۈسى يادرو تەڭپۇڭلۇقى ۋە قورال كونتروللۇقىنىڭ كېلەچىكى» ئىدى. يەنە بىر نەپەر قاتتىق قول، خىتاينىڭ كىلاسسىك ھەربىي ئوقۇشلۇقى «ئىستراتېگىيە ئىلمى»نىڭ ئاپتورى، مايور گېنېرال پېڭ گۇاڭچيەنمۇ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى قانداق مۆلچەرلەش توغرىسىدا سۆزلىمەكچى ئىدى. (يىغىندا يەنە) خىتاينىڭ قانۇنچىلىق پروفېسسورلىرى بېيجىڭنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى توغرىسىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى جاكارىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەتتى.

شوپۇرۇم مېنى مەنزىلگە ۋاقتىدا ئاپىرىپ قويدى.

مەن «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ئىشخانىسىدىن جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاش» ماۋزۇلۇق لېكسىيەمنىڭ يېڭىلا تامغا بېسىلغان ئېنگلىزچە ۋە خىتايچە نۇسخىلىرىنى (يىغىن ئەھلىگە) تارقىتىپ بەردىم.

مەزكۇر لېكسىيە بۇ قېتىملىق ئىككى كۈنلۈك يىغىندا غۇلغۇلا قوزغاش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. بۇ مېنىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتايدا قاتناشقان ئۈچ قېتىملىق ھەربىي يىغىندا قوللانغان تاكتىكام ئىدى. بۇ تاكتىكام خىتايچىدە « 抛砖引玉 » «خىش تاشلاپ قاشتېشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش» (يەنى ئۆزىنىڭ يۇزەكى كۆز قارىشىنى سۆزلەپ، باشقىلارنىڭ قىممەتلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇزۇش) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يىغىن خىتايلارنىڭ قانداق قىلىپ كەلگۈسى ئوتتۇز بەش يىلدا مارافوننى تاماملايدىغانلىقى توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق كۆز قارىشىنى بىلىۋېلىشنىڭ كەم ئۇچرايدىغان پۇرسىتى ئىدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەن بىرەيلەن ماڭا يۈز يىللىق مارافون ھەققىدىكى بىر تەمسىلنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى بەئەينى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، كۆپ باسقۇچلۇق قورشاۋ شاھمات ئويناشقا ئوخشايدىكەن. ئۇ مەزگىلدە ئاخىرقى ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەتتە ئەۋلاد پادىشاھ ئالماشقانىكەن (يەنى بۇ جەريان شۇ قەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان) (**60**). نورمال ئەھۋالدا، بىر مەيدان قورشاۋ شاھماتتا **300** ئۇرۇق بېسىلىدۇ ۋە پۈتۈن ئويۇن مۇقەددىمە، ئوتتۇرا باسقۇچ ۋە خاتىمەدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. مەزكۇر خىتايدىن يۈز ئۆرۈگۈچى ماڭا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ **2014** – يىلى خىتاينىڭ **GDP** سى ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەمما ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى تېخى ئېشىپ كېتىپ بولالمىغان بىر مەزگىلنى ھېلىھەم ئۆزىنى ئويۇننىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

مەن بۇ قېتىم بېيجىڭغا ۋاشىڭتون (ھۆكۈمەت)نىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلگەنىدىم، ماڭا خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشنى نىشان قىلغان مارافون ئىستراتېگىيەسىگە قارىتا، ئامېرىكانىڭ

قانداق تەييارلىقلارنى قىلىشى كېرەكلىكى —— تەييارلىق قىلغۇدەك ئىمكانىيەتنىڭ بار – يوقلۇق تېخى باشقا گەپ —— نى ۋە ھەربىيلەر ئارىسىدىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەتقىقات ئورگانلىرىدىكى خىتاي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مارافوننىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قانداق كۆز قاراشلىرى بارلىقىنى بىلىپ كېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈندىكى سۆھبەتلىرىمنىڭ نۇرغۇنىدا مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىدىم:

مەن خاتا ھالدا خىتاي «باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتەيلى» مېتودىنى تاكى 2049 – يىلىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە ئەنە شۇ چاغقا بارغاندا خىتاي ئاندىن ئۆزىنى دۇنيا رەھبەرلىكىگە لايىق دەپ قاراپ، ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغىشى ۋە دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بارغانسېرى «چۆكۈۋاتقان» ئامېرىكانىڭ زىيىنىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقاندا، خىتاينىڭ باشقىچە باسقۇچلۇق پىلانى بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يېڭى بىر سىنارىيەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم: (يەنى مېنىڭ «خىتاي كەمتەر ھالىتىنى 2049 – يىلىغىچە ئىزچىل ساقلاپ ماڭىدۇ» دېگەن ئەسلىدىكى پەرىزىمگە زىت ھالدا، ت) خىتاي ئۆزىنىڭ ھېسابىغا كۆرە، ئامېرىكا بىلەن بولغان كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ھەرقېتىم ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەن ھامان، شۇنىڭغا ماس ھالدا بارغانسېرى باشباشتاقلىشىدىكەن.

مېنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشنى كېچىكىپ بايقىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب، مەن خىتايلارنىڭ «بىزنىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيەمىز باشقىلارنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ۋە لايىھەلەنگەن» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنگەنىدىم. ماڭا كۆرە، خىتاي تەتقىقاتچىلار ۋە ئەمەلدارلار خىتاينىڭ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ كەلگۈسى يىگىرمە يىلدا ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىغا كۆرە، سەبىرچانلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەنىدى. ئامېرىكالىق نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا «خىتايلار كەلگۈ-

سى نەچچە ئون يىلدا (ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى) كۈچ تەڭپۇڭلۇقى خىتاي تەرەپكە ئاغمايدۇ دەپ قارايدۇ» دېيىشكەنىدى. خىتاي مۇشۇ خىل كۆز قاراشنى ھەدەپ باشقىلارغا سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاقىللار ئامبىرى ۋە خىتاي خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىدىكىلەر 2009 – يىلى بىر قاتار ئىچكى يىغىنلارنى ئېچىپ، ئامېرىكانىڭ ئىلگىرىكىدىن نىسبەتەن ئاجىزلىشىشىنىڭ خىتاي ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىشقان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالاستېير لايىننىڭ يازغىنىدەك، «(ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى) كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى دەپ قارايدىغان مۆتىدىل سادالار مەزكۇر مۇھاكىمىلەردە پاسسىپ ئورۇندا ئەمەس ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، (بۇ يىغىنلاردا) <ئامېرىكا زادى ئاجىزلاشتىمۇ – يوق؟ ئاجىزلاشقان بولسا، قانچىلىك ئاجىزلاشتى؟> دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىلمىگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە (خىتايدىكى) دىپلوماتىك ئىشلاردا ھەل قىلغۇچ قارار چىقارغۇچىلارنىڭ <كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدا چوڭ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى ياكى خىتاي ئۈچۈن زور مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتى كەلدى> دېگەن قاراشلارنى قوبۇل قىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق پاكىت يوق» (61).

لېكىن، بەزى خىتاي رەھبەرلىرى خىتاي يۈز يىللىق مارافون مۇساپىسىدە پىلانىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ دەپ قاراشقان. تەتقىقاتچىلار ۋە ئىستىخبارات خادىملىرى خىتاينىڭ پىلانىنىڭ كەمىدە ئون يىل، ھەتتا يىگىرمە يىل ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا باشلىغان (62). خىتاي رەھبەرلىرى مارافون ئىستراتېگىيەسىنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، نىشانغا قاراپ ئەڭ ئاخىرقى شىددەتلىك ئىلگىرىلەشنى باشلاش – باشلىماسلىق ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەن.

زومىگەر (ئامېرىكا)نىڭ خىتاينىڭ تېخىمۇ چوڭ ئىستراتېگىيەسىنى تۈيۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرى ھېلىھەم «ئېھتىياتچانلىق» مىزانىدىن چەتنىمەي كەلمەكتە. بۇ قىستۇرما ھەرىكەتلەرنىڭ ھەربىرى خىتاي ئۈچۈن دىپلوماتىيە سىياسىتى جەھەتتىكى «ئۇتۇق» ھې-

سابلاندى. ھەربىر مىسالدا خىتاينىڭ ئۇرۇشخۇمار ھەرىكەتلىرى كۆرۈنەرلىك سىياسىي مەنپەئەتلەرنى ھاسىل قىلدى. شۇنداقلا، گەرچە ئامېرىكا ۋە خىتاينىڭ نۇرغۇن قوشنىلىرى بۇ ئىشلارغا قاقشاپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك رەقىبلىرىگە ھېچقانداق بەدەل تۆلىمىدى.

بۇ خىل قىستۇرما ھەرىكەتلەرنىڭ ھەربىرى خىتاينىڭ (مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا بايان قىلىنغان) يۈز يىللىق مارافوندىكى توققۇز ئامىلىنىڭ بىر ياكى بىردىن كۆپىنى قوللانغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر، بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1. رەقىبىڭنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى كۆرەڭلەتكىن.

2. رەقىبىڭنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى تىزگىنلە.

3. غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق سەبىر قىل.

4. ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن رەقىبىڭنىڭ ئىدىيە – تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلا.

5. ھەربىي كۈچ ئۇزاق مۇددەتلىك رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

6. زوراۋان (ئامېرىكا)نىڭ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاشقۇن، ھەتتا ئاقىۋەتنى ئويلاشمايلا ئىش قىلىپ قويىدىغانلىقى ئېسىڭدە بولسۇن.

7. پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىشنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلما.

8. ئۆزۈڭنىڭ باشقا يوشۇرۇن رىقابەتچىلەرگە كۆرە قانداقراق سەۋىيەدە ئىكەنلىكىڭنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم سىستېمىسى بەرپا قىل ۋە ئۇنى ئىشلەت.

9. باشقىلارنىڭ دامىغا ياكى قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەرۋاقىت ھەزەر قىل.

ئامېرىكا كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، خىتاي تېخىمۇ باشباشتاقلىشىپ كېتىدىغان بىر مەزگىلنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا تەييارلىق قىلىپ قويۇشى كېرەك. بېيجىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا ئەمەلىيەتتە ئۈيغۇن بولمىغان ياكى ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەر خىتاينىڭ بېسىمىغا باش ئېگىدۇ. خىتاي ھەربىي بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قوشنىلىرى خىتاينىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، «خىتايغا يول قويۇش ئاقىلانىلىكتۇر» دەپ ئويلايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

مىسالغا ئالايلۇق، خىتاي ھىندىستاندىن دالاي لامانىڭ دارامسالا (**Dharamsala**)دىكى سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنى تاقىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. خىتاي يەنە ھىندىستانغا، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ۋە ئامېرىكاغا **1959** – يىلىدىن بېرى سۈرگۈندىكى تىبەت ھۆكۈمىتىگە بېرىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ياردەمنى توختىتىش ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىشى، ھەتتا مەجبۇرلىشى مۇمكىن. خىتاي يەنە ۋاشىڭتونغا تەيۋەنگە قورال سېتىپ بەرمەسلىك ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىشى مۇمكىن. بۇ (ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە قورال سېتىپ بېرىشى) ئىزچىل خىتاينىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلگەن ۋە جاسارەتلەنگەن خىتاي داۋاملىق سەبىر قىلىشنى خالىمايدىغان بىر مەسىلىدۇر. خىتاينىڭ يەنە بىر باش قېتىنچىلىقى خىتاي نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى «مېنىڭ زېمىنىم» دەپ دەۋا قىلىپ كەلگەن، تەبىئىي بايلىقلىرى مول قوشنا رايونلاردۇر.

خىتاي ئامېرىكانى خىتاينىڭ قوشنىلىرى بىلەن ئىمزالاشقان بىخەتەرلىك كېلىشىملىرىدىكى ھەربىيگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىيالىشى مۇمكىن. بېيجىڭ **1990** – يىللاردىن باشلاپلا مەزكۇر كېلىشىملەرنى ۋە ئامېرىكانىڭ قوللىشى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىققان قورال – ياراغ سودىلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، بۇلارنى «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاسارەتلىرى» دەپ ئاتىغان **(63)**. لېكىن، كۈچلەنگەن خىتاي ھەرگىز بۇ كېلىشىملەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ. خىتاينىڭ كۈچى ۋە ئۇرۇشخۇمارلىقى ئاشقانسېرى، شىنزو ئابى (**Shinzo Abe**) ۋە بېنىگنو ئاكىنو (**Benigno Aquino**)نىڭكىدەك قارشىلىق سادالىرى بارغانسېرى پەسىيىدۇ ۋە قىسىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئامېرىكا بۇ خىرسقا

**ئانچە كۆڭۈلشمەيۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكىمۇ ئېرىنىۋاتىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار :

**ھېكمەتيار ئىبراھىم**

**ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېسىلىدۇ. بوشلۇق ئېھتىياجى بىلەن ئىزاھاتلار قىسقارتىلدى. ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى كىتاپنىڭ 292 - 306 بەتلىرىگە قارالسۇن)**



# ھېسسىي ئەقلى

# ئۈستۈنلەر قانداق كىشىلەر

مايكېل ئاكېرس، گرووۋېر پورتېر، جاستېن بارسو

كۆنىمىزدە ھېسسىي ئەقىلنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى بارغانسېرى بىلىنمەكتە. 15 ياشلىق بالا بىلەن 50 ياشلىق ئادەمنىڭ كىشىلىك ئەقلى ياكى زېھنىي ئەقلى ( IQ) ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھېسسىي ئەقلى (EQ) ئوخشاش بولمايدۇ. زېھنىي ئەقىل تۇغما بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ، ئەمما ھېسسىي ئەقىلنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ۋە زورايتىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ تەرەققى قىلغان شىركەتلەر ئۆز خادىملىرىنىڭ ھېسسىي ئەقلىنىڭ تەرەققىياتىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. زامانىمىزدىكى مۇۋەپپىقىيەت قازانغان كىشىلەر، باشقۇرغۇچىلار، ۋە يېتەكچىلەر ئەمەلىيەتتە ھېسسىي ئەقلى ئۈستۈن بولغان كىشىلەر بولۇپ تونۇلماقتا.

## ھېسسىي ئەقىل دېگەن نېمە؟

مايكېل ئاكېرس، گرووېر پورتېر

كۆپلىگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن، تۇرمۇشىدا ۋە خىزمىتىدە ئۇتۇق قازىنىشىدا ھېسسىي ئەقىل (emotional intelligence) زېھنىي ئەقىل (IQ) تىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، كىشىلىك تۇرمۇشتا ۋە كەسىپتە ئۇتۇش قازىنىشىمىز باشقىلارنىڭ سېگناللىرىنى چۈشىنىش ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتىمىزگە باغلىق.

شۇ ۋەجىدىن، ھەممىمىز باشقىلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش، ئۇلارغا ھېسسىداشلىق قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ھېسسىي ئەقىل ئىقتىدارلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق بولمايدىكەن، مۇۋەپپىقىيەت تۇرمۇش ۋە كەسپىي ھاياتىمىزدا بىزدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر نەزىرىيىچىسى خوۋار گاردنېر (Howar Gardner) ھېسسىي ئەقىل توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:«ھېسسىي ئەقىل دېگەن سىزنىڭ باشقىلارنى چۈشىنىش، ئۇلارنى نېمىنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە ئۇلار بىلەن قانداق قىلىپ ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىش جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.»

دەۋرىمىزدە، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار ھېسسىي ئەقىل ئىقتىدارىنىڭ بەش چوڭ كاتېگورىيىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى.

ھېسسىي ئەقىلنىڭ بەش كاتېگورىيىسى تۆۋەندىكىچە:

**1**.ئۆزىنى تونۇش. سىزدە مەلۇم خىل ھېسسىيات بولغاندا، سىزدىكى ئۇنى بايقىۋېلىش ئىقتىدارى سىزنىڭ ھېسسىي ئەقلىڭىزنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى تونۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزغا ماسلىشىشىڭىز زۆرۈر. ناۋادا سىز ھېس تۇيغۇلىرىڭىزغا باھا بېرەلىسىڭىز، ئۇنى كونترول قىلالايسىز. ئۆزىنى تونۇشتا ئىككى ئامىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى – ھېس تۇيغۇسىنى بىلىش. ھېس تۇيغۇسىنى بىلىش ئۆز ھېس-تۇيغۇڭىزنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى بىلىشىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى – ئۆزىگە ئىشىنىش. ئۆزىگە ئىشىنىش ئۆزىنىڭ قىممەتكە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىش دېمەكتۇر.

**2**. ئۆزىنى تەڭشەش. ھېس-تۇيغۇڭىز غالىپ كەلگەندە، ئۇنى كونترول قىلىشىڭىز دائىملا تەسكە توختايدۇ. بىراق، سىز مەلۇم خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىڭىزدىكى غەزەبلىنىش، ئەندىشىلىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق سەلبىي ھېسسىياتلارنى يېنىكلىتەلەيسىز. بۇ ئۇسۇللارنىڭ بەزىسى تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، سەيلە قىلىش، پىلان تۈزۈش ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۆزىنى تەڭشەش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئۆزىنى كونترول قىلىش – قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان ناچار ئېنېرگىيەنى كونترول قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىشەنچلىكلىك – سەممىيەت ۋە دۇرۇسلۇقنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ماسلىششچانلىق – ئۆزگۈرۈشنى جانلىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

يېڭىلىق يارىتىش – يېڭى ئىدىيەلەرگە قۇچاق ئېچىشنى كۆرسىتىدۇ.

**3. ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ.** ئۆزىڭىزنى ھەر قانداق بىر نەتىجە بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشىڭىز ئىپنىق مۇددىئانى ۋە ئاكتىپچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. گەرچە سىز مەلۇم ئاكتىپ ياكى پاسسىپ پوزىتسىيىگە مايىل بولغان تەقدىردىمۇ، تىرىشىش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق، ئىشلارنى تېخىمۇ ئىجابىي نۇقتىدىن ئويلاشنى ئۆگىنەلەيسىز. ناۋادا كاللىڭىزدا پاسسىپ ئوي-خىياللار شەكىللەنسە، سىز تېخىمۇ ئاكتىپ چۈشەنچىلەر ئارقىلىق، ئاشۇ پاسسىپ ئوي-خىياللىرىڭىزنى قايتىدىن شەكىللەندۈرەلەيسىز. بۇنداق قىلىش نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق. ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ تۆۋەندىكىلەردىن شەكىللىنىدۇ:

نەتىجە قوغلىشىش – ئۈستۈن سەۋىيىگە يېتىشىڭىز ياكى ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن توختاۋسىز تىرمىششنى كۆرسىتىدۇ.

ساداقەت – گۇرۇپپا ياكى تەشكىلاتنىڭ غايىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

تەشەببۇسكارلىق – پۇرسەت كەلگەندە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە تەييار تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈمىدۋارلىق – توسالغۇلار ۋە مۇشكۈلاتلار بولغان تەقدىردىمۇ، نىشانغا يېتىشتىن يالتىيىپ قالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

**4. ھېسداشلىق.** كىشىلەرنىڭ قانداق ھېس تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئىقتىدارى تۇرمۇشىڭىزدا ۋە كەسىڭىزدە ئۇتۇق قازىنىشىڭىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سىز باشقىلار تارقاتقان سىگنال ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە قانچە ماھىر بولسىڭىز، ئۇلارغا تارقىتىدىغان سىگنالىڭىزنى كونترول قىلىشقىمۇ شۇنچە ماھىر بولالايسىز. ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا ئىگە كىشى تۆۋەندىكى خىسلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ:

مۇلازىمەت قىلىشقا مايىللىق – خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى پەرەز قىلىش، بايقاپ يېتىش ۋە ئورۇنداشنى كۆرسىتىدۇ.

باشقىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش – باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھېس قىلىپ يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپ خىللىقتىن پايدىلىنىش – ھەر خىل كىشىلەردىن پايدىلىنىپ پۇرسەت يارىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

سىياسىي سەزگۈرلۈك – بىر گۇرۇپپىنىڭ نۆۋەتتىكى ھېس تۇيغۇسىنى ۋە ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

باشقىلارنى چۈشىنىش – باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ ئارقىسىدىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

**5. ئىجتىمائىي ئىقتىدار.** يېتەرلىك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارى تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى ئۇتۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۈگۈنكىدەك ھەممە ئۇچۇر ماتېرىياللار قولايلاشقان دۇنيادا، ھەر بىر شەخس تېخنىكىلىق بىلىملەرگە تېزلا ئېرىشەلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، كۈنىمىزدە «كىشىلىك ئىقتىدار» تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. سىز بۈگۈنكى ئىقتىسادنى ئاساسىي مەنبە قىلغان دۇنيادا باشقىلارنى ياخشى چۈشىنىش، ئۇلار بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇش ۋە ھەمكارلىششتا تېخىمۇ ياخشى سەۋىيە ھازىرلاش ئۈچۈن، يۇقىرى بولغان ھېسسىي ئەقىلگە ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى پايدىلىق ئىجتىمائىي ئىقتىدارلار تۆۋەندىكىچە:

تەسىر كۆرسىتىش – ئۈنۈملۈك قايىل قىلىش تاكتىكىلىرىغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئالاقىلىشىش – ئوچۇق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

لېدىرلىق – كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزگۈرۈشنى تېزلىتىش – ئۆزگۈرۈشنى باشلاش ياكى كونترول قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش – ئىختىلاپلارنى چۈشىنىش، سۆھبەتلىشىش ۋە ھەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

كېلىششنى روياپقا چىقىرىش – قورال خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتلەرنى يېتىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش – ئوخشاش غايە ئۈچۈن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

تەشكىللىنىش ئىقتىدارى – ئورتاق غايىنى قوغلىشىش ئاساسىدا گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

سىزنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى ئىپادىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى ئىككى جەھەتكە باغلىق. بۇ جەھەتتە نوقۇل هالدا كىشىلىك ئەقىل پاراسەتنىڭ بولۇشى يېتەرلىك بولماستىن، هېسسىي ئەقىلمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پسىخولوگلارنىڭ كۆپچىلىكىگە نىسبەتەن، مۇۋەپپەقىيەت ئامىللىرى جەھەتتە كىشىلىك ئەقىلنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى تەخمىنەن ئون پىرسەنت ئەتراپىدا (بەك ياخشى بولغاندا 25 پىرسەنت) بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرتقى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى هېسسىي ئەقىل ئىگىلەيدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سودا، قانۇن، مېدىتسىنا ۋە پېداگوگىكا قاتارلىق كەسىپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كېيىنكى كەسپىي ئۇتۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەنپىي ياكى نۆل بولۇپ چىققان.

## ئۈستۈن هېسسىي ئەقىلنىڭ ئون ئۈچ ئالامىتى

جاستىن بارىسو

1995-يىلى، پسىخولوگ ۋە بىلىم ئاخباراتچىسى دانىيېل گولمەن (Danile Goleman) بىر پارچە كىتاب نەشىر قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى كۆپلىگەن كىشىلەرگە «هېسسىي ئەقىل» دېگەن يېڭىچە ئۇقۇمنى تونۇشتۇردى. كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «هېس-تۇيغۇلارنى چۈشىنىش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقى» توغرىسىدىكى ئىدىيە تېزلىكتە باش كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ هېس-تۇيغۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ئويىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

خوش، ئۇنداقتا هېسسىي ئەقىلنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى قايسىلار؟

ئۆتكەن ئىككى يىلدا مەن يېقىندا نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان «ئەمەلىيەتتىكى هېسسىي ئەقىل» ناملىق كىتابىم توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، يۇقىرىقى سوئال توغرۇلۇق چوڭقۇر ئىزدەندىم. ئىزدىنىشلىرىم نەتىجىسىدە، هېسسىي ئەقىلنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆپلىگەن ئىپادىلىرىنى بېكىتىپ چىقتىم. تۆۋەندىكىسى هېسسىي ئەقىلنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئون ئۈچ ئىپادىسى هېسابلىنىدۇ:

### 1. هېس-تۇيغۇلار توغرىسىدا ئويلىنىسىز.

هېسسىي ئەقىل ئۆزىڭىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ هېس-تۇيغۇلىرىنى (ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى) تونۇش ئىقتىدارى هېسابلانغان ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي ئاڭدىن باشلىنىدۇ.

بۇ خىل ئاڭ ئويلىنىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىن مۇنداق سوئاللارنى سورايسىز:

مېنىڭ هېس-تۇيغۇ كۈچۈم قانچىلىك؟ مېنىڭ ئاجىزلىقلىرىم قايسىلار؟

مېنىڭ هازىرقى كەيپىياتىم مېنىڭ ئوي-خىياللىرىمغا ۋە قارار چىقىرىشىمغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە پېئىللىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سەۋەبلەر قانداق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟

مۇشۇ تىپتىكى سوئاللار سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان چۈشەنچىلەرنى روياپقا چىقىرىدۇ.

### 2. ئازغىنە توختىۋالىسىز.

سۆزلەش ياكى ھەرىكەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن ئازغىنە توختىۋالىسىز. (بۇنى دېيىش ئاسان، ئەمما، قىلىش تەس.) بۇنداق قىلىش سىزنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىشتىن، ياكى ئالدىراقسانلىق بىلەن هۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئازغىنە توختىۋېلىش – ۋاقىتلىق هېس-تۇيغۇڭىزغا تايىنىپلا مەڭگۈلۈك قارار چىقىرىۋېتىشىڭىزدىن سىزنى توسۇپ قالىدۇ.

### 3. ئوي-خىيالىڭىزنى كونترول قىلىشقا تىرىشىسىز.

مەلۇم بىر پەيتتە ئۆزىڭىزدە پەيدا بولغان ھېس-تۇيغۇلارنى دېگەندەك كونترول قىلىپ بولالماسلىقىڭىز ئېنىق. بىراق، ئوي-خىياللىرىڭىزغا مەركەزلىشىش ئارقىلىق، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىز سەۋەب بولىدىغان ئىنكاسلىرىڭىزنى كونترول قىلالايسىز. (بۇ خىل ھالەتنى مۇنۇ جۈملە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ: سىز بىرەر قۇشنىڭ بېشىڭىزغا قونۇشىدىن ساقلىنالمايسىز. بىراق، ئۇنىڭ بېشىڭىزغا چاڭگا تىزىشىدىن ساقلىنالايسىز.)

## 4. تەنقىدتىن مەنپەئەت ئالىسىز.

ھېچكىم سەلبىي پىكىر تەكلىپلەردىن مەمنۇن بولمايدۇ. بىراق، سىز تەنقىدنىڭ – ھەتتا ئۇ تەنقىد ئەڭ توغرا ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان تەقدىردىمۇ – سىز ئۈچۈن ئۆگىنىش پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. گەرچە، سىزگە قارىتىلغان تەنقىد ئورۇنسىز بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ تەنقىد ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقى توغرۇلۇق يىپ ئۇچىغا ئېرىشىسىز.

## 5. دۇرۇست بولىسىز.

دۇرۇستلۇق ئۆزىڭىز توغرىسىدىكى ھەممە نەرسىنى، ھەر زامان باشقىلارغا ئاشكارىلاپ بېرىشنى بىلدۈرمەيدۇ. دۇرۇستلۇق – ئويلىغىنىڭىزنى دېيىش ۋە دېگىنىڭىزدەك ئويلاشتىن، ئۆز قىممەت قارىشىڭىز ۋە پىرىنسىپلىرىڭىزغا ھەر زامان رىئايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۆز كۆز قاراشلىرىڭىز ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنى ئىپادىلىشىڭىزدىن ھەممىلا كىشىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلىقىنى، ئەمما، سىز مۇھىم بىلىدىغان كىشىلىرىڭىزنىڭ بۇلارنى ئىپادىلىشىڭىزنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلىقىنى بىلىسىز.

## 6. ھېسداشلىقىڭىزنى ئىپادىلەيسىز.

ھېسداشلىق قىلىش قابىلىيىتىڭىز باشقىلار-نىڭ ئوي-خىياللىرىنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىكى ھېسداشلىق قىلىش خاراكتېرى سەۋەبلىك، باشقىلارنى باھالاش ياكى نومۇر قويۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق ھېس-تۇيغۇلىرىنى بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىسىز.

ھېسداشلىق قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نۇقتىئىينەزىرىگە مۇتلەق ھالدا قوشۇلۇش شەرت ئەمەس. ئەكسىچە، ھېسداشلىق دېگەن باشقىلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىش ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە باشقىلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق مۇناسىۋەت قۇرالىشىڭىزنى روياپقا چىقىرىش دېمەكتۇر.

## 7. باشقىلارنى ماختايسىز.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپقا ۋە ماختاشقا ئېرىشىشنى ئارزۇلايدۇ. سىز باشقىلارنى ماختىغىنىڭىزدا، ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىسىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئىشەنچكە ئېرىشىسىز.

سىز باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە ئېتىبار بېرىشكە باشلىغاندا، ھەممە ئىشلار (ياخشىلىق) ئىچىدە باشلانغان بولىدۇ. ئاندىن، سىز قارشى تەرەپتىن مەمنۇن بولغان تەرەپلىرىڭىزنى ئوچۇق ئىپادىلىگىنىڭىزدە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتىنى ئىپادە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولىسىز.

## 8. پايدىلىق پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىسىز.

سەلبىي پىكىر-تەكلىپنىڭ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا زەربە بېرىش مۇمكىنچىلىكى بەك چوڭ. سىز بۇنى چۈشىنىپ يېتىپ، تەنقىدنى پايدىلىق پىكىر تەكلىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرالايسىز. بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپ پايدىلىق پىكىر- تەكلىپىڭىزنى ئۆزى ئۈچۈن زىيانلىق

ئەمەس، بەلكى پايدىلىق دەپ بىلىدۇ.

## 9. ئۆزرە سورايسىز.

«كەچۈرۈڭ» دېيىش كۈچ ۋە جاسارەت تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، باشقىلاردىن ئۆزرە سوراش ئارقىلىق تەبئىيلا باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە تارتىشتىن ئىبارەت كەمتەرلىكنى ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ.
ھېسسىي ئەقىل سىزگە ئۆزرە سوراشنىڭ ھەرگىزمۇ دائىملا ئۆزىڭىزنىڭ خاتالاشقانلىقىڭىزدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆزرە سوراش ئۆز شەخسىيىتىڭىزدىن بەكراق باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

## 10. كەچۈرىسىز ۋە ئۇنتۇپ كېتىسىز.

نەپرەتلىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش پىچاقنى يارىغا سانجىقلىق پېتى قويۇپ قويۇشقا ئوخشايدۇ. (باشقىلارغا نەپرەتلىنىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرسىڭىز) سىزنى خاپا قىلغان تەرەپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن تەقدىردە، سىز ھېچقاچان ئۆزىڭىزنى داۋالاشقا پۇرسەت بېرەلمەي قالىسىز.
باشقىلارنى كەچۈرسىڭىز ۋە قۇسۇرلىرىنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىز، باشقىلارنى ئۆز ھېس-تۇيغۇڭىزنىڭ دۈشمىنى قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىپ قالالايسىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچالايسىز.

## 11. ۋەدىڭىزدە تۇرىسىز.

كېلىشىمگە ياكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش كۈنىمىزدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتتى. دوستىڭىز بىلەن ساھىلدا سوغۇق بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشىڭىز، سىزگە نىسبەتەن بالىڭىزغا بەرگەن ۋەدىڭىزدە تۇرماسلىقتىن ياكى بىر چوڭ سودىدىكى ئاخىرقى پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويۇشتىنمۇ بەك زىيانلىقراق ئەمەس.
ئەگەر سىز مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ ئىشلاردا بولسۇن، گېپىڭىزدە تۇرۇشنى ئۆزىڭىزگە ئادەت قىلىۋالسىڭىز، ئىشەنچىلىكلىك ۋە سەمىمىيەت نۇقتىسىدىن ياخشى ئابرۇي قازىنالايسىز.

## 12. باشقىلارغا ياردەم قىلىسىز.

باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئىجابىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇللاردىن بىرى – ئۇلارغا ياردەم بېرىشتۇر.
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سىزنىڭ قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىڭىز بىلەن، ھەتتا ئۆتمۈشتىكى نەتىجىلىرىڭىز بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. بىراق، سىز باشقىلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا ياكى ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ۋاقىت ئاجراتسىڭىز، كۆڭلىرىڭىز قانداق ئۆتىدۇ؟ سىز خەندەكلەرگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بىللە ئىشلەشكە رازىمۇ؟ بۇلارنى قىلىشىڭىز باشقىلارنىڭ سىزگە ئىشەنچ باغلىشىغا، شۇنداقلا مۇھىم پەيتلەردە باشقىلارنىڭ سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا ئەگىشىشىگە يول ئاچىدۇ.

## 13. ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن يېمىرىلىشكە ئۇچراشتىن ئۆزىڭىزنى قوغدايسىز.

سىز ھېسسىي ئەقلىنىڭ – براۋنىڭ ئۆز غەرىزى-گە يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھېس-تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت – قاراڭغۇ تەرىپى بارلىقىنىمۇ تونۇپ يېتىسىز.
مانا بۇ باشقىلار سىزگە شۇنداق قىلماقچى بولغاندا، ئۆزىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن ھېسسىي ئەقلىڭىزنى كۈچەيتىپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى-ڭىزدىكى سەۋەبتۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

ئەسلى مەنبە:
https://www.inc.com/justin-bariso/13-things-emotionally-intelligent-people-do.html
https://psychcentral.com/lib/what-is-emotional-intelligence-eq/



# ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئون باسقۇچى

دوكتور گرېگورىي ستانتون

ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەرەز قىلغىلى بولىدىغان، ئەمما توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئون باسقۇچ ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدىغان جەرياندۇر. ھەر باسقۇچتا، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۇنى توختىتالايدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانى تۈز سىزىق بويىچە داۋاملاشمايدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ھەر قايسى باسقۇچى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن. لوگىكىلىق نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كېيىن كېلىدىغان باسقۇچلار ئالدىدا كېلىدىغان باسقۇچتىن بۇرۇن يۈز بېرىشى مۇمكىن. بىراق، بارلىق باسقۇچلار پۈتكۈل جەريان بويىچە يۈرگۈزۈلۈشكە داۋاملىشىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئون باسقۇچى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## بىرىنچى: تۈرگە ئايرىش

بارچە مەدەنىيەتلەر كىشىلەرنى مىللىتى، ئىرقى، دىنى ۋە دۆلىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا «بىز ۋە ئۇلار»غا ئايرىپ پەرقلەندۈرىدىغان كاتېگورىيىلەرگە ئىگە. گېرمان ۋە يەھۇدىلار، خۇتۇلار ۋە تۇتسىلار (دېگەندەك ئايرىشلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.) راۋاندا ۋە بۇرۇندىغا ئوخشاش ھەر قايسى كاتېگورىيىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئارىلىشىپ ياشىشى كامچىل بولغان ئىككى قۇتۇپلۇق جەمئىيەتلەردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەممىدىن كۆپ يۈز بېرىشى مۇمكىن.

بۇ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئاساسلىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى – مىللەت ۋە ئىرق ھالقىغان، كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىدىغان، شۇنداقلا بۆلۈنۈشتىن ھالقىغان تۈرگە ئايرىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئەگەر كاتولىك چېركاۋى راۋاندا جەمئىيىتىدىكىدەك مىللىي بۆلۈنۈشكە ئۇچرىمىسا، راۋاندادا بۇ خىل فۇنكسىيىسىنى جارىي قىلدۇرالىغان بولاتتى. تانزانىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەردە بىر ئورتاق تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ دۆلەت ھالقىغان كىملىكنى كۈچەيتتى. ئورتاق تەرەپلەر جەھەتتە ئىزدىنىش ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەسلەپىدىلا ئالدىنى ئېلىشتا تولىمۇ زۆرۈر ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى: سىمۋوللاشتۇرۇش.

بىز تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن ئىسىملارنى ياكى باشقا سىمۋوللارنى بەلگىلەيمىز. كىشىلەرنى «يەھۇدىلار» ياكى «سىگانلار» دەپ ئاتايمىز. ياكى ئۇلارنى چىراي تۈرۈقىدىن ۋەياكى كىيىم-كېچەكىدىن پەرقلەندۈرىمىز. بۇ رەۋىشتە ھەر قايسى توپلارنىڭ ئەزالىرىغا سىمۋوللارنى قوللىنىمىز. تۈرگە ئايرىش ۋە سىمۋوللاشتۇرۇش ئادەتتە ئىنسانلارغا قارىتىلىدۇ ۋە ئىنسانلىيلىقتىن چىقىرىلمىغۇچە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا سەۋەب بولمايدۇ. سىمۋوللار ئۆچمەنلىك بىلەن بىرىكىپ كەتكەندە، جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكلىنىدىغان توپلارغا تەۋە بولغۇچىلارغا مەجبۇرىي ھالدا سىمۋوللار تاقاپ قويۇلىدۇ. ناتسىستلار ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى يەھۇدىلارغا بېرىلگەن سېرىق يۇلتۇز، كامبودژادىكى كىمىر رۇج كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتى دەۋرىدە شەرقىي رايوندىكى كىشىلەرگە تاقالغان يېشىل شارپا مۇشۇ جۈملىدىن سانىلىدۇ.

سىمۋوللاشتۇرۇشقا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، نەپرەتنى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللار ۋە سۆز-جۈملىلەر قانۇن بويىچە چەكلەنسە بولىدۇ. شۇنداقلا، مەلۇم گورۇھقا خاس كىيىم-كېچەكلەر ياكى قەبىلىلەرگە خاس بەدەننىڭ مەلۇم ئەزاسىغا داغلاپ بەلگە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلارمۇ چەكلەنسە بولىدۇ. بۇ يەردىكى باش قېيىنچىلىقى شۇكى، بۇ ھەقتىكى قانۇنىي چەكلىمىلەر ئاۋامغا يىلتىز تارتقان مەدەنىيەت ئارقىلىق قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردە، ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ. گەرچە 1980-يىلىغا قەدەر، خۇتۇ ۋە تۇتسى دېگەن كەلىمىلەر بۇرۇندىدا چەكلەنگەن بولسىمۇ، بىراق شىفىرلىق سۆزلەر بۇ كەلىمىلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان. ناۋادا كەڭرى قوللاشقا ئېرىشەلىگەن تەقدىردە، سىمۋوللاشتۇرۇشنى رەت قىلىشنىڭ رولى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بۇلغارىيەدىكى ھادىسە بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇلغارىيەدە ھۆكۈمەت سېرىق يۇلتۇز بىلەن

تەمسىلەشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاز دېگەندە سەكسەن پىرسەنت يەھۇدىي بۇ خىل بەلگىلەرنى تاقىمىغان. بۇنىڭ بىلەن ناتسىستلارغا نىسبەتەن يەھۇدىلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان سېرىق يۇلتۇز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان.

## ئۈچىنچى: چەتكە قېقىش

ھۆكۈمران توپ باشقا توپتىكىلەرنىڭ ھوقۇقىنى رەت قىلىش ئۈچۈن قانۇن، ئۆرپ-ئادەت ۋە سىياسىي كۈچ قاتارلىقلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئاجىز توپ يېتەرلىك دەرىجىدىكى پۇقرالىق ھوقۇقى، سايلام ھوقۇقى، ھەتتا ۋەتەنداشلىق ھوقۇقى قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ھۆكۈمران توپ باشقا توپلارنى چەتكە قاقىدىغان، ئاجىز توپنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قويىدىغان ئىدىئولوگىيە بويىچە ياشايدۇ. بۇ خىل ئىدىئولوگىيە ھوقۇقنىڭ ھاكىم توپ تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىشىنى ۋە ياكى ھاكىم توپنىڭ ھوقۇقىنىڭ كۈچەيتىلىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ؛ ئاجىز توپنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى قانۇنىيلاشتۇرىدۇ؛ چەتكە قېقىش ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەرغىبچىلىرى دائىما زور تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى ناتسىست گېرمانىيەسىدە 1935-يىلى چىقىرىلغان نۈرېمبېرگ قانۇنى بولۇپ، بۇ قانۇن بويىچە گېرمانىيەلىك يەھۇدىلار گېرمان ۋەتەنداشلىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىشلىشى چەكلەنگەن. بىرمادىكى روھىنگايا مۇسۇلمانلىرىغا ۋەتەنداشلىق بېرىشنىڭ رەت قىلىنىشى بۇ جەھەتتىكى يېڭى زامان مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

چەتكە قېقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش – جەمئىيەتتىكى ھەممە توپنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدىكى سىياسىي ھوقۇق ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەت تەۋەلىكى، مىللىتى، ئىرقى ۋە دىنى سەۋەبلىك چەتكە قېقىش چوقۇم قانۇنسىزلىق دەپ بەلگىلىنىشى كېرەك. ئۆز ھەق-ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغان شەخسلەرنىڭ دۆلەت، شىركەتلەر ياكى باشقا شەخسلەر ئۈستىن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

## تۆتىنچى: ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىش

بىر توپ باشقا بىر توپنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىنسانلىقى رەت قىلىنغان توپنىڭ ئەزالىرى ھايۋانلارغا، ھاشارەتلەرگە، قۇرۇت-قوڭغۇزلارغا ياكى كېسەللىككە تەڭداش قىلىنىدۇ. ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىش قاتىللىققا قارشى نورمال ئىنسانىي يىرگىنىشتىن غالىپ كېلىدۇ. ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىش باسقۇچىدا نەشرىيات، رادىئو-تېلېۋىزور ۋە ئىجتىمائىي مېدىيالار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپقا قارشى ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتى ۋە ئۇلارغا تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەتتا بۇ خىلدىكى ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتى مەكتەپلەردە ئۆتىلىدىغان دەرسلىك كىتابلارغىمۇ كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولىدۇ. ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتى قۇتراتقۇلۇق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. كۆپ سانلىق توپقا باشقا توپلارنىڭ ئىنسانىيلىقتىن ناقىس ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن يوچۇن كىشىلەر ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۆگىتىلىدۇ. كۆپ سانلىق توپقا «ئاز سانلىق توپ بولمىسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. كۈچى ئاجىز توپ شۇ دەرىجىدە ئىنسانلىقتىن تۆۋەنلەشتۈرۈلىدۇكى، بەئەينى يەھۇدىي جازا لاگېرلىرىدىكىدەك، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى نومۇرلارغا ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ. ئاجىز توپ پاسكىنىچىلىققا، نىجىسلىققا ۋە پەسكەشلىككە تەڭداش قىلىپ قويۇلىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ رادىئو، گېزىت ۋە باياناتلىرى (ئاجىز توپقا قارشى) ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتى بىلەن تولۇپ تاشىدۇ.

ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىشكە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قۇترىتىش قوغدىلىدىغان باياناتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى لازىم. ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان جەمئىيەتتە قارشى پىكىرنىڭ قانۇن بويىچە قوغدىلىشى كەمچىل بولىدۇ؛ قارشى پىكىرگە دېموكراتىك

جەمئىيەتتىكىدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. يەرلىك ۋە خەلقئارالىق لىدېرلار ئۆچمەنلىك تارقىتىدىغان سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئەيىبلىشى ۋە بۇنى كۆلتۈرەل نۇقتىدىن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئورۇنغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك. ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلار چەتئەللەرگە سەپەر قىلىشتىن چەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى مال-مۈلۈكلىرى توڭلىتىلىشى كېرەك. ئۆچمەنلىك تارقىتىدىغان رادىئو ئىستانسىسىلىرى توختىتىپ قويۇلۇشى ياكى تاقىۋېتىلىشى، ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتى ۋە ئۇنىڭغا مەنبە بولىدىغان ئىش-ھادىسىلەر ئاممىۋي مېدىيا ۋە ئىنتېرنېتتا چەكلىنىشى، ئۆچمەنلىك جىنايەتلىرىگە ۋە بۇ تىپتىكى رەزىللىكلەرگە ئۆز ۋاقتىدا جازا بېرىلىشى كېرەك.

## بەشىنچى: تەشكىللەش

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئادەتتە دۆلەت تەرىپىدىن تەشكىللىنىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق تۈپەيلى جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى رەت قىلالىشى ئۈچۈن خەلق ئەسكەرلىرى ئىشقا سېلىنىدۇ. (سۇدانىنىڭ دارفۇر رايونىدىكى جانجاۋىد كۈچلىرى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.) تەشكىللەش بەزى ھاللاردا بىرەسمىي ھالدا بولىدۇ (ھىندىستاندىكى يەرلىك قورallıق كۈچلەرنىڭ يېتەكلىشىدىكى ھىندىستانلىق زوراۋان ئاما بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ)، ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئارمىيەنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى ياكى خەلق ئەسكەرلىرى مەشىقلەندۈرلىدۇ ۋە قوراللاندۇرىلىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئارقىلىق ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش ئۈچۈن پىلانلار تۈزۈلىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى مەقسەت قىلغان دۆلەتتە قوراللىق توقۇنۇشلار ياكى ئىچكى ئۇرۇش مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئىچكى ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتى نامىدا يۈرگۈزىلىدۇ. «مۇتلەق ئۇرۇش» دەۋرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە باشلاندى. خەلق جەڭگە قاتناشقۇچىلاردىن ئايرىپ ئۆلتۈرۈلماستىن ھاۋادىن بومباردىمان قىلىنىدۇ. سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىچكى ئۇرۇشلاردا ئوخشاشلا خەلق بىلەن جەڭگە قاتناشقۇچىلار ئايرىپ ئۆلتۈرۈلمىدى. بۇ ئىچكى ئۇرۇشلار ھەممە يەرنى قاپلىغان ئۇرۇش جىنايەتلىرىگە سەۋەب بولدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق دائىملا ئىچكى ئۇرۇش ياكى دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇش مەزگىلىدە يۈز بېرىدۇ. قورال-ياراقلار دائىملا (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قورال-ياراق تىجارىتى چەكلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئاساستا) دۆلەتنىڭ ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئېقىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى تېزلىشىدۇ. دۆلەت (كۆزدىن يوقاتماقچى بولغان) توپنى سىياسىي لىدېرلارغا قارشى چىققان دېگەن گۇمانىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارغا قارشى مەخپىي ساقچىلارنى تەشكىللەيدۇ، ئۇلارنى قولغا ئالىدۇ، قىينايدۇ ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەلۇم توپنى نىشانغا ئېلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلار مېدىيالار ۋاستىسىدە (ھاكىم توپقا) تەشۋىق قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان خەلق ئەسكەرلىرى ۋە دۆلەت ئارمىيىسىدىكى مەلۇم ئەترەتلەر ئالاھىدە تەربىيىلىنىدۇ.

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ «تەشكىللەش» باسقۇچىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەقسەت قىلىنغان خەلق ئەسكەرلىرى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش قانۇنسىزلىق دەپ جاكارلىنىشى كېرەك. بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ باشلامچىلىرىغا باشقا دۆلەتلەر ۋىزا بەرمەسلىكى، ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى مال-مۈلكى توڭلىتىلىشى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەتلەرگە ۋە ھۆكۈمەتكە يانتاياق بولغان پۇقرالارغا قوراق-ياراق ئەمبارگوسى قويۇشى كېرەك. شۇنداقلا، رۋاندادا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىققا قىلغاندەك، بۇ ئەمبارگوغا خىلاپلىق قىلىشنى تەكشۈرىدىغان كومېتېت تەشكىللەپ، ئەمبارگوغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى خەلقئارا قانۇن بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىشى كېرەك.

## ئالتىنچى: ئىككى قۇتۇپلىشىش

ھەددىدىن ئاشقۇچىلار توپلارنى بۆلۈۋېتىدۇ. نەپرەتلەنگۈچى توپ قۇتۇپلىشىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدۇ.

قانۇن ئۆز-ئارا توي قىلىشنى، ياكى ئىجتىمائىي ئارىلىشىشنى چەكلەيدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچى تېررورىزم مۇتىدىل تويىنى قورقىتىشنى ۋە ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. جىنايەت ئىشلەۋاتقان توپتىكى مۇتىدىللەر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا ھەممىدىن بەك قادىر بولالايدىغان بولغاچقا، بۇنداقلار ھەممىدىن ئاۋۋال قولغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا نىشان قىلىنغان توپنىڭ لېدېرلىرى قولغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھاكىم توپنىڭ نىشانغا ئېلىنغان توپقا قارشى مۇتلەق كۈچلە ئىگە بولۇشىنى رويابقا چىقىرىدىغان، جىددىي ئەھۋالغا ئائىت قانۇن-پەرمانلارنى چىقىرىدۇ. ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر قانۇن ۋاستىسى بىلەن چەكلىنىدۇ. نىشانغا ئېلىنغان توپ ئۆزىنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماسلىقى، شۇنداقلا ھاكىم توپ تەرىپىدىن مۇتلەق ھالدا كونترول قىلىنىشى ئۈچۈن قورالسىزلاندۇرىلىدۇ.(ئۇيغۇرلارنىڭ قىڭراق، پىچاقلىرىنىڭ زەنجىرلىنىشى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن-ت)

مۇتىدىل لېدېرلارنىڭ ياكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ خىل جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولۇشى مۇمكىن. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ مال-مۈلۈكى مۇسادىرە قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ چەتئەللەرگە سەپەر قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ۋىزا بېرىلمەسلىكى كېرەك. خەلقئارالىق ئىمبارگو ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى لېدېرلارنىڭ رايوندا يېتىم قالدۇرۇلۇشى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆزگۈرۈش قوزغىشىغا تاقابىل تۇرۇلۇشى كېرەك. قارشى تويلارنىڭ قورالسىزلاندۇرۇلىشىغا قارشى كۈچلۈك قارشىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغان تەقدىردە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۈچۈن نىشانغا ئېلىنغان توپ ئۆزىنى قوغداشقا قادىر بولالىشى ئۈچۈن قوراللاندۇرۇلۇشى كېرەك.

## يەتتىنچى: تەييارلىق قىلىش

دۆلەت ھىمايىسىدىكى توپنىڭ ياكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان توپنىڭ لېدېرلىرى يەھۇدى، ئەرمەن، تۇتسى ۋە باشقا نىشانغا ئېلىنغان تويلارنىڭ «مەسىلىسى» ئۈچۈن «ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى»نى پىلانلاشقان. بۇ لېدېرلار ئۆز مەقسىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دائىملا سىلىقلاشتۇرۇلغان سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئۆز قىلمىشىنى «تازىلاش» ياكى «تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش» دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئۇلار ئارمىيە قۇرىدۇ، قورال-ياراق سېتىۋالىدۇ، ئۆز ئارمىيىسىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇلار ئۆز پۇقرالىرىغا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپتىن قورقۇش ئېڭىنى سىڭدۈرىدۇ. لېدېرلىرى دائىملا «ناۋادا بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسەك، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ» دەپ جار سېلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۆزىنى قوغداش ھەرىكىتى دەپ ئاتىۋالىدۇ. باشقا تويلاردا قورقۇنچ پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان قۇتراتقۇ شوئارلار ۋە ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتلىرى ھەر جاينى قاپلايدۇ. ھاكىم توپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان تېنچلىق كېلىشىملىرى ياكى چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق سىياسىي جەريانلار ئەمەلىيەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تەيكە بولۇپ بېرىشى مۇمكىن.

ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تەييارلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇشتا قورال-ياراق ئىمبارگوسى قويۇلسا ۋە بۇ ئىمبارگونىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كومېتېتلار تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. شۇنداقلا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تەييارلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قۇتراقۇلۇق قىلىشقا ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشقا ھەمدەم بولۇشقا قارشى ئەرز قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمى»نىڭ ئۈچىن-

چى نومۇرلۇق بەلگىلىمىسىدە كۆرسىتىلگەن ئىككى خىل جىنايەتتۇر.

## سەككىزىنچى: زىيانكەشلىك قىلىش

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا دۆلىتى، مىللىتى، ئىرقى ۋە دىنى كىملىكىگە بىنائەن سالاھىيەت بېكىتىلىدۇ ۋە ئايرىۋېتىلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپنىڭ ئەڭ ئاداققى ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرى قانۇنغا ئۇيغۇنسىز شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋېتىش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ۋە مەجبۇرىي يۆتكىۋېتىش (مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە مەجبۇرى يۆتكىۋېتىلىشىگە ئوخشاش-ت) قاتارلىقلار يوللار بىلەن دەپسەندە قىلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈلۈش تىزىملىكى بەلگىلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپلارغا تەۋە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان سىمۋوللارنى كىيىش ياكى تاقاشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. بەزىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپ نامراتلار رايونىغا ئايرىۋېتىلىدۇ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىۋېتىلىدۇ، ياكى ئاچارچىلىق رايونىغا قامال قىلىنىدۇ ۋە ئاچارچىلىقتا قالدۇرۇلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپنىڭ ئاستا-ئاستا ھالاك قىلىۋېتىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا كېرەكلىك سۇ، يېمەكلىك قاتارلىق مەنبەلەر ئۈزۈۋېتىلىدۇ. (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپنىڭ) تۇغۇپ كۆپىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ياكى مەجبۇرىي ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش قىلمىشلىرى سادىر قىلىنىدۇ. بالىلار ئاتا-ئانىلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلىنىدۇ. يۇقىرىقى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمى»دە قانۇنسىزلىق دەپ بەلگىلەنگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىدۇر. يۇقىرىقىلار مەلۇم بىر توپنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىش ئۈچۈن قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان قىلمىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ. (ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمىگە) قارشى ھەرىكەت قىلغان ئادۋوكاتلار، دىپلوماتلار ۋە باشقىلار بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىپ، يۇمشاق ھالدا «ئېتنىك تازىلاش» (ethnic cleansing) دەپ ئاتىشىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يۇرگۈزگۈچىلەر بۇ خىلدىكى قىرغىنچىلىققا خەلقئارالىق تەسىر كۈچكە ئىگە بىرەر جاۋاب بىلەن قارشى چىقىلىش چىقىلماسلىقنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۆز جىنايىتىگە قارشى ئىنكاسلار بولمىسا، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇسا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، يەرلىك تەشكىلاتلار ۋە دۇنياۋىي كۈچلەر يېڭى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارغا قوش ئۆلچەم قوللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قويىدۇ.

بۇ باسقۇچتا، بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىددى ھالىتى چوقۇم ئېلان قىلىنىشى كېرەك. ناۋادا دۇنياۋىي كۈچلەر، رايونلۇق ئىتتىپاقداشلار، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتى، ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش مەجلىسىنى سەپەرۋەر قىلغىلى بولغان تەقدىردە، قوراللىق ئارىلىشىشقا تەييارلىق كۆرۈلۈشى كېرەك. ۋەياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بار كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش كېرەك. پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە باشقا دۆلەتلەرگە ئېقىش دولقۇنىغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىنسانىي ياردەم ھەرىكەتلىرى تەشكىللىنىشى كېرەك.

## توققۇزىنچى: يوقىتىش

يوقىتىش باشلىنىدۇ ۋە تېزلا قانۇنىي جەھەتتىن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئۆلتۈرۈش (قەتلىئام)كە ئايلىنىدۇ. بۇ ئۆلتۈرگۈچىلەر ئۈچۈن «يوقىتىش» دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تولۇق مەنىدىكى ئىنسان ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ ئىش

(قىرغىنچىلىق) دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغاندا، قوراللىق كۈچلەر قەتلىئامدا خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئاداققى مەقسىتى نىشانلانغان توپنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋېتىشتۇر. لېكىن، ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى «قىسمەن» ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. نىشانلانغان توپنىڭ مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن بارلىق ئەزالىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى مۇمكىن (1972 – يىلى بۇرۇندىدا يۈز بەرگەندەك). ئۇرۇش قىلىش يېشىغا يەتكەن بارلىق ئەرلەر ۋە ئوغۇللار ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى مۇمكىن (1995 – يىلى بوسنىيە، سرېبرېنىكادا يۈز بەرگەندەك). بارلىق قىز – ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىنىشى مۇمكىن (دارفۇر، بېرمادا يۈز بەرگەندەك). ئاياللارغا كەڭ كۆلەمدە باسقۇنچىلىق قىلىش يېقىنقى زاماندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. باسقۇنچىلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپنى گېن جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ۋە ۋەيران قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىندى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق بەزىدە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىۋاتقان توپلار ئارىسىدىكى قىساس ئېلىش تىپىدىكى ئۆلتۈرۈشلەردىن نەتىجىلىنىپ، قوش تەرەپلىك، قايناملىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئايلانمىسىنى شەكىللەندۈردى (بۇرۇندىدىكىگە ئوخشاش). (نىشانلانغان) توپنى تارىخ سەھنىسىدىن يوقىتىش ئۈچۈن كۈلتۈرەل ۋە دىنىي ئالاھىدىلىكلەر ۋەيران قىلىندى (1915 ~ 1922 – يىلىغىچە ئەرمىنىيە؛ 2014 ~ 2018 – يىلىغىچە دائىش).

داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پەقەت تېز ۋە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئارىلاشقاندىلا ئاندىن توختاتقىلى بولىدۇ. ھەقىقىي بىخەتەر رايون ياكى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ قېچىش كارىدورى ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا بەرپا قىلىنىشى كېرەك. (خەتەرلىك «بىخەتەر» رايوننىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ئەۋزەل). قوراللىق ئارىلىشىش جەھەتتە، ئەگەر سىياسىي جەھەتتىن مۇمكىنچىلىك بولسا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىجازەت بەرگەن كۆپ تەرەپلىك ھەربىي كۈچ (بۇ ئىشقا) ئارىلىشىشى كېرەك. ب د ت نىڭ دائىمىي ھازىر يۇقىرى دەرىجىلىك بىرىگادىسى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىنكاس قايتۇرۇش قىسمى ياكى (ناتو، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقى، غەربىي ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىقتىساد بىرلىكى دېگەندەك) رايون خاراكتېرلىك كۈچلەر ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشى كېرەك. ب د ت قۇرۇلتىيى 1950 – يىلى ماقۇللانغان تىنچلىق ئۈچۈن بىرلىشىش قارارىغا ئاساسەن ھەرىكەتلەرگە ئىجازەت بەرسە بولىدۇ. مەزكۇر قارار مۇشۇ خىل ئارىلىشىشلار ئۈچۈن 13 قېتىم ئىشلىتىلىپ باققان. ئەگەر ب د ت پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالسا، رايون خاراكتېرلىك كۈچلەر چوقۇم ب د ت نىزامنىنىڭ سەككىزىنچى بابىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. (بۇ خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارغا قارىتا) خەلقئارانىڭ قوغداش مەسئۇلىيىتى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تار مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر كۈچلۈك دۆلەتلەر بىۋاسىتە ئارىلىشىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقارمىسا، شۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنى ۋەقەگە ئارىلىشىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھاۋا تىرانسپورتى، ئەسلىھە ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

## ئونىنچى: ئىنكار قىلىش

ئىنكار قىلىش باشتىن – ئاخىر داۋاملىشىدىغان، شۇنداقلا كۆپىنچە ھاللاردا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئەگىشىپلا كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتۇر. ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاراكتېرىدىكى قەتلىئاملارنىڭ ئەڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغۇچىلار زور كۆلەملىك قەبرىلەرنى كولاپ، جەسەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، دەلىل – ئىسپاتلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ۋەقە شاھىدلىرىغا تەھدىت سالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەرقانداق جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى (ئېچىنغان قىياپەتتە) ئەيىبلىشىدۇ. ئۇلار جىنايەتنى تەكشۈرگۈچىلەرگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە مەجبۇرىي ھالدا ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەنگە قەدەر تەختتە ئولتۇرىۋېرىدۇ. چەت ئەلدە ئۇلارنى سوتلاش ئۈچۈن مەخسۇس سوت تەسىس

قىلىنمايلا قالسا، ئۇلار خۇددى پول پوت (Pol Pot) ياكى ئىدى ئامىن (Idi Amin)غا ئوخشاش، چەتئەلدىمۇ جازاغا تارتىلماي، بەخىرامان يۈرۈۋېرىدۇ.

ئىنكار قىلىشقا قايتۇرۇلىدىغان ئەڭ ياخشى ئىنكاس خەلقئارالىق سوتنىڭ ياكى دۆلەت سوتىنىڭ جازاسىدۇر. ئۇ يەردە (يەنى مۇشۇ خىل سوتلاردا) دەلىل – ئىسپاتلارنى ئاڭلاپ چىققىلى ۋە قاتىللارنى جازالىغىلى بولىدۇ. يۇگوسلاۋىيە سوتى، رىۋاندا ياكى سىيېررا لېئون سوتى، كامبودژادا خمېر روج (Khmer Rouge) نى سوتلاش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان سوت ياكى خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتىغا ئوخشاش سوتلار ئەڭ قەبىھ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قاتىللىرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنى قولغا ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي ئىرادە بولسىلا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىتىش مۇمكىن. يەرلىك ئادالەت ۋە ھەققانىيەت كومىتېتلىرى، شۇنداقلا ئاممىۋى مەكتەپ مائارىپى ئىنكارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلار يارىشىش ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك مائارىپ ئۈچۈن يول ئېچىشى مۇمكىن.

***

مەزكۇر قەدەم باسقۇچ ئەندىزىسى – ئىرقىي قىرغىنچىلىق گەرچە قەدەم باسقۇچلىرى گەرچە تۈز سىزىقلىق تەرتىپ بويىچە داۋاملاشمىسىمۇ، بۇ جەرياندا يەنىلا لوگىكىلىق نۇقتىدىن ئىرقىي قىرغىچىلىق جەريانىنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق لوگىكىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىشتىن سىرت، كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ دەسلەپكى بېشارەتلىرىنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. لېدىرلار بۇ ئارقىلىق (ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ) ھەر باسقۇچىدىكى تۈرتكىلىك كۈچلەرنى توسۇش ئۈچۈن سىياسەتلەرنى بېكىتەلەيدۇ.

مەن دەسلەپكى سەككىز باسقۇچلۇق ئەندىزەمنى تۈزىتىشكە ياردەم قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ماڭا «كەمسىتىش» ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا «شەنىگە داغ چۈشۈرۈش» سۆزىنى؛ «زىيانكەشلىك قىلىش» نىڭ ئورنىغا «چەكتىن ئاشۇرۇپ خورلاش»نى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغان كانادا خان جەمەتى ھەربىي ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسور ئالان ۋايتخورنغا رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ئەسلى كىشىلەرگە بەكرەك تونۇشلۇق بولغانلىقى، شۇنداقلا «ئىرقىي كەمسىتىش قانۇنى» ۋە «خەلقئارا زىيانكەشلىك قانۇنى»غا تېخىمۇ ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «كەمسىتىش» ۋە «زىيانكەشلىك قىلىش» ئىبارىلىرىنى ئىشلەتكەنىدىم. مەن يەنە بۇ ئەندىزىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ جىنس جەھەتتىكى ئامىللىرىنى ۋە باشقا تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن پروفېسسور ئېلىسا ۋون جوۋدېن فورجېيغىمۇ كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ھەرقانداق ئەندىزە مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل جەريانلار ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىزغا ياردەم قىلىدىغان رېئاللىقلارنىڭ ئىدېئال تىپ شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. (بۇ ئەندىزىلەردىن پايدىلىنىشتا) ھەرقانداق باسقۇچنى مەلۇم بىر ۋەزىيەت بىلەن ئاربىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. خۇددى تېرمومېتىردىكى تېمپېراتۇرا كۆرسەتكۈچى يۇقىرىلاپ – تۆۋەنلەپ تۇرغاندەك، توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان رايوندىكى ئىجتىمائىي تېمپېراتۇرامۇ يۇقىرىلاپ – تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ. بۇ ئەندىزىنى تۈز سىزىقلىق ئەندىزە بىلەن ئاربىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك تولىمۇ مۇھىم. بارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقلاردا، نۇرغۇن باسقۇچلار (ئارقىمۇ ئارقا ئەمەس، بەلكى) بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ.

بۇ ئەندىزىنىڭ مەقسىتى باربارا خارفنىڭ (بۇ ساھەدە) يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە سىياسىي قىرغىنچىلىقنىڭ دۆلەت خەۋپى تەھلىلى ئەندىزىسىدىكى خەۋپ ئامىللىرىنى قەدەم باسقۇچلۇق قۇرۇلمىغا كىرگۈزۈشتۇر. سىياسىي تۇراقسىزلىق خەۋپى كۆپىيىشىنىڭ تەبىرىدىكى (جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا) چوڭقۇر ھاڭ ۋە تەبىقە ئايرىمىسى بار «بۆلۈنگەن جەمئىيەتلەر»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ ئوبيېكتى بولغان توپلار كەمسىتىشنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر. چەتكە قاققۇچى ئىدىئولوگىيە كەمسىتىش ۋە ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىشنىڭ يادروسىدۇر. مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچمەن توپنىڭ تەشكىللىنىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. سەرخىللارنىڭ ئىرققا

كۆرە قۇتۇپلىشىشى قۇتۇپلىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بىر دۆلەتتە تىجارەتتىكى ئوچۇق – ئاشكارىلىقنىڭ ۋە چېگرا سىرتىدىن كىرىدىغان تەسىرنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى سىياسىي قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان تەييارلىق نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئىنسان ھەقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە دەپسەندە قىلىش زىيانكەشلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئىلگىرى سادىر قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى سىياسىي قىرغىنچىلىق ئۈچۈن جازاغا تارتىلماسلىق ئىنكار قىلىشنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ئەڭ ئاخىرىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئاممىۋى مائارىپ، شۇنداقلا پەرقلەرگە بولغان ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل كەڭ قورساقلىقنى كۈچەيتىشتۇر. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش ئورگىنى» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى ئىتتىپاق» دۇنيا مىقياسىدا كىشىلەرنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى ئىرقىي قىرغىنچى كۈچلەرنى كۆرگەن ھامان قارشى تۇرىدىغان قىلىشنى ئۈمىدنى قىلماقتا.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا خاتىمە بېرىدىغان ھەرىكەت خەلقئارالىق قوراللىق ئارىلىشىشتىن ئەمەس، ئەكسىچە ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىشكە؛ ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىشكە، ئۆچمەنلىككە تولغان سۆزلەرگە ۋە ئۆچمەن توپلارنىڭ شەكىللىنىشىگە؛ ئۆچمەنلىكنى، ئىرقچىلىقنى ياكى ياتلارنى ئۆچ كۆرۈشنى تەرغىب قىلىدىغان سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە؛ چەتكە قاققۇچى ئىدىئولوگىيەنى ياقىلايدىغان قۇتۇپلاشقان سەرخىللارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشىغا؛ ئىنسان ھەقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە دەپسەندە قىلىدىغان ساقچى دۆلەتلىرىگە؛ چېگرانى خەلقئارا تىجارەت ۋە ئالاقىگە ئېتىۋېلىشقا؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپلارغا ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر قىلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى جىنايەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا قارشى تۇرىدىغان ئاممىۋى قارشىلىقلاردىن كېلىدۇ.

بۇ ئەسىردە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا خاتىمە بېرىدىغان ھەرىكەت چوقۇم ئارىمىزدىكى كەمسىتىشكە، ئۆچمەنلىككە، مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرغۇدەك جۈرئەتتى بار كىشىلەر ئارىسىدا باش كۆتۈرۈشى كېرەك. ئىنسانىيەتنىڭ (زۇلۇم، ناھەق زىيانكەشلىكلەرگە تولغان) ياۋايى ئۆتمۈشىدىن قالغان ئاسارەتلەر بىزنى بىزنى تىنچ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان قىلىپ قويماسلىقى كېرەك.

تارىختا (بۇنىڭغا ئوخشاش) ھەرقانداق بىر يۈزلىنىش بولۇپ باققانلىقىدىن گۇمان قىلغۇچىلارغا قارىتا، بىزنىڭ ئورتاق ئىنسانىيلىقىمىز ئىشلىرىمىزغا مەنە ئاتا قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئارىمىزدىكى تارىخنىڭ نىشانىسىز ھادىسە ئەمەسلىكىنى بىلىدىغانلارغا قارىتا، بۇ بىزنىڭ چاقىرىقىمىز ۋە تەقدىرىمىزدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم ۋە ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

https://www.genocidewatch.com/ten-stages-of-genocide






# ئامېرىكا بىئولوگىيىلىك قوراللار قانۇن لايىھەسىنىڭ تۈزگۈچىسى:

## تاجسىمان ۋىرۇس بىئولوگىيلىك قورالدۇر

تايلېر دۇردېن

ئامېرىكا بىئولوگىيىلىك قوراللار قانۇن لايىھەسىنىڭ تۈزگۈچىسى، دوكتور فرانسىس بويېل (Francis Boyle) جاھان ئەھلىنى ھاڭ – تاڭ قالدۇرغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، 2019 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغان ۋۇخەن تاجسىمان ۋىرۇسىنىڭ ھۇجۇمچان بىئولوگىيىلىك ئۇرۇش قورالى ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (WHO)نىڭ بۇنىڭدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانلىقىنى تەپسىلىي شەرھلىدى.

فرانسىس بويېل ئىللىنويىس (Illinois) قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق قانۇن پروفېسسورى بولۇپ، ئۇ «بىئولوگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش ئەھدىنامىسى»نىڭ ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدىغان، «بىئولوگىيىلىك قوراللار ئارقىلىق تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان قانۇن لايىھەسىنى تۈزگەن ۋە مەزكۇر لايىھە ئامېرىكادىكى ئىككى پالاتا تەرىپىدىن بىردەك ماقۇللىنىپ، پرېزدېنت جورجى W بۇش تەرىپىدىن ئىمزالانغاندىن كېيىن رەسمىي قانۇنغا ئايلانغان.

دوكتور فرانسىس بويلېر «گېئوپولىتىكا ۋە ئېمپېرىيە» تاراتقۇسىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ۋۇخەندە يامرىغان تاجسىمان ۋىرۇس، خىتاي ۋە ئۇ مەزكۇر يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىش مەنبەسى دەپ قارايدىغان (ۋۇخەندىكى) **4** - دەرىجىلىك بىئولوگىيىلىك بىخەتەرلىككە ئىگە تەجرىبىخانا **(BSL-4)** ھەققىدە توختالدى.

ئۇ مەزكۇر ۋىرۇسنىڭ ئەجەللىك ۋە ھۇجۇمچان بىئولوگىيىلىك ئۇرۇش قورالى ياكى (باشقا ۋىرۇسنىڭ) فۇنكسىيە خۇسۇسىيىتىگە ئېرىشىلگەندىن كېيىن، ئۇنى گېن نۇقتىسىدىن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەييارلانغان، ھەربىي ۋە پۇقراۋى ساھەدە تەڭ ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك ئۇرۇش ۋىرۇسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ سەۋەبتىن دەسلەپتە بۇ ئىشنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ئەمدىلىكتە بار كۈچى بىلەن تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ۋۇخەندىكى **4** - دەرىجىلىك بىئولوگىيىلىك بىخەتەرلىككە ئىگە تەجرىبىخانا **(BSL-4)** دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى **(WHO)** تەرىپىدىن مەخسۇس بېكىتىلگەن تەتقىقات تەجرىبىخانىسى بولغاچقا، دوكتور بويېل « دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىدىن تولۇق خەۋەردار » دەپ قارىماقتا.

دوكتور بويېل يەنە «**GreatGameIndia**»نىڭ بۇ ھەقتىكى مەخسۇس خەۋىرى ھەققىدە توختالدى. بىز مەزكۇر خەۋەردە خىتاينىڭ كانادانىڭ ۋىننىپېگ شەھىرىدىكى تەجرىبىخانىدا ئىشلەيدىغان جاسۇسلىرىنىڭ تاجسىمان ۋىرۇسنى ۋۇخەندىكى تەجرىبىخانىغا ئوغرىلىقچە ئاپارغانلىقى، ئاندىن بۇ ۋىرۇسنىڭ شۇ يەردىن تارالغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەندۇق.

**دوكتور بويېلنىڭ بۇ (خىتايدا يامرىغان تاجسىمان ۋىرۇس) ھەقتىكى كۆز قارىشى تاراتقۇلاردا ئېقىپ يۈرگەن، شۇنداقلا بارغانسېرى كۆپلىگەن مۇتەخەسسىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاۋاتقان "مەزكۇر ۋىرۇس ۋۇخەندىكى مەلۇم بىر دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىن تارقالغان" دېگەن كۆز قاراشقا تۈپتىن قارشى.**

يېقىندا، ئامېرىكانىڭ ئاركانساس شىتاتلىق كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم كوتتون **(Tom Cotton)**مۇ كۆپ قىسىم تاراتقۇلارنىڭ "تاجسىمان ۋىرۇس تىرىك ۋە ئۆلۈك ھايۋانلارنى ساتىدىغان بىر بازاردىن يامرىغان" دېگەن بايانىغا قارشى چىققان. كوتتون ئۆز يازمىسىغا ياندىشتۇرغان ۋىدىيودا، ۋۇخەندىكى دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن "نۆۋەتتىكى ئەجەللىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ مەنبەسى ئەمەس" دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

كوتتون "ئوپېراتسىيە پىچىقى" تىببى ژۇرنىلى **(Lancet study)**دىكى بىر ماقالىنى تىلغان ئالغان. مەزكۇر ماقالىدە، ۋۇخەندە يامرىغان يېڭى تاجسىمان ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان دەسلەپكى كىشىلەر، ھەتتا تۇنجى يۇقۇملانغۇچىنىڭمۇ(ۋىرۇس مەنبەسى دەپ كۆرسىتىلگەن) ھېلىقى دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بازىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقى كۆرسىتىلگەن.

"بىر يۇقۇملۇق كېسەل تەتقىقاتچىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك، <مەزكۇر ۋىرۇس دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىن چىقىشتىن ئىلگىرىلا، (سىرتتىن) مەزكۇر بازارغا كىرىپ بولغان>. بىز ھېلىھەم بۇنىڭ قەيەردىن مەنبەلەنگەنلىكىنى بىلمەيمىز" دەيدۇ كوتتون.

"يەنە شۇنىمۇ سەمىڭلارغا سالىمەنكى، ۋۇخەندە يەنە خىتايدىكى بىردىنبىر تۆتىنچى دەرىجىلىك بىئولوگىيىلىك بىخەتەرلىككە ئىگە، دۇنيادىكى تاجسىمان ۋىرۇسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئەجەللىك كېسەللىك مەنبە تەنچىلىرى (پاتوگېن، **pathogen**)نى تەتقىق قىلىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى تەجرىبىخانا بار".

توم كوتتوننىڭ بۇ ھەقتىكى تىۋىتېرىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

"خىتاي ئىككى ئاينىڭ ياقى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ ۋۇخەندىكى مەلۇم دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىن تارالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. **"The Lancet"** ژۇرنىلىدا كۆرسىتىلىشىچە، ۋۇجۇدىدا مەزكۇر ۋىرۇس بايقالغان ئەڭ دەسلەپتىكى **40** بىمارنىڭ ئون تۆتى – تۇنجى

بىمارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە – ئۇ دېگىز مەھسۇلاتلىرى بازىرى بىلەن ھەرقانداق شەكىلدە ئۇچرىشىپ باقمىغان".

بۇ خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانلاردىن يەنە، "تۆتىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسى" (Origins of the Fourth World War) ۋە "ھاماقەت ۋە ئۇنىڭ رەقىبى" (The Fool and His Enemy) قاتارلىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى J R نايكۇيستمۇ بار. ئۇنىڭ تولىمۇ ئەتراپلىق يېزىلغان ماقالىسىدە، خىتاينىڭ سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنېرال چى خاۋتيەن (迟浩田) نىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا قىلغان مەخپىي سۆزى ئاشكارىلانغان بولۇپ، بۇ سۆزلىرىدە چى خاۋتيەن خىتاينىڭ ئۇزاق مەزگىللىك قەد كۆتۈرۈش پىلانىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ جەرياندا "خىتاينىڭ ۋىرۇسلارنى قورالغا ئايلاندۇرۇش مەخپىي پىلانى"نىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ئېيتقان. نايكۇيست ئۆزىنىڭ تاجىسمان ۋىرۇس تەھلىلىدە، تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان ئۈچ خىل سانلىق مەلۇمات نۇقتىسى (data point)نى ئوتتۇرىغا قويغان:

بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى سانلىق مەلۇمات نۇقتىسى ھەممىدىن بەك ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ: " <GreatGameIndia> ژۇرنىلى <تاجىسمان ۋىرۇس بىئولوگىيىلىك قورالى – خىتاي قانداق قىلىپ كانادادىن ۋىرۇس ئوغرىلاپ، ئاندىن ئۇنى قورالغا ئايلاندۇردى؟"> دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى تولىمۇ زېرەكلىك بىلەن، خان (KHan) نىڭ " Virology Journal " ژۇرنىلىغا بېسىلغان ماقالىسى بىلەن خىتاي پۇقرالىرىنىڭ يېڭى تاجىسمان ۋىرۇس ۋە باشقا ئەجەللىك ئورگانىزملار ساقلىنىۋاتىدۇ دەپ قارىلىدىغان كانادا (P4) نىڭ ۋىننىپېگ شەھىرىدىكى دۆلەتلىك مىكروبىئولوگىيە تەجرىبىخانىسىدا بىخەتەرلىك بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى بىر يەرگە قويغان.

بۇلتۇر بەشىنچى ئايدا، كانادا خان جەمەتى ئاتلىق ساقچىلىرى مەزكۇر ئىشنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان ۋە يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خىتايلار مەزكۇر تەجرىبىخانىدىن ھەيدىۋېتىلگەن. ئېيتىلىشىچە، باش خىتاي تەتقىقاتچى چيۇ شياڭگو ۋىننىپېگ شەھىرى بىلەن ۋۇخەن ئارىسىدا كۆپ قېتىم سەپەر قىلغان.

بىز بۇ يەردە NCoV ئورگانىزمىنىڭ تارقىلىش لىنيەسى ھەققىدە ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويالايمىز: بۇ ۋىرۇس ئالدى بىلەن سەئۇدىي ئەرەبىستاندا بايقالغان، ئاندىن كانادادا تەتقىق قىلىنغان، ئاندىن بۇ يەردە بىر خىتاي تەتقىقاتچى تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ ۋۇخەنگە ئېلىپ بېرىلغان. " GreatGameIndia"نىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىمۇ تەيۋەن ئىستىخبارات تارمىقىنىڭ مەسئۇلىنىڭ 2008 – يىلىدىكى بايانلىرىغا ئوخشاشلا شىددەتلىك ھۇجۇملارغا ئۇچرىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز چوقۇم ھېسابلاشلىرىمىزدا (ۋىرۇس گېنىدىكى) يېقىنلىق ۋە كەسكىن ئۆزگەرگەن بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك.

NCoV-2019 ئورگانىزمىنىڭ 2012 – يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستاندا بايقالغان NCoV ۋىرۇسىنىڭ قورالغا ئايلاندۇرۇلغان نۇسخىسى بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

"GreatGameIndia" تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ بىئولوگىيىلىك قورال ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار يازمىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىمىز كاشىلىغا ئۇچراپلا قالماي، فېيسبوكتىكى يازمىمىزمۇ "GreatGameIndia" نىڭ فېيسبوك بېتى تېپىلمىدى دېگەن تايىنى يوق سەۋەب بىلەن توسۇۋېلىندى. بۇ ھەقتىكى خەۋىرىمىز "دىپلوماتىيە" (Foreign Policy) ژۇرنىلىنىڭ، (فېيسبوكنىڭ تەشۋىقات قورالى ئىكەنلىكى بىلەن تونۇلغان) PolitiFact نىڭ ۋە BuzzFeedNews نىڭ زەھەرخەندە ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىدى.

زەھەرخەندە ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان يالغۇز "GreatGameIndia"لا ئەمەس، داڭلىق بىلوگ تور بېتى Zero Hedge مۇ ھىندىستانلىق بىر ئالىمنىڭ "ۋۇخەن ۋىرۇسى تەبىئىي شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى تەجرىبىخانىدا يېتىشتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن" دېگەن مەزمۇندىكى تەتقىقات نەتىجىسىگە ئالاقىدار خەۋەرنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن تىۋىتېر تەرىپىدىن توسۇۋېتىلدى (يەنى مەزكۇر بىلوگنىڭ ئۇلانمىلىرىنى تىۋىتېردا ئېلان قىلغىلى بولماس بولدى). ئادەمنى چۆچۈتىدىغىنى، مەزكۇر تەتقىقات توردا ئىجتىمائىي تاراتقۇ

مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شىددەتلىك تەنقىدلىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ماقالىلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۆپىتىدە، ئامېرىكا، خىتاي ۋە ھىندىستانلىق تەتقىقاتچىلار (خىتايغا يېقىن جايدىكى) ناگالاند (Nagaland) شتاتىدا، ۋۇجۇدىدا ئېبولا (Ebola)غا ئوخشاش ئەجەللىك ۋىرۇسلارغا قارشى ئېلېمېنتلار بار شەپەرەڭ ۋە ئادەملەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتقا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. مەزكۇر تەتقىقاتقا قاتناشقان 12 نەپەر تەتقىقاتچىنىڭ ئىككىسى ۋۇخەن ۋىرۇس تەتقىقات ئورنىغا تەۋە ئىدى.

تاتا (TaTa) ئۇللۇق تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، دۆلەتلىك بىئولوگىيە پەنلىرى مەركىزى (NCBS)، ۋۇخەن ۋىرۇس تەتقىقات ئورنى، ئامېرىكادىكى ساغلاملىق پەنلىرى بىر تۇتاش مۇلازىمەت ئۇنىۋېرسىتېتى، سىنگاپوردىكى ديۇك دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان مەزكۇر تەتقىقات نۆۋەتتە "ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ، شەپەرەڭ ۋە ئىنسان ئەۋرىشكىلىرىگە قانداق ئېرىشكەنلىكى"نى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى بۇلتۇر 10 – ئايدا "ئاممۋى پەنلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ئىسسىق بەلباغ كېسەللىكلىرى ژۇرنىلى" غا بېسىلغانىدى.

ئاپتور نايكوۋيستىنىڭ ئېيتقىنىدەك:

بىز چوقۇم ۋۇخەندە يامرىغان ۋابا ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىز؛ خىتاي چوقۇم پۈتۈن دۇنياغا تامامەن ئوچۇق – ئاشكارا بولۇشى؛ ھەقىقەت چوقۇم ئايدىڭلىششى كېرەك. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى (بۇ ئىشتا) گۇناھسىز بولسا، ھېچنەرسىنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن گۇناھكار بولسا، (سىرتقى دۇنيا بىلەن) ھەمكارلاشقىلى ئۇنىمايدۇ.

بۇ يەردىكى رېئال مەسىلە دۇنيانىڭ (خىتايدىكى ۋاباغا قارىتا) ھەقىقىي ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇدەك جاسارىتىنىڭ بار – يوقلۇقىدۇر. بىز بۇ تەلىپىمىزنى چوقۇم دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ۋە "ئىقتىسادىي مەنپەئەت"نىڭ بۇ مەسىلىدە پۈتلىكاشاڭ بولۇشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا، ھەقىقىي، سەممىمىي تەكشۈرۈشنى باشلاشقا موھتاج.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قارا قۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**https://www.zerohedge.com/health/creator-bioweapons-act-says-coronavirus-biological-warfare-weapon**



# ئىسلام ئىسلامىزم ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى

53
2020 يانۋار - فېۋرال

كۈرشات ئوغلى

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئۇيغۇر ئوبرازى»نى قانداق ئىپادىلەشتە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىدى. 2018-يىلى، 15-مارتتىكى «بىر قەدەم، بىر ئاۋاز» خانىم-قىزلار نامايىشىدا، بۇ پائالىيەتكە ئاۋاز قوشقان خانىم-قىزلارنىڭ قارا ھىجاپلىق ھالىتى بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولدى. غەربتىكى دۆلەتلەردە خانىم-قىزلار، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق ئەنئەنىسىدىكى خىتايلاردىن ۋە شۇنىڭدەك رادىكال ئىسلامدىن پەرقلىنىدىغان «ئوبرازىنى» نامايەن قىلىپ دوپپا-ئەتلەسلەر بىلەن نامايىشقا چىققان بولسا، بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى خانىم قىزلار قانداق كىيىم كىيىشنىڭ «ئىنسان ھەقلىرى» جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارشىدىكى «ئىسلامىي خىلافەت» كە لايىق ھالدا ھىجابلىق نامايىش قىلىشى، ئۇيغۇر كىملىكى بىلەن ئىسلامىي كىملىكنىڭ ئۇيغۇر داۋاسىدىكى ئورنى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئۈست قۇرۇلمىدىكى زىددىيەتكە ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر داۋاسى مىللەت داۋاسىمۇ ياكى دىن داۋاسىمۇ دىگەن سوئال ۋە بېرىلۋاتقان جاۋابلار دىنىنىڭ مىللى داۋادىكى رولىنى قايتا نەقلەشتۈرۈش ئېھتىياجىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئىسلام ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاشقان تېما ۋە ۋارىيانتلارنى شەرھلەشنىڭ ھۆددىسىدىن بۇنداق بىر كىچىك يازما ئەسلا چىقىپ بولالمايدۇ. مەزكۇر يازمىدا بولسا ئۇيغۇر داۋاسى يېپىلۋاتقان بۈگۈنكى خەلقئارا سەھنىنىڭ كۆرۈنىشىنى يورۇتۇش بىلەن بىرگە، بۇ رېئاللىقتا مۇسۇلمانلار دىنىي ئېتىقادى بولغان ئىسلام بىلەن مۇسۇلمان توپلۇملارنىڭ ئۆز مەنپەت-مۇددالىرىنى چىقىش قىلىپ، سۈيىستىمال قىلىنىۋاتقان «ئىسلام+ئىزم»، يەنى ئىسلامىزمنىڭ رېئال ھالىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇۋاتقان ھەر شەخس ۋە ھەر توپلامنىڭ، ئېتىقاد ئورنىدىكى ئىسلام بىلەن ئىجدىمائىي سۈيئىستېماللىقتىكى ئىسلامىزمنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، خەلقئارادا مودا بولۇۋاتقان، ھەر مۇسۇلمان تائىپىسى ئۆز مىللىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك ئەڭگۈشتەر ئورنىدا پايدىلىنىۋاتقان «ئىسلام مىللەتچىلىكى» ئىدىيىسىنى ئىسلامىزم ئىدىيىسىدىن ئايرىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىن(ئىسلام) ئىچىدىكى ئورنى بىلەن خەلقئارا سەھنىدىكى سىياسى كۈچلەر ئوتتۇرسىدىكى ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى پەرىقلەندۈرۈپلىشىغا ئۈچۈر يەتكۈزۈش مەقسەد قىلىندى.

ئىسلام بىلەن ئىسلامىزمنىڭ ھازىرقى زاماندىكى رېئال پەرقى ئۈستىدىن چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن، مەزكۇر يازمىدا ۋەتەندىن 1960-يىلى ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلىپ چىققان ۋە 1964-يىلى ئافغانىستاندىن تۈركىيەگە قايتا «ھىجرەت» قىلىشقا مەجبۇر بولغان بىر ئۇيغۇر توپلىمىنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرسىدىكى مۇرەككەپ سەرگۈزەشتۈرۈشلىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئارقىلىق، بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنى شەرھلەشكە تىرىشتۇق. ئىپادىلەشتىكى قولايلىقلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مەزكۇر يازمىدا بۇ بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار «ھىجرەتچىلەر» دەپ ئاتالدى. ھازىر تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھىرىدىكى بىر مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان «ھىجرەتچىلەر»نىڭ ئەينى يىللاردىكى ھىجرەت سەرگۈزەشتۈرۈشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارادىكى رېئال كارتىنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى بۇ يەردە بايان قىلىش، بىزنىڭ بۇ يازمىدا بايان قىلماقچى بولغان ئىسلام، ئىسلامئىزم ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى قاتارلىق ئۈچ ئۇقۇم (ياكى كاتىگورىيە)نىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانلار جەمىيىتىدىكى پورترىتىنى نامايەن قىلىش ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ياردىمى زور دەپ ئېيتالايمىز.

## بىرىنچى بۆلۈم، ئىسلام ۋە ئىسلامىزم

ئىسلام – دىنىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا بىر خىل ئېتىقاد شەكلى. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان دىن ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئېتىقاد شەكلى بولغان بولسىمۇ، ئىنسانلار جەمىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ كۆلەملەشكەن دىنلاردىن ئۈچى

**بار. ئىسلام ئەنە شۇ چوڭ دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىردا مەيدانغا كەلگەن بىرسى. ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد شەكلى جەھەتتىن باشقا چوڭ دىنلار، بولۇپمۇ خىرستىئان ۋە كاتولىك دىنىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى، ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا بىۋاستە ئىبادەت قىلالىشى ئىكەنلىكىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دىنلاردا مەلۇم بىر قىسىم دىنىنى كونترول قىلغۇچى گۇرۇپپا ياكى تەبىقە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۆز ئىبادىتىنى بۇ ئالاھىدە تائىپىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بارمىسا قوبۇل قىلىنمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن ياراتقۇچىسىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇۋالغان ئىمتىيازلىق كىشىلەر مەيدانغا كېلىپ، ئېتىقادتىكى ئېختىيارلىق ۋە ۋاستىسىزلىق توسالغۇلارغا ئۇچراپ كەلگەن ئىدى. ئىسلام دىنىدا بولسا، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېتىقاد قىلغۇچى ۋاستىسىز ھالدا ئۆز ياراتقۇچىسىغا كۆندىلىك ئىبادەتلىرىنى بىۋاستە قىلالايدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەر شەخس ئاللاھ بىلەن ئىبادەتتە باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان.**

**ئەمما، ئىنسانلارنىڭ توپلام ھالەتتە ياشىشى شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى توپلامنىڭ رېئال ئەھۋالىغا تەدبىقلاشنى بەلگىلەپ كەلگەن. ئىسلامنى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئەمەس، شۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىنسانلار توپىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكەندە، باشقا سوتسىيال توپلاملارغا ئوخشاشلا، ئىسلام دىنىنىڭ مۇرتلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن، ھەر كىشىنىڭ شەخسىي ئىشى بولغان دىنىي ئېتىقادى كوللېكتىپنىڭ ئارزۇسى بىلەن توختىماي مەلۇم نىشانغا «توغرىلىنىپ» كەلگەن. كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام بىر خىل ئېتىقاد بولۇپ، ھەر بىر ئىنسان ئاخىرەت كۈنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىدىن ئۆزى مۇستەقىل ھېساپ بېرىدىغانلىقى، باشقا ھېچقانداق بىر شەخس ياكى توپلامنىڭ ئۇنىڭ ھېساب بېرىشىگە ياردەم قىلالمايدىغانلىقى قۇرئان كەرىمدە ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ، شەخسنىڭ شەخسىي ئىبادىتى ھەر ۋاقىت جەمئىيەت تەرىپىدىن ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن. بىز بۇ خىل ئىجتىمائىيلىشىشنى ئىبادەتنىڭ «كوللېكتىپلىشىشى» دەپ چۈشەنچە بېرىمىز. ئېتىقادتىكى كوللېكتىپلىقنى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى بۆلۈنۈشى بولغان سۈننىي ۋە شىئە مەزھىبىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن باشلانغان دەپ ئېيتالايمىز. شەخسنىڭ دىنىي ئېتىقادى سۈننىي ئىسلام ۋە شىئە ئىسلام بىلەن كوللېكتىپلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، كوللېكتىپلىشىشتىن «گۇرۇپپىلىشىش» قا قاراپ يول ئالغان. بىز بۇ يەردە سۈننىي ۋە شىئەلەرنىڭ مەزھەپ پەرقلىرى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارغا ئارىلاشمايمىز. پەقەتلا تەكىتلەيدىغىنىمىز شەخسنىڭ ئېتىقادى بولغان ئىسلامنىڭ قانداق قىلىپ «كوللېكتىپلاشقانلىقى» ۋە «گۇرۇپپىلاشقانلىقى»دەك رېئال ئەھۋالىدىن ئىبارەت.**

**ئىسلامنىڭ كوللېكتىپلاشقاندىن كېيىنكى گۇرۇپپىلىشىشى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلىشىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللار دەل ئىقتىسادىي مەنپەئەت، سىياسى مەنپەئەت، كۇلتۇرەل مەنپەت ۋە ئېتنىك، مىللىي مەنپەتلەردىن ئىبارەت. بۇ مەنپەئەتلەر بىلەن بىرلىشىپ گۇرۇپپىلاشقان ئىسلام – ئىسلامىزمدىن ئىبارەت. ئىسلامىزم ئاتالغۇسى 2001-يىلىدىكى ئامىركىدا يۈز بەرگەن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارالىق مېدىيالاردا توختىماي تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ئاتالغۇ غەرىب دۇنياسىدا 17-ئەسىردىلا مەۋجۇت ئىدى. ئاممىباپ قىلىپ چۈشەنچە بەرسەك، ئىسلامنىڭ ئىسلامىزملىشىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، شۇ گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ غەيرى دىنىي مەنپەئەتىنى دىن ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقساق، شەخسنىڭ شەخسىي ئېتىقادى بولغان دىنىنىڭ باشقا ئىدىيەلەر بىلەن رەڭ بېرىلىپ، شۇ گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سۈيىستىمال قىلىنىشىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ يېڭى پەن-تېخنىكىلار بىلەن قوراللىنىپ كۆتۈرلۈپ چىقىشى، بۇ كۆتۈرلۈشنىڭ ئىسلام جەمىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن زەنجىرسىمان تەسىرلىرى، بۇ تەسىرلەرنى چۈشۈنۈش ۋە چۈشەندۈرۈشتىكى پەرقلەر ئەسلىدىلا «كوللېكتىپلىشىش» ۋە «گۇرۇپپىلىشىشنى»نى مەلۇم دەرىجىدە تاماملاپ بولۇپ «ئىزىم»لاشقان ئىسلام جەمىيىتىنى تېخىمۇ كۆپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىشىگە ۋە كەسپىي ئاتالغۇ بولغان «ئىسلامىزم»نىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا دەستەك بولغان.**

ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى، غەربلىشىش دېگەن بۇ نۇقتىدىن ئانالىز قىلغىنىمىزدا، غەربنىڭ مودېرنلىشىش جەريانىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان، مىللەتچىلىك، لائىكلىق(سەكۇلارىزم)، (مودېرن) ئىلىم-پەن ۋە دېموكراتىيە قاتارلىق ئاتالغۇلار ئارقا-ئارقىدىن ئىسلام جەمئىيىتىدە سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مودېرنلىشىشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا سوتسىيالىزىم، ئاياللار ھوقۇقى(فېمىنىزم) دىن باشقا يېقىنقى يىللاردا تېرورىزمغىچە بولغان ئاتالغۇلارمۇ شۇ ئېقىمغا ئۇلىنىپ ئېقىپ كىرىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى جىددىي قايىنامغا ئايلاندۇرماقتا ۋە ئىسلامغا "ئىزىم"قوشۇپ ئىستىمال قىلىنىش مودا بولۇپ قالماقتا. ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سالغان جامالىدىن ئافغانىدىن باشلاپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان «پان-ئىسلامىزم»، «قۇتبىزم»، «سەلەفىزم»، "شىئە ئىسلامىزم» قاتارلىق ئېقىملار؛ «مودېرن ئىسلامىزم»، «دېموكراتىك ئىسلامىزم»، «سوتسىيال ئىسلامىزم» قاتارلىق ئىدىئولوگىيەلىك ۋارىيانتلار؛ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتى»، «نۇرچىلار»، «گۈلەنچىلەر» دېگەندەك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار؛ تالىبان، ئەلنۇسرە، دائىش، بوكو ھەرەم قاتارلىق مىلىتان كۈچلەر... بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەت جەھەتتىن «ئىسلامىزم»دىن سىرتقا چىقالمايدۇ.

ئىسلامغا «ئىزم» قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى نۇقۇل ھالدىكى دىنىي ئېتىقادتىن مەلۇم توپلامنىڭ ئۆز مەقسىدىگە يېتىشتە قوللانغان، شەخسىي ئېتىقاتچىلارنىڭ كۈچۈنى بىرلەشتۈرۈشتىكى مېتودى بولۇپ قالغان. مەسلەن، ئىسلام بىلەن سىياسى مەقسەدلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدىغان سىياسى ئىسلامىزم (پولىتىكال ئىسلامىزم) دېگەندەك. ئەگەر ئىسلامنى دىنغا قايتۇرۇشقا توغرا كەلسە «ئىزم»دىن ئايرىش كېرەك ۋە «ئىزم»دىن ئايرىش ئۈچۈن، دىننى سىياسىي سۇيىئىستېمالدىن چەتنىتىش كېرەك. ئەمما بۇ مۇمكىنمۇ دىگەندە، غەربچە مىللىي دۆلەت قۇرۇش دولقۇنى ئىسلام ئەللىرىگە تەسىر قىلىپ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە تىل ۋە ئۇرۇق-قانداشلىقنى، ياكى ئەنئەنىۋي ياشاش تېررىتورىيىسىنى پاسىل قىلىپ مىللى دۆلەت قۇرۇش ئەۋج ئالغاندا، بولۇپمۇ ئەرەپلەرنىڭ غەربنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ئۈممەتنىڭ ھامىسى بولۇپ تۇرغان ئوسمان تۈرك ئىمپرىيەسىنى پارچىلاش پالىيەتلىرى بىلەن، دىننى سىياسەتتىن ئايرىپ، ئىسلامنى شەخسىي ئېتىقادقا قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مەيلى شەرىئەتنى دۆلەت قانۇنى قىلغان سەئۇدىي ئەرەبىستاندەك ئىسلام دۆلتى بولسۇن، ۋەياكى دىن بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنى ئايرىپ ئىجتىمائىي قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۋاتقان تۈركىيەدەك ئىسلام دۆلتى بولسۇن، ئىسلامنىڭ ھەر دۆلەت ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، شۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى، ئېتىقادتا باراۋەر بولغان «چېگرا سىرتىدىن كەلگەن» مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام جەمئىيىتى ئاللىقاچان ئۈممەت بىلەن بىللە دۆلەت دۆلەتلەرگە پارچىلانغان. ئىسلام ھەر خىل «ئىزم»لار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەر دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسىدىن دۆلەتنىڭ خوجايىنى ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلۋاتقان ھالەتتە. مىللىي دۆلەتنى قۇرۇپ ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان بىچارە مۇسۇلمانلار بولسا، ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان قورغان يوق، ياكى ئۇتوپىيە بولۇپ كەتكەن ئۈممەت توپلىمىنىڭ داۋاسى ئۈچۈن ۋە ياكى ئېتىنىك جەھەتتىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان مۇسۇلمان توپلاملىرىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئۆلۈپ تىرىلىپ يۈرۈپتۇ.

«ئىزم» يېقىنقى زامانلاردا غەربتىن كىرگەن ئىدىئولوگىيىلىك قوشۇمچە بولسىمۇ، ئىپادىلەش شەكلىگە تەدبىقلىغاندا، خۇددى يۇقىرىدا ئېلىپ ئېيتقاندەك، ئىسلامنى سىياسىي مۇددىئاغا سۇيىستىمال قىلىپ، ئىسلامىزمغا ئۆزگىرىشى ماھىيەت جەھەتتىن سۈننىي شىئە ئايرىلىشىدىن باشلانغان. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام (ئېتىقاد)غا «ئىزم»(ئىدىئولوگىيە) ئارىلىشىپ، ئۆز-ئارا قان تۆكۈشۈپ بوغۇشۇشنى نوقۇل غەربنىڭ، خىرىستىئاننىڭ ياكى يەھۇدىينىڭ سۇيىقەستلىرىدىن كۆرۈش ئىلمىيلىك بولمايدۇ. مەسلەن، يەھۇدىلار تاكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەھكەم يۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەت قۇرغىچە (ئامېرىكا بولسا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا قارشى چىققان)، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ قىرغىن-

لىقىدا، مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ ماجالى قالمىغان، ئىسلامغا سۈيقەست قىلغۇدەك ھالى تېخىمۇ يوق ئىدى.

سۈننىي، شىئەدىن باشلانغان ئىسلامنىڭ سىياسىيلىشىشىدىن (ئىزىملىشىشىدىن) بىز ئۇيغۇرلار قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەنمىز، ئۇنداقتا مىللى مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاشقا، مىللى داۋارىمىزنى غەلبىلىك ئېلىپ بېرىشتا قانداق قىلىپ ئىسلامىزم بىزنىڭ مىللى كۈرەشلىرىمىزنى تېخىمۇ غەلبىلىك قولليىالايدۇ؟

## ئىككىنچى بۆلۈم: ئىسلامىزم ۋە ئىسلام مىللەتچىلىكى

يۇقىرىدا بىز ئىسلامىزم بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئىسلام مەزمۇنى ئاربلاشتۇرۇلغان بارلىق ئىدىئولوگىيەلىك ئېقىملار ئىسلامىزم بولۇشى كېرەكمۇ دىگەندىن ئىبارەت. مەسىلەن تۈركچىلىك ئېقىمى بولغان «تۈرك ئىسلام سىنتېزى»نى تىلغا ئالساق، ئىسلام دىنىنى مىللى كۈلتۈرنىڭ تەركىبىي قىلىپ، تۈرك مىللەتچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بۇ ئىدىئولوگىيە ئىسلامىزم كاتىگورىيىسىگە قويۇلۇشى كېرەكمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيدىغىنى يەنىلا بۇ ئىدىئولوگىيەدە ئىسلامنىڭ سالمىقىغا قاراپ ئىسلامىزممۇ ياكى ئىسلام مىللەتچىلىكىمۇ دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىسلامىزملا بولىدىكەن، بۇ ئىدىئولوگىيە ياكى پىكىر ئېقىمىنىڭ غولى ۋە مەقسىدىمۇ ئىسلام ئۈچۈن بولىدۇ. باشقا قوشۇلۇپ يۇغۇرۇلغان مەزمۇنلار بولسا، پەقەت ۋاقىتلىق شۇ نىشانغا يەتمەك ئۈچۈن ئېھتىياجغا قاراپ سۈيئىستېمال قىلىغان ۋاستە بولىدۇ. ئەمما ئىسلام كۈلتۈر ھادىسىسى قاتارىدا ئېتنىك گۇررۇپپىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارالسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىسلام مىللەتچىلىكى بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا كۈلتۈر ئىسلامىزم بىلەن ئىسلام مىللەتچىلىكى ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ.ئىسلام مىللەتچىلىكى بۇمۇ كونا بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ دىنىي مىللەتچىلىك (**Religious Nationalism**) ئېقىمىغا كىرىدۇ. دىنىي مىللەتچىلىك ھەممە دىنلاردا بار بولۇپ، مەسىلەن، يەھۇدى مىللەتچىلىكى، خىرستىئان مىللەتچىلىكى، بۇددىست مىللەتچىلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بار ئىسلام مىللەتچىلىكى ھەققىدە تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىمىز.

بارلىق دىنىي مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئوخشاش، ئىسلام مىللەتچىلىكىمۇ دىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى مىللىي بىرلىك قۇرۇش، يەنى دىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئوخشاش دىن، ئوخشاش تىل، ئوخشاش كۈلتۈر ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىنسانلار توپىنىڭ بىرلىشىپ، غەيرى دىنىي مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىدىئولوگىيىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، پاكىستاننى قۇرغۇچىلار ھىندىستاندىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا مىللىي دۆلەت قۇرغان ۋاقىتىدا، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەستەك قىلغان بولماستىن، ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاننى بۈيۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، «ئوردۇ» مىللىتى بولۇپ ھىندىستاندىن بۆلۈنۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىكى بولسا، ھازىر مۇقىم ئۇقۇم بولۇپ قالغان «پاكىستان مىللەتچىلىكى (پاكىستانى ناتىئونالىسم)»نىڭ ئۇلى بولۇپ قالغان.

مىللەتچىلىك مودېرنىزمنىڭ مەھسۇلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي مىللەتچىلىكمۇ مودېرنىزمنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى يەرلىك ۋارىيانتى دىيىشكە بولىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئاتالمىش غەربىنىڭ ئىختىراسى دەپ نام بېرىلىپ كېلىنۋاتقان بارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئىسلام جەمىيىتىگە ئەجەللىك تەسىر بەرگىنى مىللەتچىلك بىلەن لائىكلىك ئىدىيەسى بولغان. ياپونىيەلىك تۈركشۇناس ئارائى ماسامى (新井正美) «ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرىدا لائىكلىك پەن-تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئىمپورت قىلىنىپ، ھەمدە ئىسلامنىڭ ئىدولوگىيەسىگە يۇغۇرۇلۇپ سۈيئىستېمال قىلىنغان. ئەمما ئۈممەتچىلىك يىمىرىلىپ، مىللىي دۆلەتنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولمىش تۈركلەرنىڭ قانۇنىي ئورنىنى قوغداش يولىدا مىللەتچىلىك بىلەن بىرلىشىپ، دىن بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلغان

دۆلەت تۈزۈلمىسى بولۇپ ئۆزگەرگەن دەپ كۆرسىتىدۇ(新井 2001:212).

لائىكلىك بولسا خىرىستىئان-كاتولىك جەمئىيىتىدە دىن بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دېموكراتىيە تۈزۈلمىسىنى قوغدايدىغان ئاساس سۈپىتىدە يۇقىرى ئاۋازدا تەكىتلىنىپ كەلگەن ئىدىئولوگىيەدۇر. لائىكلىق ئىدىئولوگىيىسى غەرب جەمئىيىتىگە شۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە تاقاكانىنى مەركەز قىلغان چوڭ كىچىك دىنىيى جەمئىيەتلەر، مەھكىمىلەرنىڭ ئاۋام پۇقرالار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن مىڭ يىللىق زىيانكەشلىككە تولغان دىنىي مونوپوللۇقلىرىنىڭ قايتا سادىر بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساسىي ئىدىئولوگىيە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، لائىكلىك قوشۇلغان دېموكراتىيە دەپ قاراپ كەلگەن غەرب (خىرىستىيان دىنى) جەمئىيىتى بىلەن پەرقلىق بولغان يېرى شۇكى، ئىسلام دىنىدا خىرىستىئان دىنىدەك شەخسنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى مونوپول قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ھوقۇقىغا چاڭگال سالىدىغان دىنىي جەمئىيەت (تەرىقەت يولىدىكى دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرى بار دۆلەتلەردە يەنە باشقىچە ئەھۋال مەۋجۇت) مەۋجۇت بولمىغانلىق سەۋەبىدىن، لائىكلىك ئەڭ باشتىلا دېموكراتىيەنى ئەمەس، بەلكى مىللەتچىلىكنى قوغدايدىغان قالقان سۈپىتىدە سىياسى سەھنىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىسلام جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىرىلگەن.

ئىسلام جەمئىيىتى ئۇممەت بىلەن تەڭ پارچىلىنىپ، ھەر خىل نامدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بارلىق مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئىسلامنىڭ «مىللەتلىشىشى» نى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىسلامنىڭ مىللەتلىشىشىنى يەنى ئىسلام مىللەتچىلىكىنى، ئۆز مىللىي دۆلىتى بولمىغان، ئىسمى بار جىسمى يوق ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچى سىرتىدا تەڭ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ توغرا تونۇشى بەك مۇھىم. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ئۇممەتنى پارچىلاشتىكى سۈيقەستى بولماستىن، پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەنئەنىۋي ئۇممەت جەمئىيىتىنى مۇسۇلمانلار ئاللىقاچان ئۆز ئالدىغا مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق پارچىلاپ بولۇشقانلىقى، شۇ ئارقىلىق ئىسلام مىللەتچىلىك دەۋرىگە كىرگەن رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش خالاس. بۇ رېئاللىقنى بىز بۇ يېردە كىرىش سۆزدە تىلغا ئېلىنغان «ھىجرەتچىلەر»نىڭ سەرگۈزەشتۈرىشلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق يورتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

بۇ «ھىجرەت»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، يەر شارىدىكى بار زېمىنلارغا ئىنسانلار مىللەت بىرلىكى بىلەن «مىللىي دۆلەت» قۇرۇپ ئىگەللەپ بولغان ۋە شۇنىڭدەك كوممۇنىزم لاگېرىدىكى سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى يىرىكلىشىپ، 1955-يىلىدىكى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى 20-قېتىملىق قۇرۇلتايىدا دەز كەتكەن (中嶋 1978:235) خەلقئارالىق ئارقا كۆرنۈشكە ئىگە. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا خەلقئارالىششقا يۈزلەنگەن. شۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن، يەنى 1954-يىلىدىن باشلاپ، خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتى «بەش ئاساسىي پىرىنسىپ»نى تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسى قىلىپ، بولۇپمۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭدەك، ئاسيا-ئافرىقا قۇرۇلتىيىدىكى ئاكتىپ ھەركەتلىرى ئارقىلىق، 1971-يىلى جوڭخۇا مىنگو (تەيۋەن)نى سىقىپ چىقىرىپ، ئورنىغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا دائىمى ئەزا بولغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرىش ئۈچۈن خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي ئاكتىپلىق بىلەن بىر قاتار تاشقى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئاسيا-ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى دۆلەتلەر باشلىقلىرىنى خىتايغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلغان. شۇ مەزگىلدە ئافغانىستان كارولى خىتاي باش مىنىستىرىغا شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇپ قالغان ئافغان پۇقرالىرىنىڭ ئۆز دۆۋلىتىگە قايتىشىغا يول قويۇشىنى بىر قېتىملىق ئۇچۇرۇشۇشتا ئوتتۇرغا قويغان .

شۇ سەۋەبتىن، 1959-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئارىسىدا كۆچمەنلەرگە ئالاقىدار كېلىشىم تۈزۈلگەن. كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ ئافغان ئىكەنلىكىنى، ۋەياكى ئافغان پۇقرالىرى بىلەن ئېتنىك باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغانلار بولسا، ئافغانىستانغا كۆچۈشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان بولغان. بۇ كېلىشىم شەرقى تۈركىستاندا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى

ئافغان نەسلىدىن دەپ ئافغانىستانغا كۆچۈشكە سەۋەب بولغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ كۆچۈشىنى «ھىجرەت» دەپ ئاتىغان.

«ھىجرەتچى»لەر ئافغانىستانغا ۋەتىنىگە قايتقان شەكىلدە ھىجرەت قىلغان. ئافغانىستان دۆلىتى پۈتۈن پۇقراسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېتنىك كىملىكى بولمىغان «ھىجرەتچىلەر»نى، ئافغانىستان ھۆكۈمەت ۋە خەلقى ئوخشاش مۇسۇلمان دىگەن ئۇممەتچىلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قېلىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئافغانىستانغا قانۇنسىز كىرگەن ھەرىكىتىگە كەڭ-قورساق مۇئامىلىدە بولغان. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلارغا چەك قويۇپ، «ھىجرەتچىلەر»نىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى تەشكىلات قۇرۇش، خىتاينىڭ زۇلۇمىنى پاش قىلىش قاتارلىق ئېتنىك كىملىكىنى نامايەن قىلىدىغان سىياسى ساھەلەرگە چېتىلىشكە باشلىغاندا، ئافغان پارلامېنتىدىن قارار ماقۇللاپ، ئۇلارنى خىتاي دۆلىتىگە قايتۇرۇشنى قارار قىلغان.

«ھىجرەتچىلەر» بۇ قايتۇرلۇشتىن بۇرۇن بارغۇدەك ئۈچىنچى بىر دۆلەتنى ئىزدىگەن. كابۇلدىكى خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە تۈركىيە ئەلچىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇلارغا ياردەمدە بولغان. ئاخىرىدا ئۇلار بىرلىكتە تۈركىيەگە بېرىشنى قارار قىلغان. ئەمما تۈركىيەگە بېرىش ئىشىدا بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، بۆلۈنۈپ ئايرۇپىلاندا يولغا چىقىش ئالدىدا ئارىسىدا پارچىلىنىش كۆرۈلگەن.

بۇ پارچىلىنىش بىرگە ئەينى زاماندىكى (ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان) ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن مۇرەككەپ خەلقئارالىق ۋەزىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ھىجرەتچىلەر»نىڭ سىياسىي پائالىيىتىدىن ئەندىشە قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كابۇلدا ئېلىپ بارغان پالىيىتى بىلەن بىرگە، خىتاي بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تەيۋەن ھۆكۈمىتىمۇ «ھىجرەتچىلەر» ئارىسىدا ئاكتىپ پالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھىجرەتچىلەرنى سوۋېت تۈركىستان رايونغا كۆچۈشنى تەشۋىبۇس قىلغان بولسا، تەيۋەن ھۆكۈمىتى، ئۇلارنى خالىسا تەيۋەنگە، خالىمىسا تەيۋەن پاسپورتى ئىشلىتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس شەھىرى مەككە مۇكەررەم بار سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كۆچۈشنى تەكلىپ قىلغان. (جانتۈرك 1995:18)

بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيەسىنى ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى كاگامى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي بىلەن بۇزۇلغان مۇناسىۋىتىگە ئۇيغۇرلارنى سۆرەپ كىرىپ سىياسى جەھەتتىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان.(加々美 1992)

ئەنگلىيەلىك تەتقىقاتچى تايلىر بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى زاماندا تۈركىيەدە سىياسى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر سىياسىيونى ئەيسا ئالپتېكىننى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق پالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسياغا تەكلىپ قىلغانلىغىنى قەيىت قىلىدۇ(تايلىر 2003:225). سوۋېت ئەلچىخانىسى ھەتتا ھىجرەتچىلەرگە تۈركىيەنىڭ دىن ۋە مەمۇرىي ھوقۇق ئايرىلغان بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە ئاياللارنى مەجبۇرلاپ ناشايان ئىشلارغا سالىدىغانلىقى، دىن چەكلەنگەنلىكى، ئۇ يەرگە كۆچسە مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى قاتارلىق ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقان. تەيۋەننىڭمۇ خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئۇيغۇرلارنى ئىككى پارتىيەنىڭ ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىغىنى بىلەلەيمىز. تەيۋەن ھۆكۈمىتى ھىجرەتچىلەرنى تەيۋەنگە بېرىشنى خالىمىغان ئەھۋالدا، تەيۋەن پۇقراسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا شەرققە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ھىجرەتچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان تاشقى سىياستىنى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بىرقانچە مىللى دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىلدىكى سىياسى ئويۇنلىرى بىلەن ھىجرەتچىلەر ئوتتۇرسىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىپ، 70 ئائىلە تۈركىيەگە، 88 ئائىلە سەئۇدىي ئەرەبىستانغا، 15 ئائىلە سوۋېت تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسياغا يۆتكەلگەن. ھېچ يەرگە يۆتكۈلۈشنى خالىماي، كابۇلدا قېلىپ قالغان نەچچە ئائىلىلىك كېيىنكى تالىبان-ئامرىكا توقۇنۇشىدا ئىزلىرى ئۆچكەن بولسا، سەئۇدى ئەرەبىستانغا يۆتكەلگەنلەر ئەرەبلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسياغا كۆچكەنلەر بولسا، ئىقتىسادىي قەھەتچىلىككە ئۇچراپ، پەقەت تۈركىيەگە يۆتكەلگەن ھىجرەتچىلەرلا قەيسەرى شەھىرىدە ئۇيغۇر مەھەللىسى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇرلۇق يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالىغان.

خۇلاسە شۇكى، ھىجرەتچىلەر ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشنى تاللىشى يەنىلا زىيانكەشلىكتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام دۆلىتى بولغان ئافغانىستان ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىكىگە ھامىي بولۇپ، ئۆز تېررىتورىيىسىدە ياشاشقا رۇخسەت قىلىسمۇ، ئۇيغۇر بولمىش ھىجرەتچىلەرنىڭ مىللىي كىملىكىگە ئىگە چىقسا ئۆز دۆلىتىنىڭ (ۋە شۇنداقلا مىللىتىنىڭ) مەنپەئەتىگە تاقاشقانلىق سەۋەبىدىن، ئۇممەتنىڭ مەنپەتى ئەمەس، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ھىجرەتچىلەرگە ھامىيلىق قىلىشتىن ۋاز كەچكەن. يەنى، ھىجرەت قىلىش ئۇممەتچىلىك ئىدىئولوگىيىسىدىكى جەمئىيەتتە چۇشۇنۇشكە ئېرىشەلەيدىغان ھەركەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېتنىك كىملىك تەلپىنى مەزمۇن قىلغان سىياسى پائالىيەتلەرنى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇنىڭدىن يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، ئۇممەتچىلىك ئاللىقاچان مىللىي دۆلەتلەردە ئۇتوپىيە نەزەرىيىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام مىللەتچىلىكى ئىگەللەپ بولغان. مۇسۇلمان ئۇيغۇر ھىجرەتچىلەرگە قارىتىلغان بۇنداق ئىككى بىسلىق ئۆلچەم، ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇممەت گەۋدىسىدىن ئاجراپ، مىللىي دۆلەتكە ئۆزگەرگەن بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى دۈچ كېلىۋاتقان ئىسلامدىن ئىسلام مىللەتچىلىكىگە پارچىلىنىشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە مەجبۇر قىلىنىغان زىيانكەشلىك دىنىي كىملىكىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئېتنىك كىملىكىگە قىلىنىغان زىيانكەشلىك بولغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇممەت جەمئىيىتى دىنىنى زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قالالىسىمۇ، ئافغانىستانلىق بولمىش مىللىي (ئېتنىك) كىملىكى بولمىغان ئۇيغۇرلارنى قوغدىيالمايلا قالماستىن، قايتىدىن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان. يەنى، ھىجرەتچىلەر دىنىي جەھەتتىن ۋە ئېتنىك جەھەتتىن تەڭ قوغدىنىشقا موھتاج بولغاندا، ئېتنىك-كۈلتۈر جەھەتتىن ئۆزلىرىگە تېخمۇ يېقىن بولغان مىللىي دۆلەتتە تۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان. ھىجرەتنىڭ يەكۈنىمۇ بىزگە ئۇيغۇرلار ئېھتىياجلىق بولغان مىللى دۆلەت ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە ئېتنىك كىملىكىنى تەڭ قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەل ئۇلار كېيىن ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلغاندا پەقەت تۈركىيەگە كۆچكەن قىسمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىككى خىل كىملىكى بىلەن توپلام ھالىتىدە ساقلىنىپ قېلىشى، تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئېھتىياجلىق مىللىي دۆلەتنىڭ مودېلى بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مىللىي دۆلەت ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز. غەربچە «مىللىي دۆلەت» ئۇقۇمى بولسا ئېنگىلىسچە «**Nation State**» ۋە ياكى فرانسوسچە «**État-nation**»نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى ھەر دۆلەت قۇرغان ئىنسان توپلۇمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىزاھات بېرىلىپ كېلىنگەن. ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئۇقۇمدىكى «**Nation**» بولسا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى سىياسىي جۇغراپىيە ئەنئەنىسى بويىچە ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان دۆلىتى بولۇش ئەنئەنىسىنى، يەنى ئەزەلدىن ھەر مىللەت مەلۇم تېررىتورىيىنى پاسىل قىلىپ ياشاپ كەلگەن ياۋروپادا تىنىچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر مىللەت بىر دۆلەت ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى يەشمىسى بولغان بولسا، ياۋروپادىن باشقا زېمىنلاردا ياۋروپادىن ئۆگىنىپ "مىللى دۆلەت" قۇرغانلار، ئۆز تەۋەسىدىكى ئىنسانلارنىڭ تاق مىللەت ياكى كۆپ مىللەت بولۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «**Nation**» ئۇقۇمىغا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىزاھات بەرگەن. مەسىلەن، كۆپ مىللەت، كۆپ كۈلتۈرلۈك دۆلەت بولمىش ئامېرىكا ياكى خىتاي «**Nation**»نى «دۆلەت» دەپ ئىستېمال قىلىپ كەلسە، ياپونىيە ۋە تۈركىيەگە ئوخشاش سىياسى جەھەتتىن تاق مىللەت تاق كۈلتۈرنى تەرغىپ قىلىدىغان دۆلەت مىللەتچىلىك نۇقتۇسىدىن «**Nation**» ئۇقۇمىنى «بىر مىللەت، بىر دۆلەت» شەكلىدە قوبۇل قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار خىتايچىدىن قوبۇل قىلغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» تۈركچىدە بولسا ئەكسىچە «بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى» دەپ ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ ئىككى تەرجىمىنىڭ ئەسلىسى ئەمەلىيەتتە ئېنگىلىزچىدىكى «**Nation State**» دېگەن ئاتالغۇدىكى «**Nation**» ئۇقۇمىغا بولغان ئىككى خىل يەشىمىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولسا، ئەسلى ياۋروپادىن كىرگەن تۈركچىدىكى «لائىك(دىنىي ھوقۇق بىلەن سىياسى ھوقۇق ئايرىلغان تۈزۈلمە)» ئىدىيىسى ياۋروپادا لائىك قوشۇلغان دېموكراتىيە ھالىتىدىكى سىياسى سېستىمىنى دۆلەت تۈزۈلمىسى قىلغان

بولسا، ئۆز «مىللىي دۆلىتى»نى قۇرغان ئىسلام دۆلەتلىرىدە «لائىكلىك» قوشۇلغان «مىللەتچىلىك» دېگەن سىياسىي تۈزۈلمە شەكلىگە ئۆزگەرتىلىپ سۈيئىستېمال قىلىنغان. مەيلى «Nation» ئاتالغۇسىنى «بىر مىللەت بىر دۆلەت» شەكلىدە سۈيىستىمال قىلغان ياۋروپا دۇۆلەتلىرى بولسۇن، ۋەياكى «Nation» دېگەننى دۆلەت ئاتالغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلىتى بولسۇن، ئىجتىمائى سىياسىي هوقۇقنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن تەڭ، قانۇن تۈزۈلمىلەرنىڭ مەلۇم گورۇهتىن پۇتۇن پۇقرالارنىڭ قولىغا ئۆتۈشىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، هازىر بۇ دۆلەتلەردە «Nation State»كە بولغان ئىزاهات «پۇقرا دۆلىتى» دېگەن دېموكراتىك مەزمۇنغا مەركەزلەشمەكتە. دىموكراتىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بۇ دۆلەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دىنىى سىياسەتكە سۈيئىستېمال قىلىشتىن ئازاد قىلىپ، ئۇنى نۇقۇل شەخسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قايتۇرۇش ئىشىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالىغان. مەيلى خىرستىئان- كاتولىك  ئارقا كۆرۈنىشىگە ئىگە ياۋروپا دۆلەتلىرى (ئامېرىكا-كانادا-ئاۋستراليە قاتارلىق جۇغراپىيە جەهەتتىن ياۋروپا بولمىسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ) بولسۇن، ۋەياكى خىرىستىئانلىق ئەنئەنىسىدىن كۆپ يىراق ياپونىيە بولسۇن، قانۇنىي هوقۇقتىكى باراۋەرلىكنى هەر بىر پۇقراغا قەدەر ئەمەلىيەشتۈرەلىگەن بۇ دۆلەتلەردە ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلار ئۈمىد قىلغان دىنىنىڭ سىياسەتتىن خالىي بولۇشنى «Nation State»نىڭ مىللىي دۆلەتتىن «پۇقرا دۆلىتىگە» ئۆتۈشىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرالىغان. دېموكراتىيەنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغان، يەنى «Nation State» تىكى «Nation» ئاتالغۇسىنى «مىللەت» ياكى «دۆلەت» ئۇقۇمىدىن «پۇقرا» ئۇقۇمىغا كېڭەيتەلمىگەن دۆلەتلەر بولسا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن دىنىى داۋاملىق سۈيئىستېمال قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. سايلام هوقۇقى بار قانۇنىي تۈزۈلمىلىرىدىكى ئىسلام دۆلىتى پاكىستاننى مىسالغا ئالساق، ئىسلام مىللەتچىلىكىنىڭ تارمىقى بولغان پاكىستان مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرى بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ كەلمەكتە ۋە شۇ سەۋەبتىن ئەسلى دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئەمەلگە ئېشىشقا تېگىشلىك ئاياللار هوقۇقى، خىلاپەت ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئەركىنلىكلەر تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى يوق.

## ئۈچىنچى بۆلۈم: ئىسلام مىللەتچىلىكى ۋە ئۇيغۇر مىللى هەركىتى

ئىسلام ئىسلامىزم بولۇپ بولغان، بارچە مۇسۇلمان مەلۇم كۈچ ئاستىغا مەلۇم ئىسلامىزم هالىتىدە ئۇيۇشۇپ ئۆزىگە بىر باشپاناھ بولىدىغان مىللى دۆلەتكە ئەزا بولۇۋالغان ياكى بولۇشقا تىرىشىۋاتقان بۇ رېئال دۇنيادا، ئۇيغۇر مىللىتى مىللىي داۋا ئۈچۈن ئىسلامىي تونىنى نەدىن پىچىشى كېرەك؟ ئەرەب ئىدىئولوگىيىسىدىكى ئىسلامىمۇ (شەرىئەت دۆلىتى، ۋاهابىلىق، خەلىفىلىك دېگەندەك)، ئىران ئىدولوگىيەسىدىكى شىئە ئىسلامىزمىمۇ(مەهدىيە، 12 ئىمامچىلىق) ۋەياكى تۈرك ئىدولوگىيەسىدىكى ئىسلامىزمىمۇ (دىنىى مىللى كۈلتۈرنىڭ تەركىبىگە  كىرگۈزۈش، ۋە ئېتىنىك كىملىكنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش)؟

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا غەربتىن ئالغان مىللىي كىملىكى بىلەن ئىسلامدىن ئالغان دىنىي كىملىكى ئارىسىدا قايسىغا ئالدىدا ئىگە چىقىش، قايسىسى قايسىسىنى قوغداش ۋە ياكى قايسى بىرسىنى يەنە بىرسىگە خىزمەت قىلدۇرۇش دىگەندەك تالالاشلار ئىچىدە قايمۇقماقتا.

ئەمدى باشتىكى قۇرلاردا بۇ يازمىنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان دوپپا بىلەن هېجابنىڭ جېدىلىگە قايتىپ كەلسەك، ئىسلامنىڭ ئىسلامىزملىق رېئاللىقنى چۈشۈنۈپ يەتمىگەن دىنغا مايىل ئۇيغۇرلىرىمىز بولسا، دىنىي شەكىل بىلەن مىللىي داۋانى ئېلىپ بېرىشنى، مىسالەن دىنىي ئېتىقاد ۋە كىيىم-كېچەك شەكلىنىڭ شەخسىنىڭ دېموكراتىك تاللىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مىللىي داۋاغا تەسىر قىلمايدىغانلىقنى تەكىتلەپ كەلمەكتە. ئەمما، ئىسلامنىڭ ئىسلامىزملىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامىي كۆز-قاراش ۋە ئىسلامىي كىيىنىشلەرنىڭ مىللىي داۋانىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە لايىق تون قىلىپ پىچىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا دىنىي ئېهتىياج ئالدىغا سۈرۈلۈپ، مىللىي ئېهتىياج بولغان مىللىي دۆلەت قۇرۇش نىشانى  چەتكە سۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقنى  تولۇق چۈشۈنۈپ  يېتەلمەسلىكتەك ئەهۋاللار

مەۋجۇت بولماقتا. ئوخشاش ئىسلام ئۇممەت گەۋدىسىدىن ئاجراپ، مىللىي دۆلەت قۇرغان تۈركىيە بولسا، دىنىي ئېھتىياجنى مىللىي ئېھتىياجنىڭ ئالدىغا قويغاندا مىللىي دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىپ ئاخىردا مۇنقەرىز بولۇش خەۋپىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن، نەچچە قېتىملىق مىللەتچىلىكە قايتىشنى مەقسەت قىلغان ھەربى ئۆزگۈرۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەپ دۆلەتلىرىدەك دىنىي ئۇرۇشلارنىڭ پاتقىقىغا پاتماي كېلىۋاتىدۇ. تۈركىيەنىڭ داۋاملىق مىللىي دۆلەت بولۇپ تۇرالىشىغا ئىسلام بىلەن مىللەتنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاشتا لائىكلىقنى ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇبتا ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدىن بولغان. بۇنى تۈرك خانىم قىزلارنىڭ ھىجابلانمايدىغان، ئەمما ئوچۇق يۈرمەيدىغان خاس كىيىنىشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسلامنىڭ نۇقتىسىدىن بۇنى ئىسلامنىڭ مەھەللىۋىيلىشىشى (يەرلىكلىشىشى) دەپ قارىساق، ئېتنىك گۇرۇپپا نۇقتىسىدىن بۇ ئۆزلۈكنىڭ ئىسلاملىششى ھېساپلىنىدۇ. مىللەت ياكى تائىپە ئاتالغۇسىغا قارىتا خېلى بىر قىسىم دىنىي زىيالىلىرىمىزدا قارشىلىق مەۋجۇت. ئۇلارچە بولغاندا، ئۇممەتچىلىك تەرغىپ قىلىنىدىغان ئىسلام بىلەن ئايرىمچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان مىللەتچىلىكنى بىر يەرگە ئەكلىش خاتامىش. ئەمما، ئىسلامدىكى مىللەتچىلىككە، ئۇرۇقۋازلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ سەۋەبى بولسا، مىللەتچىلىك قىلىشقا قارشى بولماستىن، مىللەت بولۇپ ئايرىلىپ، كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان. بۇ خۇددى بىر ئىنسان مۇشتلىشىشنى مەشىق قىلىپ ئۆزىنى قوغداشقا ئىشلىتىشى بىلەن باشقىلارنى بوزەك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەندەك پەرقتىن ئىبارەت. كىرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تۇماق بىلەن رومال، قەشقەر ئاياللىرىنىڭ دوپپا بىلەن رومال قىياپىتى، دەل ئىسلامى ئەخلاقنىڭ مىللىي ئەنئەنە بىلەن ئۇيغۇنلۇق بىرىكىشى بولۇپ، دەل تۈرك خانىم قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر خانىم-قىزلارنىڭ ئىسلامىي ۋە مىللىي قىياپىتىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ كەلگەن.

ئىنسان بولۇش سۈپىتى، بىلەن مەۋجۇتلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش تەس ئەمەس. تاللاشلارنىڭ بىرىنچىسى بولسا جىسمانى (بىئولوگىيەلىك) مەۋجۇتلۇقلا نەزەرگە ئېلىنسا، خىتاي دۆلىتىنىڭ قويغان شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي كىملىك ۋە دىنىي كىملىكنى تەڭ تاشلاپ خىتاي كۈلتۈرنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشىنى قوبۇل قىلسا، ئۇيغۇرلار جىسمانىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەمما بۇ «مەۋجۇتلۇق»نىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق بىر مۇسۇلمان توپلۇمنىڭ يوقۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، ئاخىرقى نەتىجىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمەس، خىتاي كۈلتۈر چەمبىركىنىڭ كېڭىيىشىگە ھەسسە قوشۇش ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

ئىككىنچى خىل «مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش» ئۇسۇلى بولسا، ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرى چېگرىسى ئىچىدە ھۆكۈمران مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلام مۇھىتىدا، مىللى كىملىكنى يوشۇرۇپ (ياكى تاشلاپ) دىنىي كىملىكنى ساقلىغان ئاساستا "مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش" دىيىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىككىنچى خىل تاللاشقا شۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسى ئېھتىياجىنىڭ قۇربان بولۇش خەۋپىمۇ قوشۇلغان. يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان  ھىجرەتچىلەر مۇسۇلمان دۆلىتى بولغان ئافغانىستاندىن قايتا ھىجرەتكە ئاتلىنىشى، مىللىي دۆلەت قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئۇلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ بۇنداق تاللاشتا دالدا بولالمىغان رېئال قىسمىتىنى ئېنىق دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇر ئاتلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەت ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بولسۇن، پاكىستان، ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا «جىنايەتچى» قاتارىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى بولسۇن، ۋەياكى 2017-يىلىدىكى مىسىرنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بولسۇن، مىللىي كىملىكنى قوغدايدىغان ئۆز دۆلىتى بولمىغان ئۇيغۇرلارغا مۇسۇلمانلىقنىڭ سىياسى جەھەتتىن ھەچ نەرسىگە دالدا بولالمايدىغانلىقى، كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان ئېچىنىشلىق رېئاللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى بىز كېڭەيتىپ باشقا ئوخشاش تەقدىردىكى ئىسلام دىنىدىكى مىللى توپلۇملارغا قارايدىغان بولساق، مەسىلەن مىيانماردىكى مۇسۇلمان روھىنىلارنىڭ بۇددىست (مەيلى پۇقرا بولسۇن ۋە ياكى ھۆكۈمەت قوراللىق قىسمى بولسۇن)لار تەرپىدىن قىرغىن قىلىنىشى، يالغۇز ئىسلام دىنىنىڭلا دۆلەت سىياسىتىگە سىياسى سۈيىستىمال قىلىنمىغانلىقى، ئىنسان ئەمەس، ھەرقانداق ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەھدىت قىلىدىغان بۇددا دىنىنىڭمۇ ۋاقتى كېلگەندە دۆلەت ئىچىدە ھوقوقدار

بولغان مىللەتنىڭ مىللى مەنپەتى ئۈچۈن سۈيىستىمال قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. قىسقىسى مىللى كىملىكنى قوغداپ تۇرۇدىغان دۆلەت بولمايدىكەن، دىننى كىملىكمۇ ئاخىرقى ھېساپتا ھېچقانداق قوغداشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقتەك ئاچچىق رىياللىقنى ھازىرقى زاماندىكى مىللى دۆلەت ئاساسىدىكى خەلىقارا مۇناسىۋەت يېزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇقۇل دىننى مەۋجۇتلۇقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتەك "مەۋجۇتلۇق" ئۇستىدىكى ئىككىنچى خىل تاللاشنىڭمۇ رىيال ئەمەسلىكى دەلىللىنىپ تۇرۇپتۇ.

مەۋجۇتلۇق ئۇستىدىكى ئۈچۈنجى خىل تاللاش، يەنە مىللى مەۋجۇتلۇقنى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇپ دىننى مەۋجۇتلۇقنى ئۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا ئېلىپ بېرىش (دىنىي مىللەتچىلىك)، تېخىمۇ ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا باشقا دۆلەتنى بار مۇسۇلمان توپلۇملىرىدەك، مىللىي دۆلەتنى بولۇشنى ئالدىدا ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ (مۇسۇلمان) دىنىي كىملىكىنى قوغداشنى قولغا كەلتۈرۈش، داۋىنى ئېگىز، مۇساپىسى ئۇزۇن، ئەمما دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى تەڭ ساقلىغىلى بولىدىغان بىردىن بىر تاللاش ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرى «ۋەتەن»نى ئاللاغا تاپشۇرۇش، ھىجرەتتىكى ھەر ئۇيغۇر توپلۇمى ئۆزلىرى يەرلەشكەن دۆلەت ۋە رايونلاردا يىلتىز تارتىشنى، كۆچ توپلاپ شۇ يەردە تەسىر قىلالايدىغان ھالەتكە يېتىپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي ۋە دىنىي كىملىكنى تەڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. بۇ خىل تەشەببۇس ئاۋايلىنىپ كەلگەندە (غەرىپ ۋە ئامېرىكىدەك يۇقىرا دۆلەتتە مۇمكىن بولسىمۇ) يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان ئىككىنچى خىل تەشەببۇس بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، بۇ خىل يەرلىشىشنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىنى بەرپا قىلىش بولمىغان ھالەتتە يەنىلا مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى سودىلارنىڭ قۇربانى بولۇش خەۋپىدىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنى ئۆتمۇ شتە ئىككىمىڭ يىل سەرسانلىق ئىچىدە خارلانغان يەھۇدىلارنىڭ قىسمىتىمۇ، نەچچە دۆلەتنىڭ ئوتتۇرسىدا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرالماي يۈرگەن كۇرتلارنىڭ قىسمىتىمۇ ئىبرەتلىك مىسال بولالايدۇ.

مىللىي دۆلەت قۇرۇش ھازىرقى زاماندا بۇ دۇنيادىكى مىللىي دۆلەتلەرنى ئاساسلىق ھۆجەيرە قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئىلمىي جەھەتتىن بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مىللىي كىملىكنى قوغداپ تۇرىدىغان مۇستەقىل دۆلەتنى بولمىغان ئەھۋالدا، دىنىي كىملىكنىمۇ ساقلاش قىيىنغا چۈشۈشنىڭ سەۋەبى بىزنى «مىللىي دۆلەت»نىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

ئىنسان ھەقىقىي تۈردە ھۆرلۈككە ئېرىشكەندە ۋە بۇ ھۆرلۈكنى قانۇنىي جەھەتتىن، تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە ئىزچىل قوغداشقا كاپالەت بېرەلەيدىغان دۆلەت ئاپپاراتى مەۋجۇت بولغاندا، دىن ئاندىن ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى تۈز سىزىقلىق مۇناسىۋەتكە يەنى، شەخسىي ئېتىقاتقا ئايلىنىدۇ (ياكى قايتىدۇ).

ئىسلامنى ھېچقانداق «ئىزم» ۋە پىكىر-ئېقىمغا سۈيئىستېمال قىلماي، ئۇقۇل شەخسىي ئېتىقاد بولۇشىغا مىللىي دۆلەتمۇ، ئىسلام دۆلىتىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. خۇددى ۋاھابىلارنىڭ كۈچى بىلەن دۆلەت قۇرغان سەئۇدىي خان جەمەتى، بۇنىڭغا يارىشا ۋاھابىزمنى سەئۇدىي ئەرەبىستان دۆلىتىنىڭ «ئىسلام+ئىزم»ى قىلىپ خان جەمەتىنىڭ سىياسى ھوقۇقلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاندەك؛ ۋە ياكى **1979**-يىلدا ھۆمەينى ئىران خان ئائىلىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىران ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغاندا شىئە ئىسلامنى قانداق سۈيئىستېمال قىلىپ شىئە ئىسلامىزم دەرىجىسىگە كۆتەرگەندەك؛ مالاي مىللىتىگە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى قانۇنلاشتۇرۇپ ئۆلارنى ئورمانلاردىن ھەيدەپ چىقىپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىسلام دۆلىتى مالايسىيا بولسۇن؛ ۋەياكى ئەڭ يېقىنقى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان تالىبان، ئەلنۇسرە، دائىشلار ئۆز ھەرىكەت قىلمىشلىرىنى ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن كۆچەپ چۈشەندۈپ، ماھىيەتتە بولسا ئىسلامنى مىللەتانت ئىسلامىزم ئۈچۈن دەستەك قىلىۋاتقاندەك... «ئىزم» ۋە ئىدئولوگىيەلەرگە يۇغۇرۇلمىغان ئۇقۇل ئىسلام ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. **90** يىللىق «لائىك» دۆلەت ئەنئەنىسىگە ئىگە تۈركىيەنى ئېلىپ ئېيتساق، خېلى مۆكەممەل

ئىجتىمائىي قانۇنى بولۇشىغا قارىماي، سىياسىي پارتىيەلەر ئۆز سىياسەتلىرىدە ھەر خىل ئىزملارغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ سۇيىئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئىسلامنىڭ سىيماسىنى ھەم كۆرەلەيمىز. مەيلى ئىسلامنىڭ «ئوتتۇرا يول»نى تاللىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاق پارتىيە بولسۇن، ياكى مىللەتچى پارتىيە م ھ پ، ياكى ج ھ پ بولسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مەقسەت ۋە مەنپەتلىرى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆز سىياسەتلىرىگە سۇيىئىستېمال قىلىپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

«Nation» گەۋدىسى بىلەن قۇرۇلغان  بارچە ئىسلام دۆلەتلىرى ئىرقىي ۋە دىنىي قالايمىقانچىلىقتىن نېمە ئۈچۈن خالى بولالمايدۇ دېگەندە، دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، پۇقرانىڭ ھوقۇقى ئىجتىمائىي قانۇن بىلەن قوغدالماي، دىن يەنىلا ئىسلامىزم تەرىقىسىدە سۇيىئىستېمال قىلىنىپ كەلگەنلىكىدىن بولغان دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. ئىسلام دۆلەتلىرى ئىچىدە «Nation» دۆلىتى بولۇپ، ئىجتىمائىي قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان تۈركىيەنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەسىلەن، فەتھۇللاچىلار ئاۋام خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قانداق «ئىزىم»لار بىلەن تەسىر قىلىپ دۆلەت ھوقوقىغا تەسىر قىلىپ كەلگەن بولسا، فەتھۇللاچىلارنىڭ سىياسى تەسىرىدىن چۆچىگەن «ئوتتۇرا يول»دىكى رەجەپ تايىپ ئەردوغانمۇ يەنە شۇ ئىسلامنى سۇيىستىمال قىلىپ، ئاۋام خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھەربىي ئۆزگۆرۈشنى مەغلۇپ قىلىپ، فەتھۇللاچىلارنى ئۈجۈقتۇرۇپ تازىلاۋاتىدۇ. بۇ ئىككىلا تەرەپ، ئاۋام خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ھەر ئىككىلىسى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن، ئەمما ئوخشاش ماھىيەتتىن، يەنە ئىسلامنى «سىياسى ئىسلامىزم» نۇقتىسىدىن سۇيىئىستېمال قىلىپ كەلمەكتە.

ئەمدى بىز تېخىچە ئىسلام جەمئىيىتى دەپ ئاتاۋاتقان، ئەمما چېگىرا ئىچىگە پارچىلانغان كەڭ مۇسۇلمانلار بولسا، ھەر خىل «ئىزم»لار بىلەن ىنقابلانغان، بويالغان ئىسلام جەمئىيىتىدە گاڭگىراپ، نېمىنىڭ ۋە كىم تەرغىپ قىلىۋاتقان ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نوقۇل دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىكى ئىسلام ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۆز ھېسياتلىرىدىن چىقىش قىلىپ ئۆزلىرى توغرا كۆرگەن ئىسلامىزم يوللىرىغا ئەگەشمەكتە. مۇسۇلمان بولمىش ئۇيغۇرلارمۇ بۇنداق گاڭگىراشتىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ياغلىقنى قايسى يەرگىچە چەگسە «مەھرەم» بولمايدىغانلىقى، نامايىشقا قانداق كىيىنىپ چىقسا ھەم دىنىي، ھەم مىللىي كىملىكنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار يۈز بەرمەكتە. ئەمما، نۇرغۇن ساددا ئۇيغۇرلىرىمىز چۈشەنمەيدۇكى، ئىسلام شىئە بىلەن سۈننىگە ئايرىلغان چاغدىلا نۇقۇل دىنىي ئېتىقاد بولغان ئىسلام ئالىقاچان سىياسى مەنپەئەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئىسلام دۇنياسى چۈشكۈنلىشىپ غەرب باش كۆتۈپ، ھەر خىل ئىدىئولوگىيەلەرنى كۆتۈرۈپ چىققاندا بولسا، ئىسلام دۇنياسى تېخىمۇ كۆپ ئىسلامىزملارنىڭ ۋارىيانتلىرىغا غەرق بولغان ئىدى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە دىنىنى شەخسىي ئېتىقاد بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىغان دۆلەت شەكلىدىن ھازىرغا قەدەر پەقەت «پۇقرا دۆلىتى»لا مەۋجۇت. پۇقرا دۆلىتى مىللەت ياكى دىنىي باراۋەرلىكنى ئەمەس، ھەر ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى قانۇنىي باراۋەرلىكىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، دىن ۋە مىللەت كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىدىن چېكىنىپ شەخسكە قايتقان. يەنى دىنىي ئېتىقاد، ۋە تەبىئىي ياشاش ئۇسۇلى (مىللەت كۇلتۇر) شۇ قانۇن ئاستىدىكى ھەر پۇقرانىڭ شەخسىي ئىش بولۇشى ئەمەلگە ئاشقان. پۇقرا دۆلىتىنىڭ يەنە بىر ئىدولوگىيەلىك ئاساسى «پۇقرا مىللەتچىلىكى»دىن ئىبارەت. پۇقرا مىللەتچىلىكى پۇقرا دۆلىتىدە ئەمەلىيلەشكەن ئىدىئولوگىيىلىك كۆز-قاراش بولۇپ، بۇ ئۇقۇمدا «مىللەتچىلىك» ئاتالغۇسى ھەرگىزمۇ تەبىئىي، يەنى تىل، كۇلتۇر، ئۆرۈپ-ئادەت قاتارلىقلارنى بىرلىك قىلغان مىللەتنى كۆزدە تۇتقان بولماستىن، ئەركىنلىك قىممەت قارىشى بولغان ھۆرلۈك، ھۆرمەت، باراۋەرلىك، ۋە شەخسىي ھوقۇق قاتارلىقلارنى قانۇنىي ئاساس قىلىش ئارقىلىق، ھەر بىر پۇقرانى بۇ قانۇن ئالدىدا ئوخشاشلىقتا ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. جىسمانىي ۋە روھىي ھۆرلىك ئىجتىمائىي قانۇنلار بىلەن ھەممە پۇقراغا باراۋەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغانلىق سەۋەبىدىن، ئوخشاش جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان ئىدىيە، ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى ئىنسانلار توقۇنۇشماي، ئۆچمەنلەشمەي بىرگە ياشىيالىشى ئەمەلگە ئاشقان. ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى ئۇرۇش قايىنمىدىن قاچقان مۇسۇلمانلارنىڭ توپ-توپى بىلەن ياۋروپادىكى پۇقرا دۆلەتلەرگە ئېقىپ

كىرىشى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردىن بەكرەك، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنى دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلىغان ھالدا خاتىرجەم ياشىيالايدىغان بىر جەمئىيەتكە تاپشۇرۇشنى مەقسەد قىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئەمدى ئۇيغۇرلارغا قايتىپ كەلسەك، ئىسلامنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ئەمەس ھازىرقى رېئال ھالىتىدىن چىقىش قىلغاندا، ئۇيغۇر داۋاسىنى «ئىزم»لار دۇنياسىغا غەرىق قىلمىغان ئاساستا قانداق «ئىزم» بىلەن قوراللاندۇرغان ئىسلامنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش، بۇ ئۇيغۇر مىللىي داۋاسى قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي تالاش –تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. سىياسى ئىسلامىزممۇ، ۋەياكى مىلىتانت ئىسلامىزممۇ؟ ۋە ياكى كۇلتۇر ئىسلامىزممۇ؟ تالاش-تارتىشقا ئارىلاشقان ھەر ئۇيغۇر ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن ئەمەس، ھېسسىي بىلىشلىرى بىلەن چۈشەندۇرۇپ كەلمەكتە. دوپپىلىقلار نامايىشتىكى ھجابلىقلارنى «رادىكال ئىسلامىزم» كۆرۈنۈشىگە باغلىسا، قارا ھجابلىقلار بۇ خىل كىيىنىشنىڭ دىنغىمۇ، دېموكراتىيىگىمۇ ئۇيغۇن بولغانلىقىغا چىن پۈتۈپ كەلمەكتە. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل مىللىي دۆلىتى بولمىغان ئۇيغۇرلارغا دېموكراتىيەنى بۇ خىلدا ئىپادىلەشنىڭ مەنپەت ئېلىپ كەلمەيلا قالماي، تارقاتقۇلاردا ئۆزلىرى قۇربان بېرىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي ھەركىتىگە خاتا ماركا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي يۈرمەكتە.

دىننى مۇتلەقلەشتۈرۈش (دىننىڭ نوپۇزىنى ياراتقۇچىنىڭ نوپۇزى ئورنىغا قويۇش)، دىننى ئىنسانلىقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، شۇنىڭدەك دىننى زىيالىلىرىمىزدا ئاللا ياراتقان (تەبىئى قانۇنىيەتلەرنى چۈشەندۈرىدىغان) تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىڭ كەم بولۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ توپلام ھالىتىدىكى رېئال كارتىنىسىنى يېشىپ بېرىدىغان جەمئىيەتشۇناسلىق، خەلقئارا مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىجتىمائىي بىلىملەرنى دىن خىزمىتىدە مېتود قىلىپ ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاۋام پۇقرالارغا دىنىي مەسىلىلەرنى ھازىرقى رېئال دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە چۈشەندۈرۈشتە قىينالماقتا ۋە دىننىڭ يۆنىلىشىنى مىللىي  مەۋجۇتلىقىمىز بىلەن ئوخشاش يۆنۈلۈشتە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، باشقا مىللەتلەردىكى ئىسلام مىللەتچىلىرىنىڭ خېلىلا ئارقىسىدا قالماقتا. خۇلاسە شۇكى، ئىسلامنى ئىسلام جەمىيىتىدىكى رېئاللىقى بىلەن چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش، دىنىي كىملىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئالدىدا مىللى كىملىكنى ساقلاشقا كاپالەت قىلىدىغان مىللىي دۆلەت بولۇشى كېرەكلىكىنى، مىللىي دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشۇش ئۈچۈن دىننى مىللەتچىلىككە مەنسۇپ ئىسلام مىللەتچىلىك مەيدانىدا ئۇيۇشۇش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن، دىنىي كىملىكنى ساقلاشنىڭمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى ۋە شۇنى دىنىي نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇشى، ھازىرقى دىنىي زىيالىلىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى تارىخى ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

ئىزاھاتلار:

تۈرك ئىسلام سېنتىزى: تۈركىيەدىكى مىللەتچى زىيالىيلار ئەينى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي كىرزىسلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئايدىنلار ئوچىقى نامىدىكى زىيالىيلار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغان، **1980**-يىللاردىكى ھەربى ئۆزگۈرۈشتە ھەربىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تۈركچىلىك ئېقىمىدىن ئىبارەت.

بەش ئاساسى پىرىنسىپ: خىتاي ھۆكۈمىتى **1954**-يىلدىن بېرى ھازىرغا قەدەر باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىنگەن تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم دەپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارلاشماسلىق دىگەن پىرىنسىپنى تەرغىپ قىلىپ كەلگەن. بۇ پىرىنسىپنى دەستەك قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قاراپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارلىششىغا قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە.

**2003**-يىلى ياپونىيەنىڭ دۆلەتلىك تارقاتقۇسى ياۋرو-ئاسيا ھەققىدە بىر قىسىملىق فىلىم ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ فىلىمگە ھىجرەتچىلەرگە ئائىت قىسىم كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر فىلمدە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا ئامان

قالغان ھىجرەتچىلەرنىڭ بىر ئەزاسىنى كابۇلدىن تېپىپ زىيارەت قىلغان. ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىش سەۋەبلىرىنى قىلىمگە ئالماقچى بولغان ياپونىيەلىك رېژىسسور خاتا ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە ھەمرالىرى ئافغانىستاندا ماشىنا ۋەقەسىدە قازاغا دۇچار بولغان.

**پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**


**1. Islamism—What it means for the Middle East and the world, Tarek Osman 2016 Yale University Press, New Haven and London.**

**2.**『トルコのウイグル．ディアスポラ集団に関する文化人類学的研究』 **2012 Http://jairo.nii.ac.jp/0156/00004359**

**3.**『知られざる祈りーー中国の民族問題』加々美光行 **1992** 新評論

**4. Türkistan 1953 (6 san), doghu türistan köchmenler dernegi**

**5. Gök bayraq, sayi1-87, 1994-2009 doghu türistan kültür we dayanishma dernegi**

**6.** 『トルコ近現代史——イスラームから国民国家へ』，新井政美、**2001**、みすず書房

**7.**『中ソ対立と現代——戦後アジアの再考査』中嶋嶺雄 **1978** 中央公論社

**8. Wild West China-The Taming of Xinjiang, Christian Tayler, 2003, Rutgers University press**



# خىتاي سەئۇدى بايلىرىغا هالال ئىچكى ئەزا سېتىش ئۈچۈن مۇسۇلمان تۇتقۇنلارنى ئۆلتۈرمەكتە

زاك دوفمان



زاك دوفمان ( Zak Doffman) ئەنگلىيەدىكى Digital Barriers ناملىق شىركەتنىڭ خوجايىنى ۋە فوربىس، س ن ن قاتارلىق تاراتقۇلارنىڭ ئالاھىدە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ شىركىتى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە شىركەتلەرنى دۆلەت مۇداپىئەسى، تور بىخەتەرلىكى ،ۋە نازارەت تېخنىكىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ماقالىلىرى خىتايدەك دىكتاتورلارنىڭ يۈرىكىنى سىقىرىتىپ كەلمەكتە.

*** يېڭى گۇۋاھچىلاردىن بىرى خىتاي سەئۇدىيىلىق باي خېرىدارلىرىنى «هالال» ئىچكى ئەزا بىلەن تەمىن-لەش ئۈچۈن، مۇسۇلمان مەھبۇسلارنى «زاكاسقا بىنائەن ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى» نى ئوتتۇرىغا قويدى.**

*** بۇ خىتاينىڭ ئىچكى ئەزانى مەجبۇرىي سۇغۇرىۋېلىشتىن ئىبارەت بىر مىلياردلىق خۇن سودىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ قىلمىش «ھەددىدىن ئاشقان ئىپلاسلىق» دەپ ئاتالدى.**

*** شەرقىي تۈركىستان زېمىنى بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «دوزاخ»قا ئايلاندى.**

**ئىچكى ئورگانىنى ئېلىۋېلىش مەشغۇلاتى زىيانلانغۇچىنىڭ تىرىك ھالىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئىچكى ئورگانلار زاكاس قىلىنىدۇ ۋە پۇلى ئالدىن تۆلىنىدۇ. يازمىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەيت يېتىپ كەلگەندە، خېرىدار سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۆيىدىن خىتايدىكى بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىلاردىن بىرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەنە شۇ دوختۇرخانىدا ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى تاماملىنىدۇ ۋە سودا پۈتىدۇ.**

**بىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر ياشنىڭ ئىچكى ئەزاسىنى تىرىك توختۇتۇپ سۇغۇرىۋېلىش مەشغۇلاتىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ تەسۋىرلىشىچە، تىرىك ھالەتتە ئىچكى ئەزاسى سۇغۇرىۋېلىنغان ياش شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەن. سەئۇدىيىلىق خېرىدارنىڭ نەزىرىدە بۇ ياشنىڭ ئورگىنى هالال ئىكەن، دىنىي جەھەتتىن ئۇيغۇن ئىكەن ۋە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشقا ئەرزىيدىكەن.**

## سەۋەبسىزلا جىنايەتچى بولۇپ قېلىش

ئالدىنقى يىلى ئىيۇن ئېيىدا، خىتاينىڭ مەھبۇسلاردىن مەجبۇريي ھالدا ئىچكى ئەزا سۇغۇرۇۋېلىشىنى تەكشۈرىدىغان بىر مۇستەقىل سوت مەھكىمىسى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكمىنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈمنامىدە خىتاينىڭ جىنايىتى «شۈبھىلىنىشكە ئورۇن قالمىغان جىنايەت» دەپ بېكىتىلدى. تەكشۈرۈش كوللېگىيىسى بىردەك ھالدا ۋىجدان مەھبۇسلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرۇۋېلىشنىڭ ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مەھبۇسلارنىڭ سانىنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

سوت كوللېگىيىسى يەنە بۇ خىلدىكى مەجبۇريي ئورگان «تەقدىم» قىلىش ھەرىكىتىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ نىشان قىلىنغانلىقىنى بايقىغان. فالۇن گۇڭپىسى مۇرتلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھەممىدىن ئېغىر زۇلۇم كۆرگەن. ۋىجدان مەھبۇسلىرى بىرەر جىنايەتكە ئارىلىشىپ قالغان ئەمەس ئىدى.

نۆۋەتتە بىر گۇۋاھچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەزى مۇسۇلمان تۇتقۇنلار زاكاسقا بىنائەن ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن سۆزنى ئىسپاتلىدى.

بۇ خىل تۇتقۇنلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى «ھالال ئىچكى ئەزا»غا ئېھتىياجلىق سەئۇدىيلىق بايلارغا سېتىلىدىكەن. بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھچى خىتاي ئايال بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى ھەپتىدىكى بىر مېدىيا زىيارىتىدە، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزا يۆلۈپ ئېلىش مەشغۇلاتىغا قاتناشقانلىقىنى بايان قىلغان. باشقا گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ خىتاي ئايالمۇ ئوخشاشلا ئىچكى ئەزالارنىڭ مەھبۇستىن تىرىك ھالەتتە سۇغۇرىۋېلىنىدىغانلىقىنى تەستىقلىغان.

(بىز باشتا ئېيتقان) ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزا سۇغۇرىۋېلىش ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشقانلىقىنى تەستىقلىغان دوختۇرنىڭ ئىسمى ئەنۋەر توختى. ئۇ بىر يىل ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ «ھالال ئىچكى ئەزا» تىجارىتىدە نىشان قىلىنغانلىقىنى، سەئۇدىيلىق خېرىدارلارنىڭ دىنىي جەھەتتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ قاراپ، بۇ ئىچكى ئەزالارغا خېرىدار بولغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى.

ئەنۋەر سەئۇدىيلىق خېرىدارلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپلا ئىچكى ئەزا زاكاس قىلالايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى زاكاس قىلغان ئورگاننىڭ پۇلىنى تاپشۇرىۋېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## ھەقىقەتنى يوشۇرۇش

خىتاي ھۆكۈمىتى **2014**-يىلى مەجبۇريي ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىشنىڭ قانۇنسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى. بىراق، ئەمەلىيەت بۇنىڭ قارىشىسىدا. مۇستەقىل سوت كوللېگىيىسى شاھىت ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى توغرۇلۇق ئىزدەنگەندىن كېيىن، خىتايدا مەجبۇريي ئورگان يىغىۋېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارغا دەستەك بولىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىچكى ئەزانى ئېلىۋېلىش ئوپېراتسىيىلىرىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتىكى دوكلاتلاردا، خىتايدىكى مەجبۇريي ئىچكى ئەزا ئېلىۋېلىش ئوپېراتسىيىلىرى يىلدا **60** مىڭدىن **100** مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن.

ئالدىنقى يىلى نويابىردا، « **BMC** تىببى نەزىرىيە ژۇرنىلى»دىكى بىر دوكلاتتا، خىتاينىڭ ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئۆزى خالاپ ئورگان تەقدىم قىلمىغانلارغا ياكى ئورگان تەقدىم قىلىشقا مەجبۇرلانغانلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى باستۇرۇش ئارقىلىق سۇئىيى ھالدا كونترول قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا بايان قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى پىلانلىق ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلىش ئارقىلىق، بۇ ھەقتىكى ئەسلى پاكىتنى يوشۇرغان. **2015**- يىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىك فىلىمدىن بىرىدە، خىتايدىكى قانۇنسىز ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش

جىنايىتى سەۋەبلىك قولغا كېلىدىغان تاپاۋەتنىڭ بىر مىليارت دوللارغا يېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## جاۋاب كەلمىدى

«BMC» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدىن كېيىن، مەن خىتاينىڭ ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش ئالاقە سېستىمىسى ۋە خىتايدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن مۇشۇ دوكلات ھەققىدە ئۇلاردىن جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن ئالاقىلاشقان بولساممۇ، ئەپسۇسكى ئۇلاردىن ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم.

مېنىڭ ئېرىشكىنىم خىتاينىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىن ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ بولدى. مەكتۇپتا «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل ھالدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەنلىكى، يېقىنقى يىللاردىكى ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكى، خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ **2007**-يىلى، **3**-ئاينىڭ **21**-كۈنى ئىنسان ئورگىنىنى كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار بەلگىلىمە ئېلان قىلىپ، ئىچكى ئەزا تەقدىم قىلىشتا چوقۇم تەقدىم قىلغۇچىنىڭ خالىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەنلىكى» بايان قىلىنغان ئىدى.

## خىتاينىڭ ئۆلۈم سودىسى شەرمەندىچىلىكى

شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئىشلار خەلقئارالىق شەرمەندىچىلىكتىن ئىبارەت. خىتاي تەرەققىي قىلغان كۆزىتىش تېخنىكىلىرى ۋە سۈنئىي ئەقىل سانائىتىنىڭ ياردىمىدە، كىشىنىڭ تېنىنى شۇركەندۈرىدىغان نازارەت دۆلىتى بەرپا قىلدى. بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىلار غەربكە كەڭ كۆلەمدە ئېكسپورت قىلىندى. بۇ خىل تېخنىكىلارنى ئېكسپورت قىلغان شىركەتلەر غەرب فوندلىرىنى مەبلەغ سالغۇچى، غەربنىڭ شىركەتلىرىنى ئۆزىنىڭ شېرىكى دەپ قارىدى. خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەشنى تەلەپ قىلغاندا، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى.

بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال تارقىتىلغان تۆۋەندىكى پىكىر تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە تەشۋىق قىلىنمىدى، ئەمما بۇ خىل ھالەت كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۆزگىرەيدۇ. نەتىجىدە، خىتايدىن يەنە بىر قېتىم بۇ قىلمىشىغا جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ، خىتاي ئوخشاشلا تەلەپلەرنى جاۋابسىز قالدۇرىدۇ.

قانۇن پروففىسورى ۋە يازغۇچى خالىد بەيدون **2020**-يىلى، **21**-يانۋاردا، تۋىتېر ھېساۋىدا مۇنداق يازغان:

خىتاينىڭ ھايات ئىچكى ئەزالارنى «ھالال ئىچكى ئەزا» دەپ بازارغا سېلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارلىرى باي سەئۇدىيلىقلار بولۇپ قالغان. ھالبۇكى، ئىسلامدا «ھالال ئىچكى ئەزا» دەيدىغان ياكى بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھۆكۈم يوق.

ئۆتكەن يىلى يازدا، سوت كوللېگىيىسىنىڭ رەئىسى جېفرىي نايس مۇنداق دېگەن:

مەھبۇسلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرىۋېلىش قىلمىشىنىڭ توختىتىلغانلىقىنى دەلىللەيدىغان دەلىل-ئىسپات يوق. سوت كوللېگىيىمىز بۇ جىنايەتنىڭ داۋاملاشىۋاتقانلىقى قانائىتىدە. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبلىك تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېچىنىشلىق رەۋىشتە ئۆلۈپ كەتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭدەك قىلمىشلار تۈپەيلىدىن ئازابلىنىشى مۇمكىن. ھەممىمىز زامانىۋىي ئىنسانلار بىلگەن ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەردىن بىرى بىلەن بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقانلارنىڭ كۈچىدە ھەددىدىن زىيادە يىرگىنچلىكلىك تېپىلىدىغان بىر پلانېتتا ياشاۋاتىمىز. بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش قىيىن.

ئېنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

**https://www.ccn.com/welcome-to-the-death-trade-china-kills-muslim-prisoners-to-harvest-halal-organs-for-rich-saudis/**



# FBI  دېرىكتورى كرىستوفېر رېينىڭ خىتاي تەھدىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

«FBI» دا دېرېكتور بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىككىي يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى ھاسىلاتلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. مەن ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىر بولغان تەھدىتكە يۈزلەندىم. مەن ئۇچۇن، بۇ ھەقىقەتەن دۆلىتىمىزگە ئائىت ئۇچۇر، ئەقلىي مۈلۈك ۋە ئىقتىسادىي ئېنېرگىيىمىزگە نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھدىتتۇر. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىمىزگىلا كېلىدىغان تەھدىت بولۇپ قالماي، ئۇنىڭدىن ئېشىپ دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگىمۇ كېلىدىغان تەھدىتتۇر.

مەن خىتاينىڭ تەھدىتىگە تېخىمۇ غەلىبىلىك ھالدا جاۋاب قايتۇرالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. بىز بۇ تەھدىتنىڭ بىر نەچچە مۇھىم تەرەپلىرىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك. مەن سىلەرگە FBI نىڭ بۇ تەھدىتكە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىۋاتقانلىقىمىز توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىمەن.

خىتايدىن كېلىۋاتقان تەھدىتنى چۈشىنىشتىكى تۇنجى ئىش – بۇ تەھدىتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە كۆپ قاتلاملىقىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت دەپ ئويلايمەن. بۇ خىل كۆپ خىللىق خىتاي قوللانغان تاكتىكىنىڭ، ئىشقا سالغان ئادەملىرىنىڭ ۋە ھۇجۇم نىشانىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي كۆپ خىل ئۇسۇللارنى ۋە تېخنىكىلارنى قوللانماقتا. مەن خىتاينىڭ تور ئارقىلىق بۆسۈپ كىرىشىدىن تارتىپ، چىرىكلەشكەن ئەمما ئىشەنچكە ئېرىشكەن، رەسمىي يوسۇندا ئوغرىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىچكى خادىملارغا قەدەر سۆزلەيمەن.

خىتاي ھەر خىل ئادەملىرىنىڭ قولى بىلەن كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق (تېخنولوگىيە) يېڭىلىقلىرىنى ئوغرىلاشتا يۇقىرى پەللە هازىرلىغان. خىتاي (ئامېرىكادىن ئاخبارات ۋە تېخنولوگىيە) ئوغرىلاش خىزمىتىگە كەسپىي ئىشپىيونلۇق تارماقلىرىنى سېلىپلا قالماي، نامدا خۇسۇسىي كارخانىلار دەپ ئاتىۋالغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىمۇ ئىشقا سالماقتا. بىر تۈركۈم خىتاي ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار ۋە باشقا كۆپلىگەن رولچىلار خىتاينىڭ (ئوغرىلىق) مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىمەكتە.

بىراق، ئىش خىتاينىڭ ئامېرىكىدا نىشان قىلغان ساھەلەرگە ۋە بۇ نىشانىنىڭ دائىرىسىگە چېتىلغان چاغدا، بۇ تەھدىت ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ خىللىشىپ كېتىدۇ. بىز ھەممە ئىشنى، يۇز كۈچلۈك كارخانىدىن تارتىپ سىلىكون جىلغىسىغىچە، ئاكادېمىيەلەردىن تارتىپ يۇقىرى تېخنولوگىيەگىچە، ھەتتا يېزا-ئېگىلىكىگىچە ھەممە تېمىنى سۆزلەۋاتىمىز. گەرچە مەن بۈگۈن بۇ يەردە تۇرۇپ سىلەرگە خىتاب قىلىۋاتقان بولسامۇ، ئەمما FBI مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىمۇ خىتاينىڭ ئامېرىكا تېخنولوگىيىسىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنىشىغا ئائىت مىڭغا يېقىن قىلمىشىنى تەكشۈرۈش بىلەن بولماقتا.

خىتاينىڭ ئوغرىلىق ئۇرۇنۇشى بىزنىڭ ھەربىر ساھە ۋە تارمىقىمىزغىچە سىڭىپ كىرگەن. خىتايلار يالغۇزلا دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدىكى شىركەتلەرنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن تارتىپ، ئاشلىق ئۇرۇقىغىچە، يۇمشاق دېتالدىن تارتىپ شامال كۈچى ئېلىكتىر چاقپىلىكى ۋە مېدىتسىنا ئەسلىھەلىرىگىچە بولغان ھەممە ساھەلەرگە سىڭىپ كىردى.

خىتاي يېڭى كەشپىيات ۋە تەتقىق قىلىپ ياساش ساھەيىمىزنى نىشانغا ئېلىپلا قالماي، تەننەرخ ۋە باھا بەلگىلەشكە ئائىت ئىچكى ئىستراتېگىيىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلىرىمىزغىچە كۆز تىكتى. مەسىلەن، ئالدىنقى ھەپتە خىتاي بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتىمىز توغرۇلۇق ئۇچۇر ئوغرىلاشقا ئۇرۇندى. بىز خارۋارد خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ باشلىقىنى خىتاينىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك يالغان بايانى سەۋەبلىك ، شۇنداقلا بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئازادلىق ئارمىيەدىكى سالاھىيىتىنى شورۇغانلىقىنى سەۋەبلىك ئۇلارغا قارشى ئەيىبنامىمىزنى سوتقا سۇندۇق.

دېكابىردا بىئولوگىيىلىك تەتقىقاتتا ئىشلىتىلىدىغان قۇتىلارنى ئوغرىلاپ ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللا-نغان بىر خىتاي تەتقىقاتچىنى قولغا ئالدۇق. بۇ ئۈچىلى ۋەقە 56 باشقارمىمىزدىن بىرى بولغان بوستوندىكى باشقارمىمىز تەرىپىدىن بىر ئاي ئىچىدە تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇلار ئارقىلىق بىزنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىزنى ھېس قىلالايسىلەر ۋە ئازغىنە ۋاقىت كېيىنكى مۇشۇ چۈشتىن بۇرۇن بۇ دېلولارنىڭ

بەزىلىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارنى ئاڭلايسىلەر. بىراق، خىتاي ھۆكۈمىتى بەزى ھاللاردا ھەممە ۋاستىلىرىنى ۋە بارلىق ئورگانلىرىنى ئىشقا سېلىش (ئارقىلىق ئارخىپ، تېخنولوگىيە ۋە باشقىلارنى ئوغرىلاش) ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. بۇ بىزدىن ئوخشاش ھالدا ھەممە ۋاستە ۋە بارلىق ئورگانلىرىمىزنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق قارشى ئىنكاس قايتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

خىتاي ۋەھىمىسى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك بولغان ئىككىنچى ئىش بىز خىتاينىڭ رەزىل نىيىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە موھتاج. شۇنى يادىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، خىتاينىڭ رەزىل نىيىتى بىلەن خىتاي خەلقىنىڭ ھەممىسلا چېتىشلىق ئەمەس. بۇ رەزىل نىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئامېرىكا ۋەتەنداشلىقىدىكى خىتايلار بىلەن ئالاقىسى يوق. ھالبۇكى، خىتاينىڭ تەھدىتى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى مەنبە قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىساد ۋە تېخنولوگىيە جەھەتتە بىز(ئامېرىكا)دىن ئېشىپ يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈش ئۈچۈن رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنى قانۇنغا ئۇيغۇن يېڭىلىق يارىتىش ياكى ئادىل ۋە قانۇنلۇق رىقابەت ئارقىلىق ياكى پۇقرالىرىغا بىز ئامېرىكادا چوڭ بىلىدىغان تەپەككۇر ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئەركىنلىكى بېرىش ئارقىلىق قىلمايۋاتىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار داۋاملىق بىزنىڭ قېنىمىزنى شوراش بەدىلىگە ئىقتىسادتا يۇكسەلمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. خىتاي يېقىن نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچى بىلەن غەربنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنولوگىيەسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى.

لېكىن، خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق بۇ خىل ئەندىزىگە تايىنالمايدىغانلىقىنى، ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار تېخنولوگىيەدە بۆسۈش ھاسىل قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇلتۇر ئۈچىنچى ئايدىكى بىر قېتىملىق يىغىنىدا بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئۇ «بىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىز كۈچلۈك ئەمەس، شۇنداقلا ھالقىلىق ساھەلەردىكى يادرولۇق تېخنولوگىيەمىزنىڭ كەمچىللىكى ھېلىھەم گەۋدىلىك بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا» دېگەنىدى. خىتاي ئۆزى كۈتكەندەك بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغان (ئوغرىلاش، پارا بېرىپ سېتىۋېلىش دېگەندەك) ھەرقانداق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئامېرىكادىن ئەقلىي مۈلۈكلەرگە ئېرىشمەكتە.

بىز خىتاي شىركەتلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى زور مۇشكۈلاتلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئامېرىكادىن ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى، ئاندىن شۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى تېخنولوگىيەسىنى ئوغرىلىغان ئامېرىكا شىركەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىزنىڭ شىركەتلىرىمىز شۇ تەرىقىدە قوش زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتىدۇ.

خىتاي (بۇ جەھەتتە) كېڭىيىۋاتقان، قانۇنلۇق - قانۇنسىز پۈتۈن ۋاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي ئەنئەنىۋى مېتود قوللانغاچقا، مەزكۇر تەھدىت بۇ قەدەر كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن چەتئەل شىركەتلىرىگە (تىزگىنلەش ئۈچۈن) مەبلەغ سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر ئارقىلىق خاككېرلىق ھۇجۇملىرى ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئىشقا سالماقتا. خىتاينىڭ ئىستىخبارات تارماقلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنى بىزنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىمىزنىڭ ئوغرىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتى يوقتەك كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغۇزۇش ئۈچۈن، بارغانسېرى كۆپلەپ خاككېرلارنى يالللاۋاتىدۇ. روشەنكى، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جەھەتتە تولىمۇ يىراقنى كۆزلەۋاتىدۇ.

مەنچە ئۇلار تولىمۇ سەنئەتلىك شەكىلدە يىراقنى كۆزلەۋاتىدۇ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەۋاتىدۇ، (ئۆز يولىدا) تەۋرەنمەي ئىلگىرىلەۋاتىدۇ ۋە تولىمۇ سەبىرچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ تەھدىت ھەققىدە ئېسىمىزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئۈچىنچى ئىش شۇكى، خىتاينىڭ سىستېمىسى ئۇل جەھەتتە بىزنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق (يەنى ئۇلارنىڭ سىستېمىسى بېكىك، ئەمما بىزنىڭكى ئېچىۋېتىلگەن، ت)، شۇنداقلا ئۇلار بىزنىڭ

ئېچىۋېتىلگەنلىكىمىزدىن قولىدىن كېلىشچە پايدىلانماقتا.

بىز بۇ دۆلەتتە (ئامېرىكادا) تولىمۇ قەدىرلەيدىغان ۋە بىزنىڭ ئىش قىلىش ئۇسلۇبىمىزدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان نۇرغۇن پەرقلەر خىتايدا بار دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇلغانغان (بۇرمىلىۋېتىلگەن)دۇر.

مەن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى ئارىسىدىكى، پۇقراۋى ساھە ۋە ھەربىي ساھە ئارىسىدىكى، دۆلەت (خىتاي) بىلەن ئۇلارنىڭ تىجارەت ساھەسى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن. خىتايدىكى نۇرغۇن چوڭ شىركەتلەر دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلاردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ شىركەتلەرنىڭ خوجايىنى دۆلەت، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىدۇر. دۆلەت بۇ شىركەتلەرگە رەسمىي شەكىلدە ئىگىدارچىلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار تولىمۇ رېئال بىر شەكىلدە، قانۇنەن ۋە ئەمەلىي نۇقتىدىن ھۆكۈمەتكە تەۋەدۇر.

شۇنداقلا، سىلەر بىر قانچە مىنۇت ئاۋۋال بىل **(bill)** دىن بۇ ھەقتە ئازراق مەلۇماتقا ئېرىشتىڭلار. سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالماي، ئۇلارنىڭكىگە قۇلاق سالساڭلارمۇ بولىدۇ. ئاڭلىغىنىڭلاردەك، خىتاينىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»غا بىنائەن، خىتاي شىركەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇلارنى ئۇچۇر ۋە ئىجازەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. شۇنداقلا، خىتايدىكى بارلىق شىركەتلەر كومپارتىيەنىڭ پىرىنسىپ ۋە سىياسەتلىرىگە ئۆگىنىلىشى ئۈچۈن، شىركەت كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم كومپارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىشى كېرەك. بىزنىڭ سىستېمىمىزدا ئاشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساڭلارچۇ! تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلارنىڭ ئاكادېمىيە ساھەسىدىمۇ ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكادەك ئاكادېمىك سەمىمىيەت ۋە ئەركىنلىك بويىچە ئىش تۇتمايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئامېرىكادىكى قىسمەن خىتاي ئوقۇغۇچىلاردىن غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇچۇر توپلىغۇچى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، بىزنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنى ئوغرىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. بىز بۇنى خىتاينىڭ بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدىكى ئالىملارنى خىتايغا بېرىشقا قىزىقتۇرىدىغان «مىڭ ئىختىساس ئىگىسى قوبۇل قىلىش پىلانى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا پىلانلىرىدىن بىلىمىز. گەرچە خىتاينىڭ بۇ پىلانى پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە ئۇچۇرلارنى ئوغرىلاشتىن، ياكى (ئامېرىكانىڭ) ئېكسپورتنى كونترول قىلىش قانۇنلىرىغا ياكى مەنپەئەت توقۇنۇشى بەلگىلىمىلىرىگە **(conflict of interest policies)** خىلاپلىق قىلىشتىن دېرەك بەرسىمۇ (خىتاي يەنە مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىۋېرىۋاتىدۇ، ت). بىز يەنە خىتاينىڭ بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە مۇستەقىل ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن بەكرەك، كومپارتىيەنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان (كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىغا ئوخشاش، ت) ئىنستىتۇتلارنى قۇرۇشقا كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز.

بىز يەنە ئۇلارنىڭ خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى بۇ يەردىكى ئوقۇش مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ پىكىر-قاراشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا (يەنى دېمەكچى بولغان گەپ – سۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كېلىدىغان – كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئوبدانراق ئويلىنىپ، قالايمىقان گەپ قىلماسلىققا، ت) مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى؛ مەكتەپلەردىكى ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئامېرىكالىق ۋە باشقا دۆلەتلىك ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى–خىزمەتچىلەرنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىش ئارقىلىق، بۇ مەكتەپلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ياقمايدىغان كۆز قاراشتىكى كىشىلەرگە لېكسىيە سۆزلەش پۇرسىتى بەرمەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى سودا ساھەسى ياكى ئاكادېمىك ساھە توغرىسىدا توختىلايلى، (ئامېرىكا بىلەن خىتايدىن ئىبارەت) ئىككى سىستېما ئارىسىدىكى بۇ پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلىش ۋە چۈشىنىش پەۋقۇلئاددە مۇھىم. چۈنكى، خىتاي مۇشۇ پەرقلەرنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن جان – جەھلى بىلەن كۈچەۋاتىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار بىزدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىياتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن ئاكادېمىك مۇھىتتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ چەتئەل مەبلىغىگە ۋە شېرىكچىلىككە ئېچىۋېتىلگەنلىكىدىنمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋۇجۇدقا چىقارغان نەتىجە (تېخنىكا، مەھسۇلات)لەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزىنىڭ

بىكىك سىستېمىسى سەۋەبلىك بۇ جەھەتتە پايدا ئېلىۋاتىدۇ (يەنى خىتاي باشقىلاردىن تېخنىكا ۋەھاكازالارغا ئېرىشىدۇ – يۇ، ئۆزى زىنھار باشقىلارغا بۇنداق پۇرسەت بەرمەيدۇ، ت). ئۇلار دائىم بىزنىڭ كارخانىلىرىمىزدىن ئۆزلىرى (خىتاي)نىڭ سودا ئۇچۇرلىرىنى مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ (ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ) خېرىدارلىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى بۇ شىركەتلەرنىڭ خىتايدىكى غايەت زور بازارغا كىرىش ئىجازىتىگە ئېرىشىش بەدىلىگە خەۋپكە ئۇچرايدۇ. ئۇلار (خىتايدىكى) ئامېرىكا–خىتاي شېرىكچىلىكىدىكى شىركەتلەرنى مەزكۇر شىركەتلەردىكى كومپارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇندۇرغۇزماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنىڭ شېرىكچىلىكتىكى شىركەتلىرىمىزنى كونترول قىلىشى شۇ دەرىجىدە ئومۇملاشتىكى، نۇرغۇن ئامېرىكا شىركەتلىرى ھەتتا بۇ ھەقتە ئويلانماسلا بولدى. ئەمما، بۇ شىركەتلەر ئۆزىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى قوغدىماقچى بولسا، ئەڭ ياخشىسى بۇ ھەقتە (ياخشىراق) ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك.

ئۇلار يەنە ئالدامچىلىق، قانۇنغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە تىجارەت مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش دېگەن جىنايەتلەر بىلەن ئەرز قىلىنغان خۇاۋېيدەك بىر شىركەت ئاساسلىق ئۇچۇر تېخنولوگىيەسى (İT) تەمىنلىگۈچىسى بولغان ۋە خىتايدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بىر مۇھىتتا تىجارەت قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. ھەرقانداق بىر ئامېرىكا شىركىتىنىڭ خىتايدا تىجارەت قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاينىڭ تەھدىتىنى ياخشى چۈشىنىش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىنكاس قايتۇرۇشىمىزغا پايدىلىق. ئالدىدا ئېيتقىنىمدەك، خىتاي بىزگە كۆپ قىرلىق ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولغاچقا، بىزمۇ بۇنىڭغا كۆپ قىرلىق ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز كېرەك. **FBİ** ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىقىدىكى خىزمەتچىلىرىمىز شىركەتلىرىمىزنى، ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزنى، كومپيۇتېر سىستېمىمىزنى، شۇنداقلا ئىدىيە ۋە ئىجادىيەتلىرىمىزنى (خىتاينىڭ تەھدىتىدىن) قوغداش ئۈچۈن ھەركۈنى بار كۈچى بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىمىزدىن ئىستىخبارات تارماقلىرىمىزغىچە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىلارنى ئىشلىتىۋاتىمىز. بىر ئازدىن كېيىن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتىنى ئاڭلايسىلەر. مەن پەقەت بىزنىڭ بۇ ھەقتە ھەقىقىي ئۇتۇق ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشىۋاتقانلىقىمىزنى دەپ ئۆتمەكچى، خالاس.

بىز چەتئەللەردىكى كۆپلىگەن ھەمكارلاشقۇچىلىرىمىزنىڭ ياردىمىدە، دۇنيا مىقياسىدا نۇرغۇن نىشان (بۇ جەھەتتىكى جاسۇس ۋە باشقا جىنايەتچى)لارنى قولغا ئالدۇق. تەكشۈرۈشلىرىمىز ۋە ئەرزلىرىمىز نەتىجىسىدە، خىتاي قوللىنىپ كېلىۋاتقان سودا جاسۇسلۇق تېخنىكىلىرى ئاشكارىلاندى. بىزنىڭ كارخانىلىرىمىزنىڭ (خىتايدىن كېلىۋاتقان) بۇ خىل تەھدىتلەر ھەققىدىكى سەزگۈرلۈكى كۈچەيدى، شۇنداقلا بۇ بىزنىڭ بۇ جىنايەتلەردىن ھېساب ئېلىش ئىرادىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنى نامايەن قىلدى.

بىز (خىتايغا قارشى) ئەرزلىرىمىز نەتىجىسىدە باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ ئەتراپىمىزغا توپلانغانلىقىنى كۆردۇق. ھالبۇكى، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا، بىز يەنە (خىتايغا قارشى) دۆلىتىمىزدىكى ۋە چەتئەلدىكى شېرىكلىرىمىز بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك زىچ ھەمكارلىشىۋاتىمىز.

بىزنىڭ (بۇ جەھەتتە) جىنايى ئىشلار بويىچە شىكايەت قىلىش، خەلق ئىشلىرى بويىچە چەكلىمە قويۇشتىن تارتىپ، ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە ۋىزىنى بىكار قىلىۋېتىش دېگەندەك نۇرغۇن چارىلىرىمىز بار. بىز يەنە «ئامېرىكادىكى چەتئەل مەبلىغى كومىتېتى» بىلەنمۇ ھەمكارلىشىۋاتىمىز. مەزكۇر كومىتېتىنىڭ

تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشچە، ھالقىلىق تېخنىكىلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئامېرىكا شىركەتلىرىگە مەبلەغ سالغان چەتئەل شىركەتلىرى ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ سەزگۈر خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىنى توپلىغان.

لېكىن، بىز بۇ ئىشنى ئۆزىمىز يالغۇز روياپقا چىقىرالمايمىز. بىز پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ، پۇقراۋى شىركەتلەرنىڭ، ئاكادېمىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز، يەنى ئىستىخبارات ۋە قانۇن ئىجرائات تارماقلىرى شىركەتلەرگە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۈلكى (تېخنىكا ۋە باشقا ئەقلىي مۈلۈكلەر، ت)نى قوغداشتا ئۆز ئالدىغا توغرا قارار چىقىرالىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنى بېرىشكە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك كۈچەۋاتىمىز.

**FBI** ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي كارخانا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىشخانىسى ئارقىلىق، چەتئەللەردىمۇ (خىتايدىن كېلىۋاتقان) بۇ خىل تەھدىتكە قارشى دىققەتنى قوزغىدى. مەسىلەن، بىز «دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك ئىتتىپاقى كېڭىشى»نىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامېرىكادىكى **1000** (مىڭ) كۈچلۈك شىركەتنى خىتاينىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش ئۇرۇنۇشلىرىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەۋاتىمىز. بىز يەنە (ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىغا جايلاشقان) **56** ئىش بېجىرىش باشقارمىمىزدا خۇسۇسىي شىركەتلەر ئۈچۈن، بىزنىڭ يەرلىك شىركەتلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن ھەمكارلىشىشىمىزغا مەسئۇل بولىدىغان ماسلاشتۇرغۇچى خادىملارنى تەيىنلىدۇق. بىز بۇ ھەمكارلاشقۇچىلىرىمىز بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى (خىتايدىن كېلىۋاتقان) تەھدىت توغرىسىدا مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەۋاتىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق مەسىلىگە يولۇققاندا **FBI** دىكى مۇۋاپىق كىشى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىغا ياردەم قىلىۋاتىمىز.

**FBI** نىڭ خۇسۇسىي كارخانا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىشخانىسى يەنە خىتاي تەھدىتى مەسىلىسىدە، ئامېرىكا مائارىپ كومىتېتى، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلار بىرلەشمىسى، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ۋە يەر بېرىلگەن ئۇنىۋېرسىتېتلار بىرلەشمىسى قاتارلىق تۆرلۈك ئاكادېمىك ئورگانلار بىلەنمۇ ھەمكارلىق ئورناتتى. تېخى بۇلتۇر ئۆكتەبىردىلا، بىز **FBI** نىڭ باش شتابىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاكادېمىك مەجلىس ئۇيۇشتۇردۇق. بۇ مەجلىستە **100** دىن ئارتۇق ئىشتىراكچى «ئاكادېمىيە ساھەسىدىكىلەر قانداق قىلغاندا **FBI** ۋە باشقا فېدېرال تارماقلار بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، مەكتەپلىرىمىزدىكى دۆلەت بىخەتەرلىكى تەھدىتلىرىگە تاقابىل تۇرالايدۇ؟» دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدى.

مەزكۇر تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەمكارلاشقۇچىلىرىمىزنىڭ يىراقنى كۆرۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى ۋە ئېچىۋېتىلگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) پايدىلىنىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ دۆلەتتە (ئامېرىكادا) بىز ئېچىۋېتىلگەن ئەركىن بازار سىستېمىمىزنى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارالىق مەبلەغ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلب قىلىش شەكلىنى مۇھىم بىلىمىز. بىز بۇ دۆلەتتە، ئاكادېمىك ئەركىنلىكنى، شۇنداقلا خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى ۋە بىز خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەردىن بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەن تالانتلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىگە بولغانلىقىمىز سەۋەبلىك ئېرىشكەن پايدىلىرىمىزنى مۇھىم بىلىمىز.

بىز ئۇسلۇبىمىزنى ياكى كىملىكىمىزنى ئۆزگەرتمەكچى ئەمەس، لېكىن بىز بەزى چاغلاردا خىتايدىن كېلىۋاتقان تەھدىتكە قارىتا تولىمۇ سەگەك بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا (ھازىرقىدەك خىتايغا پايدىلىق ئەمەس، بەلكى) ئادىل رىقابەت سەھنىسى ھازىرلاش ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، **FBI** ئۆزىنىڭ ساھەدىكى ھەمكارلاشقۇچىلىرىنى خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا ئاشۇ خىل يىراقنى كۆرەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

بىز باش دىرېكتورلارنىڭ ۋە مۇدىرىيەتتىكىلەرنىڭ كىملەر بىلەن سودا قىلىش، كىملەرنى تەمىنات زەنجىرىنىڭ ئەزاسى قىلىپ تاللاش مەسىلىلىرىدە ناھايىتى ياخشى ئويلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. (خىتايدىكى مەلۇم بىر شىركەت بىلەن) شېرىك شىركەت قۇرۇش ياكى مەلۇم بىر شىركەت بىلەن توختام تۈزۈش يېقىننى كۆزلىگەندە ياخشىدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ئەمما بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، سىز ئەقلىي مۈلۈكلىرىڭىزدىن ۋە ئەڭ سەزگۈر سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگىنىڭىزدە

ئەھۋال دەسلەپكىدەك ئۇنچە كۆڭۈللۈك بولماي قېلىشى مۇمكىن.

بىز يەنە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئوقۇغۇچىلىرى چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا ئۇلارنى قوغداشقا ۋە بۇ خىل ئىشلارنى مەلۇم قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈۋاتىمىز. بىز يەنە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان (كۈڭزى ئىنستىتۇتلىرىغا ئوخشاش) چەتئەل ئىنستىتۇتلىرىدىن ئوچۇق – ئاشكارىلىق ۋە ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشنى جېكىلەۋاتىمىز. ئەڭ ئاخىرىدا، بىز خۇسۇسىي تىجارەت ۋە ئاكادېمىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلاشقۇچىلىرىمىزدىن ئەگەر بىرەر مەسىلە بايقىسا بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز. شۇنداقلا، بىز ئۇلارغا بىزنىڭ ھەرۋاقىت ياردەمگە ھازىر ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئىشەنچلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

مەن تۆۋەندىكى بىر نۇقتا بىلەن سۆزۈمنى ئاياغلاشتۇراي:

بۇ خىل تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىمىز بىزنىڭ خىتاي بىلەن تىجارەت قىلماسلىقىمىز؛ خىتايدىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنى، خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئالماسلىقىمىز ياكى دۇنيا سەھنىسىدە خىتاي بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماسلىقىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. لېكىن، بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، خىتاينىڭ بىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىمىزغا ۋە ئومۇملاشقان خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە خىلاپلىق قىلىشىغا بۇرۇنقىدەك يول قويالمايمىز. ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ۋە **FBI** كىشىلەرنى بۇ خىل قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىدىيەلىرىنى قوغدايدۇ.

ھەممىڭلارغا رەھمەت.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم ۋە ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

**https://www.youtube.com/watch?v=M1dtxt82HFE&feature=youtu.be**



# ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە باشلانغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مائارىپقا باغلىق. مائارىپ تەرەققىي قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى قاتمۇ-قات چىرمىۋالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىققا ئوخشاش مەنىۋىي ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلىم – پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى، مىللەتنىڭ پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيادىكى باشقا ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

- ئابدۇقادىر داموللام (1920-يىلى، قەشقەر)

## تۇنجى ئۇيغۇر مىللىي ئاقارتىش ھەرىكىتى بايراقدارى ۋە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى

20-ئەسىردىكى تۇنجى گىگانت ئىسلاھاتچى، ئىسلام ئالىمى ۋە يېتۈك مەنىۋى داھىي مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:

ئوغلى ئابلىز مەخسۇمنىڭ گۇۋاھلىقى بويىچە، ھىجرىيە 1271 - يىلى ، يەنى مىلادى 1854 - يىلى ، كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ھىجرىيە 1278-يىلى، يەنى مىلادى 1862 - يىلى تۇغۇلغان. 15 يېشىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە كىرگەن. 1864-يىلىدىن 1878 – يىلىغىچە بولغان يېغىلىق مەزگىلىردە، ۋەتەندە ئوقۇيالماي، بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇپ، ئەللامە بولۇپ، 20 - ئەسىر كىرەي دېگەندە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، نائىلە خېنىمنى نىكاھلاپ ئالغان. 1901 - يىلى ئابلىز مەخسۇم تۇغۇلغان. 1904 - يىلى جاھالەت پىرلىرى تەرىپىدىن ۋەتەندىن تۇنجى قېتىم سىقىپ چىقىرىلغان. 1907 - يىلى ئىسلام دۇنياسىنى كېزىپ قايتىپ كەلگەن. 1909 - يىلى يەنە سىقىپ چىقىرىلغان. 1911 – يىلى «ئۇسۇلى جەدىد ۋاجىپ، ئۇنى ئۆگىنىش پەرز» دېگەن پەتىۋانى ئېلىپ كېلىپ، قەشقەردە 1912-يىلى تۇنجى جەدىتچە مەكتەپنى قۇرۇپ چىققان. 1914 - يىلى بۈيۈك مۇپتى باۋۇدۇن مەخسۇم قازا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام مۇپتى بولغان. بۇ سەۋەبلىك شاپتۇل داموللىنىڭ ھەستى قوزغىلىپ، ئىچىگە شەيتان كىرگەن. 1915 - يىلى ياڭ زېڭشىن ماتتەيگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بارلىق مىللىي مائارىپ ئورۇنلىرىنى تاقاپ، ئەھمەد كامالنى قاماققا ئالغان. كېيىنچە چارۇسىيەنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى سەۋەبىدىن، 1917 - يىلى فېۋرالدا خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك قورچاق ئورۇنلارغا ئۇيغۇرلارغا پاسپورت بېرىپ بەرمەسلىك ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن. ئاپرېلدا قەشقەر چېگرىسى تاقالغان . داموللام ئەنە شۇ نازۇك ۋاقىتتا 1917 - يىلى ئەتىيازدا جاھان كېزىپ، چاررۇسىيە، ئوسمانىيە، پېرسىيە ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە ئىدىئولوگىيە ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، خۇپيانە سەپەر قىلغان. 1919 - يىلى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، غالىپ ۋېرسال - ۋاشىنگتون سېستىمىسى يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. كوممۇنىزم ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇنى سەزگەن يىراقنى كۆرەر ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللا دەرھال شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ، 1919 - يىلدىن باشلاپلا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا خەلقنى ئويغىتىش يولىغا ئاتلانغان. ئاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسيانكار بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرگەن . نەتىجىدە ۋەتىنىمىزدە ئۆزئارا تۆر تالىشىۋاتقان ئۈچ جاھانگىر ۋە ئۇلارنىڭ سادىق غالچىلىرىنىڭ قولىدا سۈيىقەست بىلەن 1924 - يىلى 14 - ئاۋغۇست پەيشەنبە كېچە شېھىت قىلىنغان. ئاللاھ مەرتىۋىسىنى ئۇلۇغ قىلغاي!

مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ جىيەنى دوختۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا 1984- يىلى ئەنقەردە يازغان «خوتەن قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەسلىمە» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى (1909-1929) خوتەننى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغانىدى:

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوتەن تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان يۇرت. خەلق شۇ چاغلاردا زامانىنىڭ ئەڭ قالاق قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش دېگەنلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. مىللىي تەڭسىزلىك ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمران سىنىپى يەرلىك خەلقنى دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ، يېڭىلىقتىن

ئۆلگۈدەك قورقۇپ ئۇنى ھەر دائىم ئۇجۇقتۇرغان. ئىجتىمائى ھاياتتا قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن. يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قول- چومىقى بولغان بەگ، يەر ئىگىلىرى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ ئىمتىيازلىق كىشىلەر خەلقنى ئېزىشتە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىدىن كېيىن قالمىغان. ھەر بىر ئامبال ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت بولىۋالغانىدى.

خوتەن ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى بۇ رايونغا سودا تىجارەت ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يۇز بىرىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن (گېزىت – ژۇرنال ئارقىلىق) خەۋەر تېپىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ ھال بىر قىسىم كىشىلەردە خەلقنى مائارىپ جەھەتتىن ئاقارتىش تەشەببۇسلىرىنى مەيدانغا كەلتۇردى. بۇ كىشىلەر ئومۇمەن ياش مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلار، يەنى دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى خەلق ئىچىدىكى ساۋاتلىقلارمۇ شۇلار ئىدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ يوقلىقىدىن، خەلقنىڭ ئىلىم - بىلىم ئېلىشى بۇ دىنىي مەدرىسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى. ھۆكۈمرانلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بولسا، پەقەت ھۆكۈمرانلارغا سادىق كىشىلەرنى يېتىشتۇرۇش كۇرۇسلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. خەلق بۇنىڭدىن ئىنتايىن نەپرەتلىنەتتى.

جاھالەت ئىچىدىكى مەھكۇم خەلق مۇستەبىت زالىم خىتاي ھۆكۈمرانلارنى خىتاي مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايتتى. ئۇلار كۆرگەن ۋە بىلگەن خىتايلار ئەنە شۇ زالىملار ئىدى. مەسىلەن، خوتەنگە خىتايلار سېپىل ئالدىدىكى بىر قانچە ئائىلە گۆرۈكەش، جازانىخور تىجارەتچى خىتاي ۋە ئاندا- ساندا سېپىل ئىچىدىن تاشقىرىغا چىقىپ خەلققە بالايى-ئاپەت ياغدۇرىدىغان چىرىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە خىتايلارغا قارشى ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئالۋاڭ-سېلىقلار خەلق نوپۇسىنىڭ يۈزدە توقسانىنى تەشكىل قىلغان ئاجىز ۋە ئوتتۇراھال ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۇرۇپ قويغان ئىدى. ھۆكۈمرانلار بىر قات ئالۋاڭ قويسا، ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بۇنى ئون قات قىلىپ خەلقتىن ئالاتتى. بۇنى «خاننىڭ ئەمرى»، «خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن» دەپ كۆرسىتەتتى. خىتايلارغا ئالۋاڭ- سېلىق يوق ئىدى. يەرلىك ئۇيغۇر خەلقىگە ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى. مانا بۇ ئەھۋال مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ئىچىدە خىتاي مىللىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى ياراتقانىدى.

مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا يەنە مەزكۇر ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازغان:

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي يۇرتى ۋە ئەڭ جاھالەتكە پاتقان قەشقەردە قۇرۇپ چىققان تۇنجى مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي ئاقارتىش تەشكىلاتى «مەتلەئىل ھىدايەت» ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ :

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك بىر قىسىم ياش تالىپ ۋە مۇددەرىسلەردە يېڭىچە بىلىمگە ئىنتىلىش باشلاندى. بۇ ئىش بۇلۇپمۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ كەلگەنلەردە ئەكىس ئەتمەكتە ئىدى. ئۇ زامانلاردا ھەجگە بارىدىغان يول رۇسىيە-تۈركىيە يولى بولۇپ كەلگەن. قەشقەردە **1913**- يىللاردا ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا «مەتلەئۇل ھىدايەت» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى زامانىۋى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن، كۇچار ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر شەھەردىكى بىر قىسىم باي-سودىگەر ۋە قۇشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يەر ئىگىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايانغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاساسەن شۇلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. دەرسلەردىن تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ۋە شېئىر ئاساس قىلىناتتى. بۇ مەكتەپلەرگە تۈركىيەدىن خۇسۇسى مۇئەللىملەر كەلتۇرۇلگەن. ئەھمەت كامال ۋە ئىسمايىل ھەققى ئىسىملىك مۇئەللىملەر شۇ چاغدا مەكتەپلەردىكى بالىلارنى ئوقۇتۇپلا قالماي، ئىشتىن سىرتقى تەربىيە شەكلى بىلەن چوڭلارنىمۇ تەربىيىلىگەن. خەلقنى ئاقارتىش جەھەتتە ئاق-قارىنى پەرىق ئېتىش جەھەتتە بۇنىڭ رولى زور بولغان. بۇلۇپمۇ خوتەن، قەشقەر ۋە غولجا قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ دەرىجىدە بولسىمۇ بىر زىيالىيلار تەبىقىسى يوقتىن بارلىققا كەلدى. خوتەندە م. ئى. بۇغرا ۋە دادام ئابدۇكېرىم ھاجى مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. خوتەندە بۇ مەكتەپ ئالتۇن مەدرىسە ئىچىدە (ھازىرقى سىياسى كېڭەشنىڭ سىياسى مەكتەپ ئورنىدا) پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ خىل

يېڭىلىق ھەرىكەتلىرى دەسلەپتە ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغان. چۈنكى ئۇ دەۋىردە گېلاۋخۇي بىلەن ئاۋارە ئىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ساپ تۈركچە ئاھاڭدىكى مارشلارنى ئوقۇيدىغانلار، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن سۆز قىلىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر، بۈلۈپمۇ ھۆكۈمران سىنىپقا يۆلىنىپ جان باقىدىغان باي سودىگەرلەر ئۆز خوجايىنلىرىغا بۇ ئەھۋالنى بىر ئىسيان ھازىرلىقى دەپ مەلۇمات بېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتتا بۇ خىل مەكتەپلەر ۋە تەشكىلاتلار پاچاقلىنىپ تاشلانغان. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرى «شۆتاڭ» نامىدىكى مەكتەپلەرگە ئېلىنىدى. مۇئەللىملەر چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ باستۇرۇش خەلقنى ئەبەدىي نادانلىق ۋە جاھىللىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت خام خىيال ئىدى. ئەكسىچە ئويغىنىشقا باشلىغان خەلق ئىچىدە ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئۇلغايدى. جۈملىدىن خوتەندە بىر قىسىم مۇددەرىسلەر ۋە تالىپلار «قۇتۇلۇش يولى قوراللىق ئىنقىلاب قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» دېگەن ئىدىيىنى تارقاتماقتا ئىدى.

ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى **1992**-يىلى **14** - ئاۋغۇست پۈتتۈرگەن «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ھالەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇر بېرىدۇ :

مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مائارىپقا باغلىق. مائارىپ تەرەققىي قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى قاتمۇ - مات چىرمىۋالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىقتا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلىم – پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى، مىللەتنىڭ پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيادىكى باشقا ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

مانا بۇ يېقىنقى زامان مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شانلىق پەخرى ۋە ئىپتىخارى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، تالانتلىق مائارىپچى، «غازى» تەخەللۇسلۇق ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس ئەزىزىنىڭ مائارىپ قارىشى. داموللام **69** يىللىق (يەنە بىر مەلۇماتقا كۆرە **62** يىللىق) ھاياتىنى جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭىلىققا يول ئېچىپ، كونا مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، دوگما، قالاق ھالەتتىكى مائارىپنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە، تەرەققىياتىغا ماسلاشقان پەننىي مائارىپقا ئۆزگەرتىش، خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان نادان خەلقنى ئىلىم – پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن پاتقاقتىن تارتىپ، مىللەتنىڭ پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى ئاممىباب ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تالىپلار قىزغىن قوللىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ شان–شۆھرىتى يىراق-يېقىنغا تارقىلىشقا باشلىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىناۋىتى، شان–شۆھرىتىگە ھەسەت كۆزى بىلەن قاراشقان بىر قىسىم جاھىل موللىلار، مۇتەئەسسىپ سوپى، ئىشانلار ئۇنى «دەھرى»(دىندىن چىققۇچى) لىكتە ئەيىبلەپ، بىرمۇنچە ئېغىۋالار توقۇشتى. نەتىجىدە جاھىللىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئەۋج ئېلىپ، قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۇ زاماندا، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغان خېلى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زاتلار زور بېسىمغا ئۇچرىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن ئىچى پۇشقان ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ، يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، **1918** – يىلى تاشكەنتكە باردى. ئاندىن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن مەككىگە باردى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇردى. ئاندىن مىسىرغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاقلىق ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدى. مىسىر ئالىملىرى، ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىشتى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئىلمىي سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى **1951** – يىلى ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سۆھبەتتىن ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىپ: «ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان، يېتىشكەن مۇتەپەككۇر ۋە

ئىسلاھاتچى، مۇجاھىد ئالىم ئىدى..» دەپ باھا بەرگەن. ئابدۇقادىر داموللام ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈلۈك قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ھېچ يەرنى كۆرمەي، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت، نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋە كۆرەش نىشانى قىلدى. ئۇ 1920-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ قان-تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى-ئىشانلارغا، ئاچ كۆز، جان باقار بايلارغا قارشى كۆرەشنى باتۇرلۇق بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ: «ھەرقايسىلىرى يۇرتنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى. ھالبۇكى، خەلقىمىزنى ئىلىم-مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتكۈل ئىجتىھات ۋە ئىشتىياق بىلەن مۇھۇر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق... تېخى ھەرخىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ بېشىغا دەرد سېلىپ، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايىتى ئۇياتقا قېلىشىمىز، لەنەت – نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر»(1) دېگەن خىتابلىرىنى ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەتلەر توقۇشتى. بۇلارغا ۋەز-نەسىھەت ئوقۇپ، خەلق كويىدا بولۇشقا ئۈندەشنىڭ ئۆزى كالا مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈندۈرۈش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇقادىر داموللام ئۈمىدىنىڭ يەنىلا خەلقتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، خەلققە چەكسىز ئىشەنچ باغلىدى. ھەركۈنى نامازدىگەردىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەدە ئەمرىمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلققە ئۈزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ باردى. «نەسىھەتى ئاما» – ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنى خۇراپاتلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يالغۇز تەشۋىقات، تەرغىباتقىلا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، قەشقەر ئۆلىمالىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلىدى. ئۇ، قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى قۇرئان، ھەدىسكە ئاساسەن توغرا، ئادالەت بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەندىن باشقا، يېڭىچە كۆزقاراشتىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ھىممىتى بىلەن 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقاردى. ئابدۇقادىر سامانىي، چىڭگىز داموللام، ئابدۇۋايىت ئاخۇن... غا ئوخشاشلار قەشقەر بايلىرىدىن ئوبۇلھەسەن ھاجى، ئۆمەر بايلارنىڭ ياردىمى بىلەن فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېڭىچە كۆزقاراشقا ئىگە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام ياشلارنى ئىلىم-ئېرپاندىن، دۇنيادىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مائارىپ سېپىگە قايتىدىن ئاتلىنىپ، دىنىي ئىلىمنى ھەم پەننىي ئىلىمنى بىلىدىغان يېڭىچە قاراشتىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن شەمسىدىن داموللام، سابىت داموللام (ئابدۇلباقى)، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇلئەزىز داموللام، سالىھ داموللام، ئىنايەتخان مەخسۇم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، سالى ئەلەم ئاخۇنۇم (يەكەنلىك)، ھېلىمىدىن ئاخۇنۇم (يەكەنلىك)، مۇھەممەت ئابدۇللاخان (يەكەنلىك)، ئابدۇللا قازىھاجىم (يەكەنلىك)، ئىسراپىل داموللام (پوسكاملىق)، ئېلى ئاخۇن خەلپىتىم (قاغىلىقلىق)، ئابدۇجېلىل داموللام (گۇمىلىق)، مۇسەيىپ ئاخۇن خەلپىتىم (كۇچالىق)، ئابدۇللا داموللام (تۇرپانلىق، ئەدەبىي تەخەللۇسى «نەئىمى»)... قاتارلىقلار 30 – يىللاردىن باشلاپ قەشقەر مائارىپىنىڭ داڭلىق پېشۋالىرى، ئابدۇقادىر داموللام تەشەببۇس قىلغان يېڭىچە مائارىپنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. يەكەنلىك ھېلىمىدىن ئاخۇنۇم ئالتۇنلۇقتىكى كونا خانلىق مەدرىسە ئورنىغا، ئابدۇللا

قازىھاجىم يەكەن ئېلىشقۇغا، مۇھەممەت ئابدۇللا خان خوجام يەكەن شەھەر ئىچى مانجۇ كۆلبېشىدىكى ئىمىنبەگنىڭ ھويلىسىغا («مەتلەئىل ئېرپان» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مەكتەپ كېيىن جۇۋچى كۆلى ئالدىدىكى چوڭ مەدرىسەگە يۆتكەلگەن) ئاچقان مەكتەپلەر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەسىرى بىلەن ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەر ئىدى.

ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندى مەزكۇر كىتابىدا يەنە ئابدۇقادىر داموللام قۇرۇپ چىققان مىللىي ئاقارتىش ۋە مىللىي ئويغىنىش ئاپپاراتى «مەتلەئىل ھىدايەت»(ھىدايەت نۇرى) ناملىق تەشكىللىك ھالغا كەلگەن مەكتەپ ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ:

ئابدۇقادىر داموللام ياش–ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەلىم-تەربىيىسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ كېچىلىرى هامامدا، كۆلدە يېتىپ، كۈندۈزى تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان يېتىم–يېسىر باللارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىندى، تەقدىر–ئىستىقبالىدىن قايغۇردى. بۇ جەھەتتە مەجبۇرىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۆشرە، زاكات، سەدىقە، ئېھسان قاتارلىق يوللار ئارقىلىق كەلگەن پۇللارنى يېتىم – يېسىرلەرگە ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى. قەشقەر شەھىرىدە «مەتلەئىل ھىدايەت» ناملىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۆزى باشقۇرۇپ، يېتىم–يېسىرلارنى تەربىيىلەپ، توغرا يولغا باشلىدى.

قەشقەردىكى تىرىك شاھىتلاردىن بىرىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق قىسقا ئاغزاكى ئۇچۇر بېرىدۇ:

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە ئۆزى بىۋاستە «مەتلەئىل ھىدايەت» ناملىق مەكتەپ قۇرۇپ ئۆزى باشقۇرغان، يېتىم-يېسىلارنى تەربىيىلىگەن، ھەم شۇ ۋاقىتنىڭ باي-تىجارەتچىلىرىگە تەربىيە - خىزمەت ئىشلەپ، 52نەپەر ياشنى چەتئەللەرگە تاللاپ ئوقۇشقا چىقارغان.

«مەتلەئۇل ھىدايەت» نوقۇل مەكتەپمۇ ياكى مىللىي ئاقارتىش بازىسىمۇ؟

گەرچە دوكتور مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا ئۆز ئەسلىمىسىدە مەزكۇر ئورۇننى 1913- يىللاردا قۇرۇلغان «تەشكىلات» دەپ قارىغان، ھەمدە ئۇ مەكتەپ خارەكتېرىنى ئالغان تەشكىلاتتا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ باللىرى تەربىيلەنگەن دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندى، بىر قىسىم تىرىك شاھىتلار سۆزلەپ بەرگەن ئەسلىمىلەر، ھەمدە ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1912-، 1919-يىللىرىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلغاندا، بۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ 1913 - يىلدا قۇرۇلۇشى تەس. ئابدۇقادىر داموللام 1912 -يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان. ئەمما بۇ مەكتەپ 1914-يىلى ئېكىساقتىكى جەدىتچە مەكتەپ بىلەن بىر قاتاردا مەجبۇرىي تاقىۋېتىلگەن. ھەتتا ئەھمەد كامال تۇتقۇن قىلىنىپ، زىندانغا تاشلانغان. 1915 - يىلى قەشقەر مۇپتىسى بولغان ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ئۇنى يوقلاپ تۈرمىگە كەلگەنلىكىنى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەسلىمىسىدە بايان قىلغان. ئەھمەد كامال ئەسلىمىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن. دەل شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر ۋە خوتەندە زىيارەتتە بولغان نۇشىرۋان يائوشېۋ (تاتار ) مۇ ۋەزىيەتنىڭ بەك چىڭ ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داۋاملىق تۈردە ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قىلىنىش ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالغان.

شۇڭلاشقا «مەتلەئۇل ھىدايەت»نى 1913 - يىلى قۇرۇلغان دېگەن قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر خاتالىق «مەتلەئۇل ھىدايەت» مەخسۇس قەشقەر تەۋەسىدىكى ئىگە-چاقىسىز باللار ۋە ئائىلىسى ۋەيران بولغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھەم مەكتەپ ھەم تەشكىلات خاراكتېرىدىكى ئورگان بولۇپ، ئابدۇقادىر دامولام بۇ ئارقىلىق خېلىلا يىراقنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلغان. چۈنكى، بۇ باللار كوچىلاردا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، جاپاغا چىداملىق، قورقۇمسىز ۋە جاسارەتلىك باللار بولۇپ ، ئۇلاردا باي-غوجاملار ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ باللىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان چىدامچانلىق، ۋاپادارلىق ۋە قۇربان بېرىش روھى كۈچلۈك بولغاندىن باشقا يامانغا يانتاياق بولۇپ، يۇۋاشنى بوزەك قىلىدىغان يامان خۇلق يوق ئىدى .

1920-يىلى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى جايلاردىن يىغىپ كېلىنگەن كەمبەغەل ۋە يېتىم باللارنى ھەر جەھەتتىن

تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان «مەتلەئۇل ھىدايەت» مەكتىپى نەچچە يىلدىلا تۈنجى تۈركۈم ئىلغار ۋە جەسۇر، ئويغاق ياشلارنى يېتىلدۈرۈپ چىققان.

1924-يىلى 19-مايدىكى قەشقەرنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئەنگلىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلى-رىنى چۆچۈتىۋەتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇنجى قارشىلىق نامايىشى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئويغىنىشىدىن دېرەك بەرگەن بولۇپ، دۈشمەنلەر بۇنى پەقەتلا خالىمايتتى. چۈنكى، 1619-يىلىدىن بېرى ئېغىر جاھالەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان بىر مىللەتنىڭ بىردىنلا 300 يىلدىن كېيىن قايتا تىرىلىشىنى كۆرۈش يېقىنقى ئىككى ئەسىردىن بېرى مەركىزىي ئاسىياغا قەدەم باسقان خىتاي، ئورۇس ۋە ئېنگلىزلارنى ئەلۋەتتە بىئارام قىلاتتى.

1924-يىلى 14-ئاۋغۇست ئابدۇقادىر داموللام ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، خىتاي مەمۇرلىرى ۋە بىر قىسىم دىنىي ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بىرلىشىپ قەستلىشى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر تەشكىلات ۋە مەكتەپ بالىلىرىدىن كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانلىرى چەتئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ئاساسلىق كۈچى قەشقەرنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ «ياش قەشقەرلىكلەر» نامىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ياش قەشقەر پارتىيىسى ئەمەلىيەتتە غەربىي ئاسىيادا پەيدا بولغان «ياش ئوسمانىلار»، «ياش تۈركلەر»، قىرىم ۋە ئۇرال ۋادىسىدىكى «ياش تاتارلار»، خوشنا ئەللەردىكى «ياش بۇخارالىقلار»، «ياش خىۋەلىكلەر» ۋە «ياش قوقانلىقلار»دىن ئىلھام ئېلىپ شۇلاردەك تەشكىللەنگەن بولۇپ، «ياش قەشقەر پارتىيىسى» تۇنجى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھەر قايسى مۇخالىپ كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئۇتۇق قازانغان. يەكەن ۋە يېڭىساردىكى ئەزالىرى ئۇتۇقلۇق ھالدا «ياش خوتەنلىكلەر» بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىنلا، ئاندىن قەشقەردە دۆلەت قۇرۇش شارائىتى ھازىرلانغان. «مەتلەئۇل ھىدايەت» تىن راۋاجلانغان «ياش قەشقەرلىكلەر پارتىيىسى» ھەققىدە ئايرىم تېما تۇرغۇزۇپ يازمىساق، بۇ تېما بەكلا ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇ يەردە توختاپ قېلىشنى لايىق كۆردۇق.

خۇلاسە قىلغاندا، بۇندىن يۈز يىل ئىلگىرى ھەزرىتى ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ، سابىت داموللام ۋە شەمسىدىن داموللامىلار زىچ ھەمكارلىشىپ، 1919-، 1920-يىللىرى قەشقەردە باشلىغان سەئىدىيە خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتكەن يۈز يىللىق ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى سالغان .

## 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۇنجى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئومۇميۈزلۈك مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قىرىم ۋە ئېدىل-ئۇرال ۋادىلىرىدا قوزغالغان يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنى تىلغا ئالماي تولۇق چۈشەندۈرگىلى ۋە ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسچىسى ئىسمائىل غاسپىرالى ئىدى .

19-ئەسىردە تۈرك-ئىسلام دۇنياسىدا بىر مەيدان «يېڭىلىق ئىسلاھات ھەرىكىتى» قوزغاپ، «جەدىتىزم ئاتىسى»، دۈشمەنلەر تەرەپتىن «پانتۈركىزم ئاتىسى» دەپ مەشھۇر بولغان ئىسمائىل غاسپىرالى قىرىمدا 1851-يىلى 20-مارت دۇنياغا كەلگەن. 35 يىل ئىزچىل ئىسلاھات ھەرىكىتى قوزغاپ، قىرىمدىن چىقارغان ئۇچقۇننى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيادا يانغىنغا ئايلاندۇرغان. ئەنگلىيە، چاررۇسىيە ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئېرىپ تۈگەي دېگەن خەلقلەردە بىردىنلا ئومۇميۈزلۈك مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغالغان. يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىلا ئون يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەن. پۈتۈن ئۆمرىنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن ئوت يۈرەك داھىي

ئىسمائىل غاسپىرالى 1914-يىلى 11-سېنتەبىر، دۇنيا ئۇرۇشى هارپىسىدا قىرىمدا ۋاپات بولۇپ، «زەنجىرلىك مەدرىسە» ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. نۆۋەتتە پۈتۈن تۈرك-ئىسلام دۇنياسى، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار مەرھۇمنىڭ «دىلدا، تىلدا ۋە ئىشتا بىرلىك» چاقىرىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق هالەتتە تۇرماقتا.

20-ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى ھەمدە ئۆز مىللىي كېلەچىكىنى يارىتىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى داۋامىدا تۈرلۈك ئىدىئولوگىيە ۋە مەپكۇرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم دىنىي سەرخىللار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىشى ۋە قايتا گۈللىنىشى داۋامىدا هەل بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1917-يىلىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن يېتىشىپ چىققان بىر بۆلۈك ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىقىنىڭ كوممۇنىزم سىستېمىسى ئىچىدە ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەمدە بۇ مەپكۇرىنى قوبۇل قىلغان.

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنە بىر بۆلۈك ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆرەشتە تۈركچىلىك ئىدىئولوگىيىسى ياكى غايىسىنىڭ مۇھىم بىر تاللاش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، يەتتە سۇدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە بۇلارنىڭ مەنىۋى ئۇستازى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف ئۇيغۇرلۇق ئارقىلىق 300 يىل ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، نىمجان بولغان مىللەتنى قايتا قۇدرەت تاپقۇزماقچى بولغان.

قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام، خوتەندە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار تۈرك ۋە ئىسلام كىملىكى يۇغۇرۇلغان جەدىتىزىم ئارقىلىق 400 يىلدىن بېرى ئىزچىل جاھالەت تۈتەكلىرى ئارىسىدا بوغۇلۇپ قالغان ئاڭسىز مىللەتنى قايتا ئاپىرىدە قىلماقچى بولغان. ئەمما ئىسلام دۇنياسىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ قايتىپ كەلگەن سابىت داموللام «هازىر ئىسلام دۇنياسىدىن پەقەتلا ئۈمۈد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقى»نى خۇلاسىلەپ، «ئۆزىمىزگە تايىنىشتىن ئۆزگە يول يوق!» دەپ قاراپ، ئۆز-ئۆزىگە تايىنىپ ئىش باشلىغان. نەتىجىدە بىر يېرىم يىل تۈركىيەدەك ھەجىمدىكى جايلارنى سورىغان خوتەن ئىسلام هۆكۈمىتى بىلەن، ئۆمرى قىسقا، تەسىرى زور تۇنجى جۇمھۇرىيەت مەيدانغا كەلگەن.

## جەدىتىزم ۋە پەرەڭىزم مائارىپى ئارىسىدىكى سۈركىلىش ۋە جەدىتىزىمنىڭ غەلبىسى

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاتارلار ۋەتىنى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئۇسۇلى-جەدىد مائارىپى بالدۇر ئويغانغان بىر تۈركۈم مىللەت سەرخىللىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئۇيغۇر هازىرقى زامان مائارىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. يېڭى مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشى ھەمدە قۇدرەت تاپقۇزۇشى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەشەببۇسلىرىدىن بىرى ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ۋەتىنىدە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان ئۇسۇلى-جەدىت مائارىپى قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق جايلاردا شىۋېت مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن ئېچىلغان ياۋروپاچە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىدۇ. شىۋېتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جەدىتچىلەر تەشەببۇس قىلىۋاتقان مائارىپتىكى مىللىي كىملىك مەزمۇنلىرىنى ئۆزلىرى ئاچقان مەكتەپلەرنىڭمۇ دەرس پروگراممىسىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدا شىۋېتلار ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ياۋروپاچە دەرسلىك پروگراممىلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يەنە «ئانا تىل»، «ئورتا ئاسىيا تارىخى»، «يۇرت جۇغراپىيىسى»، «ئانا تىلدا خەت-چەك يېزىش مەشىقى» قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ ئۆتكەنلىكىنى بايقايمىز. «ئانا تىل» دەرسلىكىگە تاللانغان تېكىستلەر قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك هاياتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەمدە مىللىي ئەخلاق مىزانلىرىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىتىشنىمۇ مەقسەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا شىۋېتلارنىڭ قەشقەر ۋە يەكەنلەردە تەسىس قىلغان مەكتەپلى-

رىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ۋە ئىمتىھان قەغەزلىرى ھازىر ستوكھولمدىكى شىۋېتسىيە چېركاۋىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىلمىي جۇغراپىيە» دەرسىدە سىزغان خەرىتىلىرى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەردۇر. 9 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىلىرىنى قولدا سىزىپ چىققاندىن باشقا، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەمۇريي خەرىتىسىنى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە سىزىپ چىققان.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن دەرسلىك قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ قەدىمدىن تاكى 1930-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي ئەھۋالىدىن سىستېمىلىق مەلۇمات بەرگەن. شۇ مەزگىلدە يەنە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئانا تىلدا تۇرلۇك مەزمۇنلاردىكى خەت-مەكتۇپلارنى يېزىش دەرسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان تۇرلۇك خەتلەر ئۇيغۇر مەكتۇپچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ گۈزەل ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان. بۇنىڭدىن جىددىي شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئۆتكەن ئەسىردىكى ئۇيغۇرغا خاس مىللىي ئىدولوگىيەلەرنىڭ پاجىئەلىك قىسمىتى ۋە بۈگۈنكى تېگىرقاش تارىخ پەنلىرى دوكتۇرى نەبىجان تۇرسۇن ئاكا «چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر» ناملىق تارىخىي ماقالىسىدە ئۆتكەن ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىي ئىدىئولوگىيىسى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

ئومۇمەن،1917-يىلىدىن ئېتىبارەن يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى ۋە كۈنسايىن كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن دۇنيا تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋرو-ئاسىيا مىقياسىدا داۋاملاشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىزدى-دى. ئۇيغۇرلار 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ھەم خارابلاشقان تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىلىرى، مەسىلەن «كوممۇنىزم»، «تۈركچىلىك»، «ئىسلامىي گۈللىنىش»، «مىللىي ئازادلىق» ۋە «جەدىتچىلىك» ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ھەر خىل سەۋىيىدە ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇلارنى مىللىي ھۆرلۈك كۈرەشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. گەرچە، بۇ ئىدىيىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆز ئورنىنى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزئارا كۈرەشلەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سەۋەب بولدى. ھەر قايسى ئىدىيىلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن يول بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىگە سادىق بولدى. بۇنداق ئىدىيە توقۇنۇشلىرى دەسلەپتە بۇخارا، ئىستانبۇل، قازان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللا، مەسۇد سەبرى، قۇتلۇق شەۋقى، جىرجىس ھاجى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تاشقى دۇنيانى كۆرگەن ئاكا-ئۇكا مۇساباييۇلار ۋە مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق ئۇيغۇر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىپ، ئۆز ۋەتىنىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مەدەنىيەت-مائارىپ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قارشى چىققان شاپتۇل داموللا، سېلىم داموللا ۋە ئۆمەرباي قاتارلىق جاھىللار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رەۋىشتە ئىپادىلەندى. ياڭزېڭشىن قاتارلىق مىلىتارىستلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئاڭنىڭ ھىمايىچىلىرى بىلەن جاھىللار گۇرۇھى ئارىسىدىكى كۈرەشتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ياڭ زېڭشىن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ سانى يەتتە مىڭغا يەتمەيدىغان ئەپيۇنكەش ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ھىلە-نەيرەڭلىك سىياسىي ئويۇنلىرى ۋە «نادانلاشتۇرۇش»، «دۆتلەشتۇرۇش»، شۇنىڭدەك «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقۇرۇش» ۋە باشقا بىر قاتار سىياسىي تاكتىكىلىرى بىلەن 17 يىل ئىدارە قىلدى. نادانلىق، جاھالەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان ئۇيغۇرلار ئۆز خەلقى ئىچىدىن چىققان ئاڭلىق، كۆزى ئېچىلغان زاتلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، بەلكى ياڭ

زېڭشىڭنىڭ سىياسەتلىرىنى كەڭ تەرغىپ قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىپ، ئۆز خەلقىنى قۇللۇققا مەھكۇم قىلدى. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان شۇنچىلىك پاجىئەلىك قىسمەت شۇكى، ئەنە شۇ گورۇھلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ياڭ زېڭشىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ناھىيىلەرنى 17 يىل تىنچ ۋە قارشىلىقسىز ئىدارە قىلالىدى. ئادەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھاكىم ۋە ساقچى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە خىتاي پۇقرادىن باشقا كۈچلۈك ھەربىي ۋە ساقچى قوشۇنى بولمىغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا نەچچە يۈز مىڭ نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقى شەرتسىز بويسۇنۇشقا، ھەتتا خىتاي ئەمەلدارى كوچىغا چىقسا، كوچىدىكى ئادەملەر توپ-توپى بىلەن يۈكۈنۈپ تازىم قىلىشتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. قىسقىسى پۈتۈن بىر ناھىيىنى پەقەت بىر خىتاي ھاكىم ئۆزى تەنھا باشقۇراتتى ھەمدە يانچۇقى پۇلغا تولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى كېلەتتى. ئەگەر كىمكى، سەل ئويغۇنۇپ، بۇنىڭغا قارشى چىقسا يۇرت ئاقساقاللىرى بۇ ئادەمنى ئۆزلىرى تۇتۇپ، خىتاي ئەمەلدارىغا تاپشۇرۇپ، كاللىسىنى ئالغۇزاتتى. بۇ ھەقتە 20-ئەسىرنىڭ 10-20-يىللىرىدا قەشقەرگە كەلگەن تۈركىيىلىك مائارىپچى ئەخمەت كامال ئىلقۇل ۋە شۋېتسىيىلىك دىپلومات گۇننار يارىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بايانلىرىغا قاراش مۇمكىن. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنى تەمىن ئەتمەكچى بولغان «تارانچى -تۈڭگان كومىتېتى»نىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر زىيالىيسى ھۈسەيىن تارانوپ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشنى غايە قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋچىلار بىر مەيدان كۈرەشنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قانچە يىل تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى، يەنى بۇ ئىككى شۆبىنىڭ قايسىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارانچىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەتكە تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە داۋاملاشتى. 1934 -يىلى بولسا، بۇ جېدەلدىن شېڭ شىسەي پايدىلىنىپ، تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ چىقىپ، باشقا مىللەت قىلىپ بېكىتتى. ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىدىل-ئۇرال بويىدىكى تۈركىي قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرى جەريانىدا دۇچار بولغان ئوخشاش تەقدىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى يول ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر قانچە قارمۇ-قارشى گورۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئۆز رەقىپلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە تېخى دائىم ئۆزلىرى قارشى تۇرغان ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرلىشىشتەك، سۇلھىچىلىك يولىنى تۇتقان گورۇپپىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تېخىمۇ پاجىئەلىك بولۇشىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك روسىيە بولشېۋىكلىرى ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تاتار ۋە باشقۇرت ھەم ئازەرى قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى سۇلھىچىلىك پىكىردىكى گورۇھلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقا قەتئىيلىك تەرەپدارلىرىغا زەربە بەردى. ئەمما، ھاكىمىيەتنى تولۇق ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان گورۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنى بىرمۇ-بىر جازالىغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ 1912-يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپىدىن باشلانغان 20-ئەسىر ئىنقىلابلىرىمۇ دەل شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، 30-يىللاردىكى خوجا نىياز ھاجىم، 40 -يىللاردىكى ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇد سەبرى قاتارلىق «ئۈچ ئەپەندىلەر» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ھەر قايسى ئېقىمغا مەنسۇپ ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى تاكى 1949-يىلىغىچە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە ئېتىقاد قىلغان يوللارنى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە تەۋسىيە قىلىش جەريانىدا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەيلى تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساسىي قورال قىلغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۈچ ئەپەندى باشلىق «كونسېرۋاتىپلار» بولسۇن، ۋەياكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رۇسلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان «رادىكاللار» بولسۇن، ۋەياكى بۇ ئىككى ئىدىيىنىڭ ھېچ قايسىسىغا قوشۇلماي ئوتتۇرا يولنى تاللىغان

ئابدۇل ئەزىزخان مەخسۇم قاتارلىقلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس ئىدى. بەلكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاللاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىش، خەلقئارا سىياسىي ئېقىملارنى ۋە ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن چىقارغان خۇلاسىلىرى ئىدى. ئەسلىدە مۇنداق پىكىر ئېقىملىرىغا بۆلۈنۈپ، ئۆز ئارا كۈرەش قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى تۈركىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىكىدەك شەكىلدە ھەم مەۋقەدە مەۋجۇت بولسا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىنى ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاللىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزارا زىددىيەتلىشىپ، ھەتتا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رەقىبلىرىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە، ئۇيغۇرلارنى ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلىتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ تۇلكىسى دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق دىپلومات جاڭ جىجوڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزارا زىددىيىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەيلى كونسېرۋاتىپلار بولسۇن ۋە ياكى رادىكاللار بولسۇن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ يەنىلا مۇستەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .....

خۇلاسە قىلغاندا، 1920 -، 1930 - يىللاردىكى ھەر ئىككى پىكىر ئېقىمى غەلىبە مېۋىسىنى قوغداپ قالالمىغاچقا، ئون يىلدىن كېيىن، ئىلىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرىزم بىلەن ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تۈركىزم قايتا ئوتتۇرىغا چىققان. ئىككى ئېقىمنىڭ ئاتامانلىرى بولغان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا گەرچە باشتىن-ئاخىرى ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھىلىگەر خىتايلار ھوقۇق ھىلىسى ئىشلىتىپ، ئەسلىدە ئۆزلىرىگە قارشى بولغان قان-قېرىنداش ئىككى تەرەپنى «بىر-بىرىگە قارشى ئىككى تاغلىق گۇرۇھ» قا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۈچ ئەپەندى تۈركچىلىككە كۈچىگەنسېرى، ستالىننىڭ بىزدىن ئۈمىد ئۈزۈشى شۇنچە كۈچلۈك بولغان. موسكۋانىڭ «پانتۈركىزىم ئەنقەرەدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى» دەپ خۇلاسە چىقىرىشى ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ كوممۇنىزم كۈچلىرىگە قارشى قوزغىغان سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا 1947-، 1949 -يىللىرى قايتا كەلگەن ئاخىرقى تارىخىي پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . نەتىجىدە «ئىككى يولۋاس ئۇرۇشۇپ، مەينەت قاۋانلارغا يەم بولغان.» ئەخمەتجان قاسىمى ھازىرغىچە سىرى ئېچىلمىغان سۇيقەستتە يوق قىلىنغان بولسا، مەمتىمىن بۇغرا ۋەتەندىن ئەبەدىي ئايرىلىپ قاچقان.

1914-يىلى ئاقسۇغا كېلىپ، مىللىتىنىڭ تولىمۇ بىچارە ھالدا قالغانلىقىنى كۆرگەن نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف «قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام بارغۇ، ھەر ھالدا قەشقەر خەلقى شۇلار سايىسىدە بەختلىك بولسا كېرەك!» دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۆزىنى «ئۇيغۇر بالىسى» دەپ ئاتىغان بولسا، ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ، قوشكېزەك ئۇيغۇر ۋە تۈرك ئىدىئولوگىيىسى ھەر خىل سىياسىي ۋە پىكرىي مۇھىت تۈپەيلى «گۆش بىلەن قاندەك ھالەتتىن ، ئوت بىلەن سۇدەك قارشى ھالەتكە كېلىپ قالغان.» نەتىجىدە بىر -بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى ئېلېمېنت خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە كىرىپ، ھەر ئىككىسى تۈگىشىپ كەتكەن. 1949 - يىلى «ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق» بولۇپ، ھەم ۋەتەن، ھەم خەلق قايتا قۇللۇققا مەھكۇم بولغان. ئۆز ئارا تالاشقان ھەر ئىككى تەرەپ پاجىئەلىك يوقىتىلغان ۋە يىغىشتۇرۇلغان.

شۇ قېتىمقى پاجىئەلىك تەقدىر بىزگە ئىبرەت بولۇشى كېرەك! بىزنىڭ يەنە بىر قېتىم قايتا خاتالىشىپ، يەنە 50 يىل كۈتكىدەك ئەھۋالىمىز ۋە شارائىتىمىز يوق. شۇڭلاشقا، يۇغۇرۇلسا پولاتتىنمۇ قاتتىق ھالغا كېلىدىغان، سوقۇشتۇرسا بىر-بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بۇ ئىككى ئىدىئولوگىيىنى قەستەن سوقۇشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەجداتلاردىن قالغان ئىلغار پىكىرلەر ۋە ئىدىيەلەرنى يۇغۇرۇپ، بىر ئانا مەپكۇرە يارىتىشنىڭ ئورنىغا، ئەسلىدە بار بولغان پارچە ئىدىيەلەرنى سوقۇشتۇرۇپ خورىتىۋەتسەك، يەتمىش يىل ئاۋۋالقى ھاقارەتلىك تارىخ يەنە قايتىلىنىدۇ دېگەن گەپ.

## خاتىمە: يۈز يىل كېيىنكى يوقاتقانلىرىمىز

يۈز يىل بۇرۇن ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام، قۇتلۇق هاجى شەۋقى، شەمسىدىن داموللام، قۇتبىدىن-شاھ ھۇسەيىنخان تەجەللى، مۇرات ئەپەندى، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندىلەردەك خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئۇستازلىرى ۋە كۆپكە قادىر ئاقساقاللىرى بار ئىدى. ھەر ھالدا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ دۈشمەننى تارمار قىلغان تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز هاجى، مەھمۇد مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەمتىمىن بۇغرا، شامەنسۇر، تۆمۈر ئېلى، ئابدۇنىياز كامال، غېنى باتۇر... سوپاخۇن، ساۋدانوف، ئىمىنوفتەك ھەربىي قوماندانلار؛ جىرجىس هاجى، ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق سىياسەتچىلىرىمىز ۋە ئەلباشلىرىمىز بار ئىدى.

يۈز يىل ئۆتۈپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەقىقىي ئىز -باسارلىرى نەزەربەنت ئىچىدە ئۆز ۋەتىنىدە تۇتقۇنغا ئايلانغان بولسا، ئاز ساندىكى بىر قىسىم سەرخىللار چەتئەلدە قاچقۇنغا ئايلىنىپ قالدى. پېشقەدەم ئىنقىلاپچىلىرىمىز بولغان ئەخمەت ئىگەمبەردى، ئابدۇرېشىت هاجى كېرىمى، سۇلتان مەھمۇد قەشقەرى، ئەركىن ئالىپتېكىن، غۇلامىدىن پاختا، غۇلام ئوسمان، رابىيە قادىر خانىم ۋە باشقا ھۆرمەتكە سازاۋەر يۇمشاق يولباشچىلىرىمىز ئاللىبۇرۇن ياشىنىپ قالدى. ئوتتۇرا ياشلىق سەركىلىرىمىزمۇ يېشى ئەللىك ياكى ئاتمىشقا بارمايلا قەددى پۈكۈلۈشكە باشلىدى. ياشلار بۇ ھاياجان ۋە تەجرىبىسىزلىكى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەجرىبىلىرىدىن پايدىلانماستىن ئالغا باسالمايدۇ. دېمەك ئېرىشكىنىمىزدىن يوقاتقان قىممەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ سانى يوق.

ھازىر بىزدە نە ئابدۇقادىر داموللامدەك بارلىق خەلقىمىز ئېتىراپ قىلغان، ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن بىرەر داھىيمىز يوق. نە سابىت داموللام، ئەلىخان تۆرەم، مەمتىمىن بۇغرا ۋە ئەخمەتجان قاسىمىدەك خەلقىمىزنىڭ يېرىمى ئېتىراپ قىلغۇدەك قابىل سىياسەتچى لىدېرلىرىمىز يوق. نە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتېلى ئەپەندى كەبى ئوت يۈرەك مائارىپچى پېشۋالىرىمىز يوق. (ۋەتەندىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) . نە مەخمۇت مۇھىتى، ئابدۇنىياز كامال ۋە سوپاخۇنغا ئوخشاش ھەربىي قوماندان ۋە گېنىراللىرىمىز يوق. نە مۇسا بايلاردەك مىللىي مەنپەئەتنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئەلا بىلەلەيدىغان، پۇل تېپىشنى بىلگەندەك ، جايىغا خەجلەشنىمۇ بىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر بايلىرىمىز يوق. دېمەك مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان داھىي، ئۇستا دۇنياۋى سىياسەتچى، پەيلاسوپلار ، ئاقارتىش پېشۋالىرى، ھەربىي قوماندانلار، ئىقتىسادىي تايانچ كۈچلەر پەقەتلا يوق! بىر مىللەتنىڭ داھىيسى، سىياسەتچىسى، ھەربىي سەردارلىرى، ۋەتەنپەرۋەر بايلىرى يېتەرلىك بولمىسا، ئۇ مىللەت قانداقمۇ ھازىرقى رىقابەت بىلەن تولغان دۇنيادا قايتا قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچىيەلىسۇن!؟؟

يۈز يىل بۇرۇنقى داھىيمىز ۋە ئاقساقاللىرىمىز دەل بۈگۈنكىدەك خورلۇقتىن ئالدىن تەكرار ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇنداق چاقىرىق قىلغانىدى:

**1920**-يىلىلا ئۇيغۇر داھىيسى ۋە مەرىپەت پېشۋالىرى ئاكىسىراشقا خاتىمە بېرىپ ۋە تېزدىن ئويغىنىپ، ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەققىدە كۈچلۈك چاقىرىق قىلىپ بولغان ئىدى .

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ خىتاب ۋە چاقىرىقلىرى:

ئابدۇقادىر داموللام مەردانىلىك بىلەن «بۇ زامان غەپلەتتە ياتقانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ھوشيار ئويغاقلارنىڭ زامانىدۇر!» دەپ خىتاب قىلغان. (**1919**-يىلى قەشقەر)

«نەسىھەتى ئامما» ناملىق ئەسىرىدە: «پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق باش كۆتۈردى، ئىززەت - ئابرۇيلار قولدىن كەتتى. مۇخالىپلار (ياتلار ۋە دۈشمەنلەر) ۋەتىنىمىزگە قول سېلىشقا باشلىدى»، « ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلاش يوقىلىش دېمەكتۇر ۋە ئۆلۈم يولىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (**1920**-يىلى، قەشقەر)

«ئەۋلادلىرىڭلارنى باشقا بىر يېڭى زامان ئۈچۈن تەييارلاپ، تەلىم بېرىڭلار . چۈنكى، ئۇلار سىلەر ياشىغان زاماندىن باشقا بىر زاماندا ياشاش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەندۇر» دەپ خىتاب قىلىپ، يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئىسپاتلىغان.(1922-يىلى قەشقەر)

«بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس ، جاھىللىق، نادانلىق دەۋرى ئەمەس، بەلكى ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم -مەرىپەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۈچۈپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت تۇيغۇسىدا ياتماقتىمىز .بۇ ھالەتتە داۋام لىق ئۇخلىماق ، ئۆلۈم ۋە يوقىلىش يولىدۇر. ئىنسان كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە ھۈنەر - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئاللاھ ئادەت قىلمىغاندۇر ! ھەر قانداق ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھاد بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق، پىداكارلىق كۆرسىتىش ئەسلىدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئىلاھىي يولىيورۇقىدۇر. <ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە بار> دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر » دەپ خىتاب قىلغان ئىدى .ئەمما بىز تېخىچە ئىلىم پەنگە قارىغاندا، ناخشا-سازغا بەكراق بېرىلىپ كەلدۇق.

«ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى تۇنجى قېتىم قوللانغان نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت «ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىك ئەڭ چوڭ جاھالەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (1914-يىلى، مۇزارت داۋىنى)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەسرەت بىلەن «ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت خەۋپ-خەتەر، ھالىمىز قولدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن» دەپ نىدا قىلغان. (1920-يىلى، تۇرپان)

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى جاھالەتكە ۋە ئاسارەتكە قارشى :

« بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، <كەس> دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقنىڭ بوينىدىن خارلىق كىشەن-زەنجىرىنى.
گەر خارابكەن ئەل-ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى»
دەپ مىللەتكە ۋە ئۆزىگە ئومۇمىي خىتاپ قىلدى. (1920-يىلى قەشقەر)

بۇ مىسرالارنى 1937 - يىلى 28 - ماي ئۆلۈم ئالدىدا قايتا تەكرارلىغان.

مەمتىلى تەۋپىقمۇ «سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز» دەپ قەسەم ئىچكەن. (ئىستىقلال مارشىنىڭ ئاخىرى ، 1933 - يىلى قەشقەر)

خۇلاسە قىلغاندا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنى قايتا ياساپ چىقىشى، تەپەككۇر، مائارىپ، سىياسەت ۋە باشقا بارلىق مۇھىم ساھەلەردە جىددىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھەم ئۆزىمىزنى ھەم دۈشمىنىمىزنى ئوبدان تونۇپ، شۇنىڭغا قارىتا قىسقا ، ئوتتۇرا ۋە يىراق مۇساپىلىق پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك! ھازىر بىزنىڭ پەقەت تەييارلىقىمىز يوق!

«كۆكبۆرە ئۆز كەچمىشىنى ئۆزى يېزىپ چىقمىغۇچە قىزىل ئەجدەرھانىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۆرە بىپايان داللاردا ئەركىن ۋە ھۆر ياشايدۇ. ئەمما ئەجدەرھا سېپىل ئىچىگە ياكى ئۆڭكۈردە تۈگۈلۈپ ۋە سولىنىپ خار ۋە قۇل بولۇپ ياشايدۇ.»

ۋەتەنپەرۋەرلىك–ئەخلاق ۋە ئېتىقادقا ئوخشاش، ئادەملەرنى ئالىيجانابلىققا باشلايدىغان، ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى بارغانسېرى چۈشىنىش ۋە سۆيۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ھەمدە تۈرلۈك يوللار بىلەن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدىغان غايىۋى كۈچتۇر. ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدىكى ھەرىكەتلەردە، يەنى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن پاسسىپ ھالدا قانائەتلىنىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ ئۆزگەرتىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى مەملىكەت، ھەرقايسى مىللەتلەردە نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر

زاتلار ئۆتتى. بىزنىڭ تارىخىمىزدىمۇ پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈدەك ۋەتەنپەرۋەرلەر توشاق تۇرماقتا. ئۇلاردىن ھەم ئۆلگە ئېلىپ، ھەم ئىبرەت ئېلىپ قەددىمىزنى رۇسلىشىۋېلىشىمىز لازىم!

## نەقىل مەنبەلىرى:

(1) خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام» ناملىق تارىخىي ئوچېركىدىن ئېلىندى («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 – يىل 1- سان، 246-، 247 – بەتلەر)

## پايدىلانغان مەنبەلەر :


قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمىھالى
20-ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى
ئۇيغۇر بالىسى ئابدۇسەمەتوف ئاقسۇدا
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى
ھاجى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ تەرجىمىھالى
مەمتېلى ئەپەندى
ئۇيغۇر يىلنامىسى


ئەسنجان سەيدىن

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتى»نىڭ ئوقۇتقۇچىسى، تارىخ پەنلىرى دوتسېنتى، «ئەمىن كىتاپچىلىق چەكلىك شىركىتى»نىڭ دېرىكتورى ئىمىنجان سەيدىن 2017-يىلى، 5-ئايدا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ جازا لاگېرغا تاشلانغان. 2019-يىلى، 2-ئايدا ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن سوتلىنىپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئىمىنجان سەيدىننىڭ قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش سەۋەبى «ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش» بولغان. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرگەنلا ئۇيغۇرنى قارىلايدىغان تۆھمەتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. خىتاي دائىرىلىرى ئىمىنجان سەيدىننى 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشتىن سىرت، ئۇنىڭغا يەنە 500 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويغان. ئىمىنجان سەيدىن ناھەق ھالدا تۈرمىگە تاشلىنىشتىن ئىلگىرى، «ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى»نىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، گۇما ناھىيەسىنىڭ كۆكتېرەك كەنتىگە خىزمەتكە چۈشۈرۈلگەن. قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان چاغدا ئۇ 54 ياشتا ئىدى.

ئىمىنجان سەيدىن 1988-يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتى»غا خىزمەتكە چۈشكەن.

«ئەمىن كىتاپچىلىق شىركىتى» 2012-يىلى ئىمىنجان سەيدىن باشچىلىقىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ شىركەت ئىمىنجان سەيدىن ناھەق تۇتۇلۇلغۇچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئەللىك پارچىدەك كىتابنى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشىر قىلدۇرغان. ئىمىنجان سەيدىن نەشىر قىلدۇرغان كىتابلار پەن-تېخنىكا، مائارىپ تەربىيىسى، پسخولوگىيە، ئاياللار تەربىيىسى قاتارلىق ساھەلەرنى ئاساس قىلغان. كىتاب-ژۇرنال بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنىڭ دۇنيادا تۇتقان ئورنى شۇ مىللەتنىڭ يېزىقىدا نەشىر قىلىنغان كىتاب-ژۇرناللارنىڭ سانى بىلەن ئوڭ تاناسىپ. بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا نەشىر قىلىنغان كىتاب-ژۇرناللىرى قانچە كۆپ، رەڭدار ۋە سەۋىيەلىك بولغانسېرى، شۇ مىللەتنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسى، دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە ھايات سۈپىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. خىتاي بار كۈچى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئىلىم-مائارىپىغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان بۇ تراگېدىيىلىك دەۋردە، ئىمىنجان سەيدىننىڭ كىتابچىلىق شىركىتى قۇرۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا كىتاب نەشىر قىلدۇرۇشى ئىمىنجان سەيدىننىڭ ئۇيغۇر-ئىلىم مائارىپىغا تۆھپە قوشقان، مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلىرىمىزدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمىنجان سەيدىن نەشىر قىلدۇرغان كىتابلاردىن «ئۇنۇمدار كىشىلەرنىڭ يەتتە ئادىتى»، «ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچى»، «ئەرەب تىلى ئاساسىي بىلىملىرى» ... قاتارلىقلار بار.

ئىمىنجان سەيدىننىڭ ئامېرىكادىكى قىزى سەمىرە ئىمىننىڭ تۋىتېردىكى گۇۋاھلىق ۋىدىيولىرىدىن بىرىدىكى بايانلارغا كۆرە، ئىمىنجان سەيدىننىڭ يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلى بار ئىكەن. سەمىرەنىڭ ئېيتىشىچە ئىمىنجان سەيدىن ئىلىم تارقىتىشقا ھېرىسمەن، باشقىلارغا ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدىغان، جانلىق كىشى ئىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق بىر ئىلىم ئادىمىنى «ئاشقۇنلۇق»، «دىنىي ئەسەبىيلىك» بىلەن ئەيىپلىشى پۈتۈنلەي قۇرۇق تۆھمەت ۋە سەپسەتىدىن ئىبارەت ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# شەرقىي تۈركىستاندا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە»نىڭ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشى

تارىم توغراق

خىتاي كومپارتىيىسى 1949- يىلى دېكابىردا شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى ۋەزىيىتى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دۇستلۇق مۇناسىۋېتى قاتارلىق سىياسىي ئامىللار، ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن بىر مەزگىل ۋاقىتقا موھتاجلىقى تۈپەيلىدىن، يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان ئاسسىمىلاتسىيىنى كەسكىن باشلىۋەتمەستىن، يەرلىك مىللەتلەرنى ۋاقتىنچە خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى يەككە-يەككە ھالدا باشقۇرۇش ۋە يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا شەكلى «ستالىنچە»، مەزمۇنى «ماۋزېدوڭچە» بولغان ھەر دەرىجىلىك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» قۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار «قىزغىن» ھالدا باشلىنىپ كەتتى.

1951- يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى «شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا دائىر پىكىر ئېلىش» ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم مىللىي مەسئۇل كىشىلەرگە ئالاقە ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمى ئەھۋالى توغرۇلۇق ماتېرىيال يېزىپ بېرىشنى ئۇقتۇرغان. شۇ يىلى مارتتا شۇ خىل ئالاقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان قېيۇمبەگ خوجا (ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ئوغلى) تەرىپىدىن غۇلجىدا چاقىرىلغان پىكىر ئېلىش مەجلىسىدە، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى بىردەك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان شەرقىي تۈركىستان «كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى بولۇشى كېرەك» دىن ئىبارەت پىكىرى خىتاي كومپارىيىسىنىڭ «شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى» تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىپ، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىغا زەربە بېرىلگەن.

1956- يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جىسمى ئىسمىغا زىت بولغان «نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرىسى قۇرۇق» بولغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت» لىرى قۇرۇلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىتىگە نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى رېسپۇبلىكا بېرىلمىگەنلىكى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى جۇئېنلەي 1957- يىلى چىڭداۋدا ئېچىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدىكى بىر يىغىندا سۆزلىگەن بىر نۇتۇقىدا:«نېمە ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى رېسپۇبلىكا بېرىلمىگەنلىكىنى ئۆتمۈشكە نەزەر سالغان ھالدا ئىزاھلىغان. بىر مىللىي رېسپۇبلىكا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇشى ۋە سانى كۆپ بولغان بىر مىللەت بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشى كېرەك. شىنجاڭدا ئون ئۈچتىن كۆپرەك مىللەت بار. ھەممىسى ئاساسەن تارىختىن بۈگۈنگىچە قەدەر تونۇلۇپ باقمىغان.» جۇئېنلەي قارىماققا مۇڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىگە خاس دۆلەتلىرى بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك. (ئەنگلىيە، كرىستىين تايلى: «تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى»، 2006- يىل نەشرى).

خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ «تېررىتورىيىلىك مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمى»نىڭ بۇنداق شەكىل ۋە مەزمۇندا بولۇشىنىڭ سەۋەبى:« 1921- يىلى پارتىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆز-ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش مەسىلىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ياش پارتىيە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، تىبەت، مۇڭغۇلىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جۇڭگو قوشما شىتاتلىرى قۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. 1931-يىلى تۈزۈلگەن قانۇن لاھىيىسىدە <ئەگەر ئۇلار مۇستەقىللىقنى خالىسا مەيلى> دېگەنىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇلارغا ئۆز-ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش ۋەدە قىلىنغان. بۇ مۇڭغۇللار، تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار، مياۋزۇلار ۋە چاۋشيەنزۇ قاتارلىقلارغا قارىتىلغان. ئەمما 1935- يىلى ماۋزېدۇڭ رەئىس بولغاندىن كېيىن، بۇ مۇھىم نۇقتا ئۆزگۆرۈشكە باشلىدى. تاكى بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە تەكرار-تەكرار ئۆزگەرتىلدى.» («تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى»)

گەرچە خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە «مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە» بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، مىللىيلار بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بەھرىمان بولۇشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇ ھوقۇقلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ھەممە ئىشتا خىتايلار بىرىنچى بولۇپ كەلدى. كۆپ ئىشلاردا مىللىيلارغا خىتايلارغا ئوخشاش تەلەپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشتا پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتايلار ئىگىلىۋالدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك مىللەتلەرنى «مىللىي ئاپتونومىيە»رىڭلار بار دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ نىسبىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، خىتاي كۆچمەنلىرىنى خالىغانچە كۆچۈرۈپ ئەكىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقلىرىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يۆتكىدى. چېگرا رايوننى تەرەققى قىلدۇرۇش خىيالىغىمۇ كەلمىدى.

**1949**- يىلدىن ئىلگىرى، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك مىللەتەر ئىگىلەيتتى. خىتايلارنىڭ نوپۇسى بۇ يەردىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەت بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، **200** مىڭ ئەتراپىدا خىتاي بار ئىدى. ھازىر بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسملار ۋە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش ئارمىيە كورپۇسى» نىڭ نوپۇسىنى ھىساپلىمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى **45** پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى.

«**1941** - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا **187** مىڭ خىتاي نوپۇسى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. (چاڭ چىن يى : << شىنجاڭدىكى يەرلەردىن پايدىلىنىش ۋە كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى>> )، «شەرقىي تۈركىستاندا **1953**- يىلى خىتاي نوپۇسى **299000** گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ **6.1** پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، **1964**-يىلى **2،445،400** گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ **32.9** پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. **1982**-يىلى **5،284،000** غا يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ **40.4** پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. **1990**- يىلى **5،695،400** گە يېتىپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ **37.6** پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. **2000**- يىلغا كەلگەندە **7،497،700** گە يېتىپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ **40.6** پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.» ( ئامېرىكا، س. فرېدېرىك ستار:«شىنجاڭ»، **(America, s . Frederick Starr (editor) XINJIANG 2004**

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلىرىگە ئاتالمىش «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت»لىرىنى قۇرۇپ بېرىپ، ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورىدى. خىتايدا دائىرلىرى «بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەتنى نازارەت قىلىش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكىنى قوللاندى. «قازاقلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بېسىش» تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، بۇ قېرىنداش تۈرك قەۋملىرى ئارىسىدا زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بوزۇپ كەلدى.

خىتاي دائىرلىرى ھەر قايسى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە»لەرنىڭ «مىللىي ئاپتونومىيە» تۈزۈمىگە خىلاپ ھالدا، بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت» لەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خىتاي كادىرلىرىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويدى. يەنە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دەرىجىلىك ئىدارە- ئورگانلاردا ھاجىتى بار يوقلۇقىغا قارىماي، قازاق مىللىتىدىن بىر قىسىم كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا غەرەزلىك ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر رەھبىرى كادىرلارنى ئۇلار ئارقىلىق نازارەت قىلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى شۇندىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش؛ مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش ۋە مەمۇرىيەتتە مىللىي كادىر-خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش؛ ئىككىنچى، مىللىي تىل-يېزىقنى مىللىي ئاپتونومىيە تېررىتورىيىسىنىڭ ھەممە يېرىدە بىر تۇتاش ئىشلىتىش؛ ئۈچىنچى، يەرلىك مىللىي ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش؛ تۆتىنچى، مىللىي مەدەنىيەت-

## ئۆز–ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش، مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش، مەمۇرىيەتتە مىللىي كادىر-خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش جەھەتلەردىكى «ئاسسىمىلاتسىيە»

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى »دا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش، مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش ۋە مەمۇرىيەتتە مىللىي كادىر-خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش جەھەتتە كونكېرت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ھېچ بىر ماددىسى ئەمەلىيلەشمەي، ئىشلار بۇ ماددىلارغا زىت ھالدا ئىجرا قىلىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك تېررىتورىيە ئىچىدە «ئاسسىمىلاتسىيە» ئېلىپ بېرىلدى.

**1949**- يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ **1958**- يىلدىكى «يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارىشى تۇرۇش ھەرىكىتى»دە ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىغا زەربە بېرىلدى. **1962**-يىلدىكى «رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى»دە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان مىللىي رەھبىرى كادىرلارغا زەربە بېرىلدى. **1966**-يىلدىن، **1976**- يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇرلارنى يوقىتىش» شوئارى ئاستىدا، يەرلىك كادىر ۋە زىيالىيلارغا ئومۇمىيۈزلۈك زەربە بېرىلدى.

بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت» لەرنىڭ بىرىنچى قوللىرى گەرچە مىللىيلاردىن بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق يەنىلا پارتىيە سېكرېتارىنىڭ قولىدا ئىدى. مىللىي بىرىنچى قولنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيە سېكرېتارى بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدا «تەرجىمانلىق» قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، خالاس.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىق يىللىرى خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى ئۆز ئىچىدىكى ئاۋارچىلىقلارغا پېتىپ قالغان چاغدا، سەيپىدىن ئەزىزى گەرچە بىر مەزگىل «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ پارتىيە سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولسىمۇ، يەنىلا مەركەزنىڭ قاتتىق كونتروللىقى ئاستىدا بولدى. ئۇنىڭ بۇ پارتىيە سېكرېتارلىق «ئالىي ھوقۇقى» مۇ ئۇزۇنغا بارماي ئاياقلاشتى. چۈنكى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ «تۆت كىشلىك گۇرۇھ»قا ئەگىشىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھوقۇقلىرى دېڭ شياۋ پىڭ تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

مەمۇرىيەتتە بىر قانچە مىللىيلارغا ئەمەل بېرىپ، ھوقۇقتا ئۇلتۇرغۇزۇپ قويغان بولسىمۇ، بۇ مىللىي ئەمەلدارلارنىڭ ھېچ قانداق ئەمەلىي ھوقۇقى يوق. پەقەت «خوجا كۆرسۇن» ئۈچۈن بولدى. بىر مىللىي ئەمەلدار مۇنداق دېگەن ئىكەن: «مەن ئىشخانامدا كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرىمەن. چۈنكى مېنىڭ بىجىرىدىغان ئىشىم يوق. ئۇلار بىزنىڭ ئىشخانىدا بىجىرىلگەن ئىشلارنىڭ پەقەت بەش پىرسەنتىنىلا ماڭا بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن نامدىكى مۇئاۋىن باشلىق.» («تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى»، **2006**- يىل نەشرى)

بۇ ھەر دەرىجىلىك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە»لەردە ئاساسىي ئىش بېجىرگۈچىلەر خىتاي كادىر-خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ئىشخانىلىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ خىتاي خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن قىلىدىغان ئىشى يوق، ئەتىگەندىن كەچكىچە قايناق سۇ ئىچكەچ ، گېزىت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. مىللىيلارنى خىتايچىنى ياخشى بىلمەيدۇ دەپ خىزمەتكە قوبۇل قىلىنمىدى. ئىشقا قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، تۈزۈك ئىش بېرىلمىدى. كېيىنكى يىللاردا ئىدارە-ئورگان، زاۋۇت-كارخانىلارغا ئىشچى-خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئوقۇرۇش-ئېلانلىرىدا «مىللىيلار قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەندەك جۈملىلەر كۆرۈلۈشكە باشلاندى.

ئەينى چاغدا گەرچە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا «ئاپتونوم رايونى» قۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ

لېكىن بۇ «ئاپتونوم رايون» نى نازارەت ۋە كونترول قىلىش، ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدە جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ تەسلىم بولغان قالدۇق قوشۇنلىرىدىن تەركىپ تاپقان قوراللىق مەمۇرىي تەشكىل « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش كورپۇسى»نى قۇرغان ئىدى. بۇ مەمۇرىي تەشكىلىنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى يېقىنقى يىللاردا «مىللىي تېررىتورىيىلىك مىللىي ئاپتونومىيە» دىن ئىبارەت مەمۇرىيەت بولغان ئۆلكە دەرىجىلىك «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ ئىچىدىكى «ئۆلكە» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

**2019**-يىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»نىڭ ھوقۇقلىرىنى تېخىمۇ چەكلەش ۋە تارايتىش مەقسىتىدە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»كە بەرگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت «ئاپتونوم رايون ھوقۇقلىرى» دائىرىسىدىكى **150** خىلغا يېقىن مەمۇرىي ۋە قانۇن ئىجرا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ يول قاتنىشى، ئامانلىق ۋە ئوت ئۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى «مىللىي ئاپتونوم رايون تېررىتورىيىسى» ئىچىدىكى «ئاپتونوم رايون» نى نازارەت ۋە كونترول قىلىدىغان ۋە يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇدىغان «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش كورپۇسى»غا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

## مىللىي تىل- يېزىقنىڭ «مىللىي ئاپتونومىيە تېررىتورىيىسى»دە «ئاسسىمىلياتسىيە» قىلىنىشى

مىللىي تىل-يېزىقنى «مىللىي ئاپتونومىيە تېررىتورىيىسى»نىڭ ھەممە يېرىدە بىر تۇتاش ئىشلىتىش «ئاسمىلاتسىيە» قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت»لەر قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ھەر قايسى «مىللىي ئاپتونومىيە» ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقى مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مىللىي تىل-يېزىقلارنى ئىشلىتىشتە رادىكال ئۆزگۈرۈشلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گەرچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرى ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە تارقىتىلسۇن» دېگەن قارارى بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى مىللىي تىل- يېزىقلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارە- ئورگانلىرىدا قوللىنىشى ئاستا- ئاستا ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىدى. « 红头文件 » (قىزىل ماۋزۇلۇق ھۆججەت) لەر خىتاي يېزىقىدىلا تارقىتىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىدارىلەردىكى «تەرجىمانلار ئىشخانىسى» قىسقارتىلىشقا يۈزلەندى. مىللىي كادىر-خىزمەتچىلەر خىتايلار بىلەن بىللە يىغىن ئاچىدىغان بولدى. باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» يولغا قويۇلۇپ، مىللىي تىلدا ئوقۇتۇش دائىرىسى بارغانسىرى تارىيىپ باردى. دەسلەپكى يىللاردا تېخنىكوم-ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا ئوقۇتۇش خېلى ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردىن باشقا پەنلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇشقا يۈزلەندى. خىتاي تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان مىللىي ئوقۇتقۇچىلار پېنسىيىگە چىقىرىلدى.

**2017**- يىلدىن باشلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى قاباھەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن بۇيان، بۇ رايوندىكى بارلىق مىللىي يېزىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پۈتۈنلەي خىتاي تىل-يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىدى. ھاتتا ئۆيلەردىمۇ خىتايچە سۆزلەش قاتارلىق ئىشلار تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى. مەنىسىزلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، **70** ياشلىق بوۋايلارمۇ «دۆلەت تىلى»نى بىلىشى كېرەك، دەپ خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاندى. مىللىي كادىرلار مىللىي ئامىغا ئاۋۋال خىتايچە سۆزلەپ، ئاندىن ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇشقا باشلىدى.

## يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى «ئاسسىملاتسىيە»

يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە يەر ئاستى-ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئاپتونومىيىلىك هوقۇقلار پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىلىپ قويۇلدى.

**1949**- يىلى ختاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن، ئەسلى ئانچە تەرەققى تاپمىغان بۇ رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بايلىققا تىنىپ كەتكەن بۇ جاينىڭ بايلىقنى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. (شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفت ۋە يەر ئاستى گاز زاپىسى «ختاي دۆلىتى» نىڭ نېفت ۋە يەر ئاستى گاز زاپىسىنىڭ ئۈچتە بىرىنى، كۆمۈر زاپىسى قىرىق پىرسەنتىنى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئاتمىش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.) بۇ يەرنىڭ بايلىقلىرىنى كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك، چاۋرىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بولۇپمۇ نېفت، گاز ۋە نادىر مىتاللىرىنى، قىسقىسى قولىغا چىققۇدەك نەرسىنى توختىماستىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇدى.

ختايدا «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» قاتارلىق بىر قاتار يېڭى سىياسەتلەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گەرچە ختاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت كاتتا پىلاننى ئوتتۇرغا قويغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىنى ئەۋۋەل تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت پىلانىدىن ۋاز كېچەلمەي، بۇ چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۇلۇغۋار» پىلانى قەغەز ئۈستىدىلا قالدى.

ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ «چېگرا رايون»لىرنى تەرەققى قىلدۇرماسلىق سىياسىتى بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋېتىنىڭ بۇزۇلىشى تۈپەيلى، گەرچە شەرقىي تۈركىستاندا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي كۆڭۈل بۆلۈنمەي، پەقەت يەرلىك مىللەتلەرنى كونترول قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ **50**- يىللىرىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان بىر قانچە زاۋۇت-كارخانىلاردىن باشقا تا **80**-يىللارغا قەدەر ھېچقانداق يېڭى بىر زاۋۇت-كارخانىلار قۇرۇلمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ **80**-يىللىرىدىكى «ئاپتونوم رايونلۇق» پارتكوم سېكرېتارى سۇڭ خەنلىياڭ ختاي مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان نېفتنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى «شىنجاڭ»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» ئېلان قىلغان **1992**- يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى **740.44** يۈەن (**88$**)، چارۋىچىلارنىڭ **638.79** يۈەن(**76$**)، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ **2742** يۈەن (**330$**) بولغان. ( تۆمۈر داۋامەت :«سۆيۈملۈك يۇرتۇم»، **1993**- يىلى نەشرى)

«<ختاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى ئىككى كۈن ئاۋۋال ختايدىكى **31** ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە چوڭ شەھەرنىڭ **2018**- يىلدىكى دەسلەپكى ئۈچ ئايلىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلدى. >، <ختاي دائىرىلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە كۆرستىلىشىچە، تىبەت بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ختايدىكى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن رايون بولۇپ، **30**- ۋە **31**- ئورۇننى ئىگىلىگەن. شاڭخەي شەھىرى ختايدىكى پۇقرالارنىڭ كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۈچ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى **17** مىڭ **277** يۈەن دەپ ئېلان قىلىنغان. < ختاي ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى پۇقرالارنىڭ بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى **4593** يۈەن، تىبەتنىڭ **3136** يۈەن ئىكەن. >»

«سىز بىرىتانىيەدىن يەتتە ھەسسە چوڭ زېمىننى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇنىڭ نېفت زاپىسى ئىراق بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك مول، ئۇنىڭ كۆمۈر زاپىسى گېرمانىيەنىڭكىدىنمۇ كۆپ. يەنە كېلىپ، دۇنيادىكى پاختىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى مانا بۇ يەردىن چىقىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ يەر يەنىلا قەلەندەر. ئۇ يەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى بوتسۋانا بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك. ئۇ يەر پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبا. ئۇيەردىكى خەلق ئاساسەن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. بىر گۇرۇپپا بارلىق هوقۇق ۋە بايلىققا ئىگە. يەنە بىر گۇرۇپپا بولسا گۈلاگلارغا سولىنىپ، قانداق قىلغاندا بايراق گۇرۇپپىغا ئوخشاش بولۇش ھەققىدە قايتا

تەربىيەلەنمەكتە>.» («ئىقتىسادشۇناس» نىڭ ژۇرنىلىنىڭ **2020**- يىللىق يانۋار سانى )

«خىتاي خەۋەرلەر تورى»نىڭ **2**- ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە، **2018**- يىلى بىر يىل ئىچىدە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى»نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز يۈكسەلگەنلىكى، بىڭتۈەن ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىنغان ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ **160** مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشقانلىقى خەۋەر قىلىندى، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىلشات ھەسەن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بىڭتۈەنگە سالغان ئىقتىسادىي مەبلىغىنى بارغانچە كۆپەيتىشى، بولۇپمۇ بىڭتۈەننىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى دېۋىزىيە ۋە پولكلىرىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھوقۇق دائىرىسىنى بارغانچە تارايتىدىكەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى بىڭتۈەننىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەيەردىن يەر ئاستى بايلىقلىرى چىقسا، شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەر ئىلگىرى باشقا جايلارغا كۆچۈرۈلگەن بولسا، نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا شۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى ياكى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلارغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندا يېزا ئىگىلىكمۇ تەرەققى تاپمىدى. مىللىيلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە يۈكسىلىشلەر ناھايىتى ئاز بولدى. بولۇپمۇ يېزا-قىشلاقلاردا دېھقان-چارۋىچىلار يېرىم توق، يېرىم ئاچ يۈردى. شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن خىتاي ئاققۇنلار باي بولدى، يەرلىك مىللەتلەر تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى.

## مىللىي مەدەنىيەت-مائارىپتىكى «ئاسسىمىلاتسىيە»

ئەينى چاغدا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتى نىسپىي ھالدا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن رامكا ۋە چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىدى.

**1966**-، **1976**-يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «تۆت كونىنى بۇزۇش» دېگەن شوئار ئاستىدا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋەيران قىلىندى. ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئىبادەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرى چەكلەندى. تۈرك مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرى ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بۇزۇپ چېقىلدى.

گەرچە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايون»دا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى خىتايلارغا نىسبەتەن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئەزەلدىن خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىدىن ئاز بولۇپ كەلدى. خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە شۇنچىلىك كۆپ ئالىي مەكتەپلەر تۇرۇقلۇق، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى بار-يوقى بىر قانچە ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا يېتەرلىك ئوقۇش پۇرستى بەرمەي، ئالىي مەكتەپلەرنى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن توشقازدى.

«**1985**- يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھەر ئون مىڭ كىشىدىن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلار **42** نەپەر بولغان بولسا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار **18** نەپەر، قازاق ئوقۇغۇچىلار **23** نەپەر بولغان. **1990**- يىلدىكى ستاتىستىكىدا بولسا، ھەر ئون مىڭ كىشى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئالىي مەكتەپلەردە **15.5** نەپەر خىتاي ئوقۇغۇچىسى بولغان بولسا، تۈرك ئوقۇغۇچىلار يەتتە نەپەر بولغان.» (سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى: «خىتاي دائىرىلىرىنىڭ **20**- ئەسىردىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈش سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى».« شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » ژۇرنىلى، **28**- سان، **1990**- يىل نەشرى )

بولۇپمۇ **2017**- يىلدىن باشلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات- سەنئىتى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىپ، خىتاي مەدەنىيىتى شەرقىي تۈركىستانلىق تۈرك مىللەتلىرىگە زورلاپ تەرغىپ قىلىنىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى تەشۋىق قىلىنمايدىغان بولدى. سەنئەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا ھازىرقى زاماندا خىتايلار ئۆزلىرىمۇ كەيمەيدىغان، موزېيلارغا كىرىپ كەتكەن قەدىمكى زامانلاردىكى كىيىم- كېچەكلىرىنى كەيگۈزۈپ، ھازىرقى زاماندا ئۆزلىرىمۇ ئوينىمايدىغان ئۇسسۇللىرىنى مەجبۇرىي ئويناتماقتا ۋە ئۆزلىرىمۇ چالمايدىغان چالغۇلىرىنى مەجبۇرىي چالدۇرماقتا.

ھەر قايسى رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەتكە دائىر ئاڭلىتىش لېنتىلىرى ۋە ۋىدېئو-سىنئالغۇ فىلىم لېنتىلىرى كۆيدۈرۈلمەكتە. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيەت- سەنئىتىگە ئائىت ھېچ قانداق يېڭى پروگراما ۋە كونسېرتلار كۆرستىلمەيدىغان ۋە ئاڭلىتىلمايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

مائارىپ جەھەتتىكى «ئاسمىلاتسىيە» مەكتەپلەردە «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈش مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇشى بىلەن، رەسمىي رەۋىشتە باشلانغان ئىدى. نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا مىللىي مائارىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن پۈتۈنلەي غايىپ بولدى.

قىسقىسى، بۇنداق «نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرىسى قۇرۇق» بولغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى» ئاستىدا ھەممە ئىشتا خىتايلار بىرىنچى بولۇپ، پۈتۈن ئەۋزەللىكلەردىن خىتايلار بەھرىمان بولدى. ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرى خىتايلار تەرىپىدىن مونۇپول قىلىندى. مىللىيلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى» ئاستىدا بەھرىمان بولىدىغان ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالدى. ئۇيغۇرلار ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇش، خىزمەت قىلىش ۋە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش، چەت ئەللەرگە دۆلەت تەرىپىدىن ئېكسكۇرسىيىگە چىقىش، چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ھەمدە چەت ئەللەردە دىپلوماتىك ۋەزىپىلەردە بولۇش قاتارلىق بارلىق جەھەتلەردە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچرىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئەمىر- پارمانلىرى ۋە سىياسەتلىرىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىاپ كەلگەن ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىمۇ [يازغان ئەسەرلىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللىرىنىڭ 22 پىرسەنتى كوڭزى ئىدىيىسى (儒家思想) ، يەنە 12 پىرسەنتى داۋجىيا (道家) ياكى موجىيا (墨家) ئەسەرلىرى ۋە 13 پىرسەنت خىتاي رىۋايەتلىرى ياكى خىتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن] خىتاي فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرنى يوقىتىش ۋە ئاسمىلاتسىيە قىلىش مەپكۇرىسىدىن خالى بولالمىغان. (دىك. ۋىلسون: «ماۋزېدوڭ» ،2000 毛泽东 威尔逊 .迪克 ，英国 年版)

خۇلاسىلىگەندە، شەرقىي تۈركىستاندا قورۇلغان بۇ ساختا ئالتۇن ھەل يالىتىلغان، جىسمى ئىسمىغا زىت بولغان «نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرىسى قۇرۇق» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت»لىرى قۇرۇلغان كۈنىدىن باشلاپ، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاسسىمىلياتسىيە» قىلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەزكۇر «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سېپى ئۆزىدىن «خىتاي ئاپتونوم رايونى» غا ئايلىنىپ قالدى.

**ئەسكەرتمە:**

مەزكۇر ماقالىدە قوش تىرناق ئىچىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل مەنبەلىرىدىن سىرتقى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە تور بېتىدىن ئېلىندى.

2019- يىلى ئاپرېل




# فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرى

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

فىنلاندىيە شەرقى شىمالى ياۋروپاغا جايلاشقان، قىش پەسلى ئۇزۇن، يېزى تولىمۇ قىسقا كىچىككىنە بىر دۆلەت. قار-يامغۇر كۆپ ياغقاچقا ھاۋاسى ۋە سۈيى ساپ. ئاساسەن ھەممىلا تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، ياغاچ ئېكسپورتى دۆلەتنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ. مائارىپ ساھەسىدىكى ئۆزگىچە ئوقۇتۇش مېتودى بىلەن يوقۇرى ئۆنۈم قازانغاچقا، مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن فىنلاندىيە دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان بىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. نوكىيا تېلېفون ماركىسىمۇ مۇشۇ دۆلەتتە مەيدانغا كەلگەن.

فىنلاندىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە **1995**-يىلى **1**-يانۋاردا ئەزا بولۇپ كىرگەن. ياۋروپادىكى يەر كۆلىمىگە سېلىشتۇرغاندا، نوپۇسى ئەڭ ئاز دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. قوشنىلىرى غەربتە شىۋىتسىيە، شىمالدا نورۋېگىيە، جەنۇپتا ئېستونىيە، شەرقتە بولسا روسىيە.

پايتەختى خېلسىنكى، يەركۆلىمى **338440** كۋادىرات كىلومېتىر، نوپۇسى **5471753**(بەش مىليون تۆتيۈز يەتمىش بىرمىڭ يەتتيۈز ئەللىك ئۈچ) ،پۇل بىرلىكى ياۋرو.

فىنلاندىيە **1155**-يىلدىن **1809**-يىلغا قەدەر شىۋىتسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدە،**1809**-يىلدىن **1917**-يىلغا قەدەر چارروسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدە بولغان. **1917**-يىلى رۇسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىقنى جاكارلىغان. دۆلەتنىڭ رەسمى تىلى فىنچە ۋە شىۋىتچە بولۇپ، يولدىكى قاتناش كۆرسەتكۈچلىرىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ھەرقانداق ئورۇنلىرىدىكى ماتېرىياللاردا بۇ ئىككى تىل ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ. فىنلاندىيەگە قاراشلىق ئاھۋەنەنما دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاپتونوم رايونمۇ بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ بايرىقى بولۇشتىن باشقا يەنە ئاھالىسى ئاساسەن شىۋىتلار بولغاچقا پەقەت شىۋىت تىلىنىلا قوللىنىدۇ.

فىنلاندىيەگە **19**-ئەسىردە تىجارەت ئۈچۈن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان تاتارلارنىڭ سانى ئاران مىڭ ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئانا ۋەتىنى تاتارىستان بىلەن بولغان رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار مائارىپقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۇلارنىڭ ئالى مەكتەپتە خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرى، ئادۋوكاتلىرى، داڭلىق كارخانىچىلىرى كۆپ ئىكەن. ئىشقىلىپ فىنلاندىيەگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ كەپتۇ، ھەم ئىسلام دىنىنى ھەمدە ئانا تىلىنى ئۇنۇتماپتۇ. فىنلاندىيەدىكى تۇنجى مۇسۇلمان ئۇيۇشمىسىنى، مەسچىتلەرنى تاتارلار سالدۇرغان بولۇپ، ھېلىھەم خېلسىنكى تامپەرە ۋە تۇركو قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەسچىتلىرىدە جامائەت مەيلى چۈشەنسۇن، مەيلى چۈشەنمىسۇن تاتارچە خۇتبە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، خېلسىنكىدىكى تاتار مەسچىتىگە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىنىڭ باش ئەلچىلىرى جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئادا قىلغىلى كېلىدىكەن.

ئىگەلىشىمچە فىنلاندىيەگە تۇنجى كەلگەن ئۇيغۇر دىلبەر يۇنۇس بولۇپ، ئۇ **1986**-يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن فىنلاندىيە خەلقارالىق ئوپېرا مۇسابىقىسىگە قاتناشقان بولۇپ، ئىمتىھاندا يوقىرى نومۇر ئېلىپ تاللىنىپ، فىنلاندىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئىكەن. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن فىنلاندىيە مىللى ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ دەپ ئېلىشقا چىققانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ئۇيغۇرلارمۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتا تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئىشلىگەن، يېقىنقى يىللاردا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغىنىدا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغانلارمۇ بولغان.

كېيىنچە ئۇيغۇرلار بىردىن–ئىككىدىن سىياسى پاناھلىق تەلەپ قىلىپ يەرلىشىشكە باشلىغان بولۇپ، ھازىرچە فىنلاندىيەدە تەخمىنەن چوڭ-كىچىك بولۇپ **400** ئەتراپىدا ئۇيغۇرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. تىرىشچانلىقى بىلەن ھالالدىن مېھنەت قىلىپ ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار، دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار، دۇكاندارچىلىق قىلىۋاتقانلار، تاكسىچىلىق قىلىۋاتقانلار،يەسلىلەردە ئىشلەۋاتقانلار،ئامباردا خىزمەت قىلىۋاتقانلار بولۇپ ئۇيغۇرلارمۇ تاتارلارغا ئوخشاش فىن جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىش يولىدا كۈنسېرى ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. قىسقىسى فىنلاندىيە خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر» دېسە ئاساسەن خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلق دەپ بىلىدىغان ھالغا كەلگەن. شۇڭلاشقا **2019**-يىلى ياز ئايلىرىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىمىنى توختىتىش ھەققىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىدا ئېلان قىلىنغان چاقىرىقتا 20 ياۋروپا دۆلىتى تىزىملىكىدە فىنلاندىيەمۇ بار.

## فىنلاندىيەدىكى ئۇيغۇر ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى

فىنلاندىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى 2011-يىلى رەسمىي ئەنگە ئېلىنغان تاپاۋەتسىز ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، فىنلاندىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات سۇنۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش، كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەرلىك خەلققە تونۇشتۇرۇش ۋە فىنلاندىيەدىكى ژورنالىستلارغا، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پىدائىيلىق ئاساسىدا ئورۇنداپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى، ئۇيغۇرياردەم قاتارلىقلارمۇ ئۆز ساھەسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلىپ كەلمەكتە.

## فىنلاندىيەدىكى ئۇيغۇر ئانا تىل كۇرسى

2010-يىللىرى بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىدە، خېلسىنكى مائارىپ ئىدارىسى ئۇيغۇر ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سائەتلىك مائاشىنى كۆتۈرۈشى بىلەن باشلىغان، ھەپتىدە ئىككى سائەتلىك ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېتىشى بىلەن توختاپ قالغان بولسىمۇ، يەنە پىدائىيلىق ئاساسىدىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۆيىدە داۋاملاشتۇرغان ئۇيغۇرچە ئانا تىل دەرسلىرى ۋاقىتلىق توختاپ قالغان ئىدى.


كېيىنچە فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ يول مېڭىشى بىلەن 2019-يىلى خېلسىنكى مائارىپ ئىدارىسى ھەپتىدە ئىككى سائەتلىك ئۇيغۇر ئاناتىل كۇرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مائاشىنى تەستىقلىغان بولۇپ، خېلسىنكى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى كەسپىي ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىر ھەمشىرىمىزنىڭ دەرىس ئۆتۈشىدە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ھېلىھەم داۋام قىلماقتا.

ئەسلىدە فىنلاندىيەنىڭ قانۇنى بويىچە بىر مەكتەپتە ئەڭ ئازدا ئۈچ چەتئەللىك ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلسا ۋە مەزكۇر چەتئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسىمۇ تېپىلسا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەپتىدە ئەڭ ئاز ئىككى سائەتلىك كۇرس ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلىدىكەن. قانداق دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۆزى خالىسا، ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىن توغرۇلۇق ھەپتىدە ئىككى سائەتلىك كەسپىي ئوقۇتقۇچىسىدىن دەرس ئېلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىكەن.

فىنچە-ئۇيغۇرچە لوغەت

2010-يىلى ئابلىز ئايۇپ ئىسىملىك بىر زىيالى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە-فىنچە ئوتتۇرا ھەجىملىك بىر لوغەت تۈزۈلگەن بولۇپ، 10،000 غا يېقىن سۆزلۈك ۋە سۆز بىرىكمىلىرى، فىن تىلى گىراماتىكا قائىدىلىرى ۋە 900 گە يېقىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپلاشقان جۈملىلەر كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر لۇغەت خېلسىنكىدىكى بىر چوڭ كىتاپ سېتىش ماگىزىنىدا سېتىشقا قويۇلۇشتىن باشقا، يەنە دۆلەتنىڭ خېلمېت كىتاپخانىلىرىغا ۋە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدىكى ئۇيغۇرچە كىتاپلار بۆلۈمىگە قويۇلغان.

فىنلاندىيە تەۋەسىدە مەيلى ئولتۇرۇم رۇخسىتى بولسۇن، مەيلى كامپلاردا جاۋاب ساقلاۋاتقان كىشى بولسۇن، خېلمېت كۈتۈپخانىسى تور ئامبىرىغا تىزىملانغان كىتاپلارنى ئارىيەت ئېلىپ ھەقسىز رەۋىشتە بىر ئايغىچە پايدىلىنالايدۇ. ئەگەر ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ خېلمېت كۈتۈپخانىسىدا تېپىلمىسا، كۈتۈپخانىغا ئىلتىماس سۇنغان تەقدىردە، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى مەزكۇر كۈتۈپخانىغا ھەقسىز ئەۋەتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا ئۇيغۇرچە كونا يېزىق، ئۇيغۇرچە سلاۋيان يېزىقلىرىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇرچە كىتاپلار قويۇلغان بولۇپ، مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە 1982-يىلىدىن تارتىپ قويۇلۇشقا باشلىغان ئىكەن. ھەتتا بىر مەزگىل شەرقىي تۈركىستاندا نەشر قىلىنىۋاتقان




ئۇيغۇرچە ژورناللارمۇ كەلگەن ئىكەن.

2010-يىلى ۋەتەندىن كېلىپ خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دېئالېكتى» ناملىق دېسسېرتاتسىيىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان دوكتور ئىسمائىلجاننىڭ مەزكۇر دىسسىرتاتسىيەسىنىڭ رەقەملىك بېسىلغان نۇسخىسى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاپلار بۆلۈمىدىن ئورۇن ئالغان

## فىنلاندىيەدىكى ياش سىياسەتچى پەزىلەت ئىسمائىل



شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن يەتتە يېشىدا فىنلاندىيەگە كەلگەن ئۇيغۇر قىزى پەزىلەت ئىسمائىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا فىنچە نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، تېخى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ باشقا يەرلىك فىن دوستلىرى بىلەن بىللە «فېمىنىست پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىققان. مەزكۇر پارتىيە ھازىرغىچە پارلامېنتقا كىرگۈدەك ئاۋازغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، يەرلىك سايلامغا قاتناشقاندا پەزىلەت ئىسمائىل پارتىيىسى بويىچە ئاۋازغا ئېرىشىشتە ئىككىنچى ئورۇننى ئالغان. پەزىلەت ئىسمائىل مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە فىنلاندىيەدەك مۇسۇلمانلار تولىمۇ ئاز بىر مەملىكەتتە مىللى ئىپتىخار تۇيغۇسى كۈچلۈك، كەلگۈسىدە ۋەتەن –مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق ئىشلارغا بەل باغلاۋاتقان بىر ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ قانۇن فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا ئىكەن.

## شەرقىي تۈركىستانغا بارغان فىنلاندىيە دۆلەت رەئىسى – مانىېرخېئىم

مارشال كارل گۇستاف ئېمىل مانىېرخېئىم فىنلاندىيەنىڭ رۇسلاردىن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ **1867**-يىلى **6**-ئاينىڭ **4**-كۈنى دۇنياغا كەلگەن. **1951**-يىلى **1**-ئاينىڭ **27**-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەينى چاغدا فىنلاندىيە چاررۇسىيەگە قاراشلىق بىر ئاپتونوم رايون بولۇپ، ئۇ **1889**-يىلى چاررۇسىيە ئارمىيىسىدە ئوفىتسېر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىغان. كېيىن روس-ياپون ئۇرۇشىدا گېنىراللىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.[1]

**1906**-، **1908**-يىللىرى چاررۇسىيە ھەربىي باش شتابى مانىېرھېئىمنى غەربىي تۈركىستان، شەرقىي تۈركىستان رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ، بېيجىڭغا قەدەر بېرىپ ئىستىخبارات توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئىككى يىللىق ئاتلىق سەپىرى جەريانىدا ئۇيغۇرلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان، چارروسىيەگە سۇنغان ئىستىخبارات قىممىتىگە ئىگە دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى تا ھازىرغا قەدەر سىر پېتى ساقلانغان بولسىمۇ، ئاشكارىلانغان **174** بەتلىك ھەربى ئىستىخبارات دوكلاتى فىن تىلىدا « **C.G.MANNERHEIM MATKA KIINAAN 1906-1908 TIEDUSTELURAPORTTI** » نامىدا نەشر قىلىنغان. **1917**-يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئانا ۋەتىنى فىنلاندىيەگە قايتىپ كەلگەن، **1918**-يىلى فىنلاندىيە ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ، رۇسلارغا قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان ۋە تۆت ئايلىق جاپالىق ئۇرۇشتىن كېيىن رۇسلارنى يېڭىپ فىنلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. كېيىن **1932**-يىلى پارتلىغان فىن-رۇس ئۇرۇشىدا 72 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، فىن ئارمىيەسىنى باشقۇرۇپ رۇسلارنى يەڭگەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى فىنلاندىيەنى قوغداشتا مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ **1944**- يىلىدىن **1946**-يىلغىچە جۇمھۇر رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ھېلىھەم خېلسىنكىدا مانىېرخېئىم مۇزىيى بار بولۇپ، بۇ كۆرگەزمىخانىدا ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ۋە خىتايغا بارغاندا ئېلىپ كەلگەن خاتىرە بويۇملىرى كۆرگەزمىگە قويۇلغان.




1 https://fi.wikipedia.org/wiki/Carl_Gustaf_Emil_Mannerheim .

## ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى فىنچە كىتاپ

فىنلاندىيەلىك ماركۇس نۇممى ئىسىملىك بىر يازغۇچى بۇندىن ئون نەچچە يىللار بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ ساياھەتتە بولغان بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فىنلاندىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ئوبۇلقاسىم ئەپەندىم بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، « **kinalainen ptarha** - خىتاينىڭ باغچىسى» ناملىق بىر كىتاپ يازغان ئىكەن. ئۇ كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپلا قالماي، ھەتتا **1933**-، **1944**- يىللىرى قۇرغان ئىككى مۇستەقىل دۆلىتىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ كىتاپنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تۈركىستان دېگەن تارىخىي نامنى ئۆز پېتى قوللانغان.

يەنە شەرقى تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى يېقىندىن بىلىدىغان مەلۇم بىر فىن يازغۇچى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنى تېما قىلىپ بىر رومان يازماقتا ئىكەن.




## فىنلاندىيەگە كېلىپ ئىلتىجا قىلىش ھەققىدە

كېيىنكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان فىنلاندىيەگە كېلىپ يەرلىشىش ئۈچۈن مەندىن مەسلىھەت سورايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. مەن قويمىچىلارغا ئارتۇق پۇل بەرگەنلەرنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋىزىسى بىلەن فىنلاندىيەگە كېلىپ نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، مەزكۇر دۆلەتكە قايتۇرۇۋېتىلىش ئەھۋاللىرى تۈپەيلى ئاۋارىچىلىقلارغا ئۇچرىغانلارنى چىقىش قىلىپ بۇ يازمىنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

فىنلاندىيە شىمالىي ياۋروپادىكى نوپۇسى بەش يېرىم مىليونلۇق كىچىككىنە بىر دۆلەت بولۇپ، قىشى ئۇزۇن، يېزى تولىمۇ قىسقا بولىدىكەن. شىمالى قۇتۇپقا يېقىن بەزى رايونلىرىدا قىشتا نەچچە ئايلاپ كۈندۈز بولمايدىغان، يازدا نەچچە ئايغىچە كېچە بولمايدىغان ئۆزگىچىلىكى بىلەن ھاۋا سوغۇق ئىكەن. كۆچمەنلەر نىسبەتەن ئاز، جۇملىدىن بۇ دۆلەتكە ئىلتىجا يولى بىلەن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ مېنىڭ ئېنىقلىشىمچە **400** دىن ئاشمايدۇ.

تۆۋەندە فىنلاندىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلەش توغرۇلۇق بىر قىسىم مۇھىم ئۇچۇرلارنى بېرىمەن؟

س: فىنلاندىيە دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا قانداق قارايدۇ؟

ج: فىنلاندىيە دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. فىنلاندىيە مۇستەقىل بولغاندا تۇنجى پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مانىنېرھېيمىنىڭ چارروسىيە نامىدىن قەشقەرگە بارغانلىقى سەۋەپلىكمۇ، ئىشقىلىپ فىنلار ئۇيغۇر رايونىنى ئاساسەن بىلىدىكەن.بولۇپمۇ گۇئانتانومودىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى خەلقارادا قىزىق نوقتىغا ئايلانغان كۈنلەردە «گۇئانتانومىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئالامدۇق، ئالمامدۇق؟» تېمىسى چوڭ تېلېۋىزىيە قانالLىرىدا تالاش-تارتىش قىلىنغان ئىكەن. 2009- يىلى 5-ئىيۇلدا يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى فىن تاراتقۇلىرىدا كۆپ قېتىم چاقماق خەۋەر سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇپ، ھېلىھەم دېگۈدەك شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ جازا لاگېر مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى پات-پات فىن تاراتقۇلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرىدۇ.

س:فىنلاندىيە ئۇيغۇرلارنى ئاسان قوبۇل قىلامدۇ؟

ج: فىنلاندىيە غەربتىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئەڭ يوقۇرى دەرىجىدە قوغدىلىدىغان، دىنىي ئەركىنلىك قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، ئاياللار ۋە باللار ھەق-ھوقۇقى يوقىرى دەپ قارالغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش مىڭغا يېقىن چەتئەللىكنى قوبۇل قىلىدىكەن. ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە قانۇن بولمىسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئىلتىجا قىلغان ھېچقانداق بىر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرغىنى ياكى رەت قىلغىنى كۆرۈلۈپ باقمىدى. ۋەھالەنكى، باشقا دۆلەتلەردىن ئىلتىجا قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى رەت جاۋابى ئېلىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلماقتا، ياكى چىقىپ كېتىش خېتى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مۆكۈنۈپ ياشىماقتا ئىكەن.

ئۇيغۇرلار ئىلتىجا قىلىمەن دېسە قانداق كېلەلەيدۇ؟

1. فىنلاندىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ۋىزا بۆلۈمىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ۋىزا ئېلىپ كېلىپ فىنلاندىيەگە ئاياق باسقاندا ساقچىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئىلتىجا تەلەپ قىلىش. ۋىزا ئېلىش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس،بانكىدا خېلى كۆپ پۇلىڭىز، مۇقىم خىزمىتىڭىز ياكى شىركىتىڭىز بولۇشى كېرەك.

2. ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان دۆلەتتىن فىنلاندىيەدە توختاپ ماڭىدىغان ئايروپىلان ئارقىلىق ئىككىنچى بىر دۆلەتكە ئۇچۇپ، فىنلاندىيەدە توختىغاندا ئايرىدورومدا ساقچىغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئىلتىجا تەلەپ قىلىش.

3. يول رۇسىيە چېگرىسىدىن خۇددى مېكسىكىلىقلار ئامېرىكىغا كىرىۋالغاندەك تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈش ياكى قاچاقچىلارغا مۇراجىئەت قىلىش بولۇپ، بۇ يول ناھايىتىمۇ خەتەرلىك ۋە قانۇنغا ئېغىر خىلاپ بولغاچقا، ئۇيغۇرلار بۇنداق يولنى تاللىمىغىنى ياخشى.

س:جاۋاب قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىدۇ؟

ج:بۇ ھەركىمنىڭ شەخسىي ھېكايىسىگە باغلىق ئىش بولۇپ، ئۈچ ئايدىن ئىككى يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىر تەرەپ بولىدۇ.

س: مەن فىنلاندىيەگە ئاياق باسسام، جاۋابىم چىقىپ بولغۇچە ياكى بىرەر ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە نەدە تۇرۇپ، قانداق جان باقىمەن؟

ج: سىز ساقچىغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرغان ۋاقىتتىن كېيىن بىرنە چچە سائەت ئىچىدە سىزنى ۋاقىتلىق تۇرۇش ئورنى بولغان، ئۈچ ۋاق تامىقى، سۇيى ۋە مۇنچىسى بولغان ياتاقخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ يەر يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش ئورنى بولۇپ، سىز سىرتلارغا خالىغانچە چىقالايسىز، كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئۆگىنىش قىلالايسىز، فىنچە كۇرسقا قاتنىشىپ تىل ئۆگىنىشنى باشلىيالايسىز، مەسجىتلەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇيالايسىز، ئەگەر پۇلىڭىز تۈگەپ كەتكەن بولسا، ھەتتا ھەر ئايدا سىزگە بىرنەچچە يۈز ياۋرو ياردەم پۇلمۇ بېرىدۇ.

س: ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىل بىلمەيمەن،قانداق قىلارمەن؟

ج: ئەنسىرىمەڭ،فىنچە-ئۇيغۇرچە،فىنچە-خىتايچە تەرجىمانلارنى فىن ھۆكۈمىتى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

**س:** ئىلتىجا قىلغاندا نېمە دەيمەن؟

**ج:** سىز ساقچىغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرغاندا، ئەلۋەتتە مەن ئۇيغۇر،شەرقى تۈركىستاندا خىتاي مۇنداق مۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋاتىدۇ...مەن قاچتىم ۋە سىلەرنىڭ ھىمايەڭلارغا مۇھتاجمەن دەيسىز. لېكىن، سەن ئەگەر خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلسەڭ، بېشىڭغا نېمە كۈنلەر كېلىشى مۇمكىن دېگەن سوئالغا مەنتىقىلىق ئىخچام جاۋابىڭىز بولۇشى كېرەك. سىزدىن تۇغۇلغان ۋاقتىتىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىڭ، قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇدۇڭ؟دېگەندەك سۇئالىلار تەپسىلى سورۇلۇپ ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ.(رەت جاۋابى ياكى ئۈزۈندىراق جاۋاپ ئالاي دېسىڭىز، سۈرىيەگە ياكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ پۈستانى دۆلەتىگە بېرىپ كەلگەن ئىدىم دەڭ،چاخچاق.)

**س:** سىز فىنلاندىيەنىڭ ئولتۇرۇمىنى ئالغاندىن كېيىن، قانداق ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشىسىز؟

**ج:** سىز تىل ۋە بىرەر كەسىپنى ئۆگىنىپ بولغۇچە دۆلەت سىزنىڭ ئۆي ئىجارە ۋە ئوقۇش چىقىمىڭىزنى كۆتۈرىدۇ، ئىشسىزلىق كاپالەت پۇلى بېرىدۇ.باشقا دۆلەتتىكى ئائىلىڭىزنىڭ قولىدا ئىناۋەتلىك بىرەر دۆلەتنىڭ پاسپورتى بولسا، ئەكىلىپ بېرىدۇ.

**س:** ئەگەر باشقا بىر شەنگەن دۆلىتىنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىپ، فىنلاندىيەدە ئىلتىجا قىلسام بۇلامدۇ؟

**ج:** گەرچە سىز بۇ ئارقىلىق فىنلاندىيەگە كېلىپ، ئەمما ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ پاسپورتنى كۆرسەتمىگەن تەقدىردىمۇ، قايسى دۆلەتنىڭ ۋىزىسى بىلەن كەلگەن بولسىڭىز،شۇ دۆلەتكە قايتۇرۇۋېتىدۇ ۋە شۇ دۆلەتتە ئىلتىجا قىلىسىڭىز بولىدۇ.

**س:** ياۋروپانىڭ مەلۇم بىر دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلىپ بولۇپ، ئىچىم سىقىلىپ فىنلاندىيە گە كېلىۋالسام بولامدۇ؟

**ج:** ياق! سىز شەنگەن دۆلىتىدىن تۇنجى بولۇپ قايسى دۆلەتكە ئىلتىجا قىلغان بولسىڭىز، بارماق ئىزىڭىز سەۋەپلىك ئەشۇ دۆلەتكە قايتۇرۇلىسىز. بۇ بىرمۇنچە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى.

**س:** فىنلاندىيە ۋىزىسىنى ئېلىشتا بىرەرسىنىڭ ياردىمى ياكى ئارقا ئىشىك ئۆتەمدۇ؟

**ج:** ياق،فىنلاندىيە دۇنيادا پارىخورلۇق يوق دىيەرلىك دۆلەت بولۇپ، مەيلى ۋىزا ئىشى، مەيلى باشقا ئىقامەت، ۋىزا، ۋەتەنداشلىق،ئەدلىيە ئىشلىرى جەھەتتە بولسۇن، قانۇندا نېمە دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ بويىچە گۇيا سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىدەك ئىشلەيدۇ.

ئەسكەرتىش: ھازىرغا قەدەر فىنلاندىيەنىڭ نورمال ۋىزىسىنى قويدۇرۇپ كېلىپ ئىلتىجا بىلەن ئوتتۇرۇم ئالغان، فىنلاندىيەدىن ئۆچۈپ ئۆتىدىغان ئايروپىلان ئارقىلىق فىنلاندىيەگە ئىلتىجا قىلىپ كېلىپ يېشىل كارتا ئالغانلار بار. شۇنى ئەستە ساقلىۋېلىش كېرەككى، تۈركىيە پاسپورتى، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان پاسپورتى بىلەن ئىلتىجا قىلىش كويىدا بولۇش بىر مۇنچە ئىقتىسادىي ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىغا ئۇچراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.





# ئەدھەمجان زاكىر

ئەدھەمجان زاكىر 1944-1949-يىللىرىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ سابىق جەڭچىسى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامېرىكادىكى ئاخىرقى شاھىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچى 2020-يىلى، 24-يانۋار 96 يېشىدا ئامېرىكادا ۋاپات بولغان.

1928-يىللىرىدىن 1932-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان باي-كۇلاكلارغا زەربە بېرىش، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇر، قىرغىز، رۇسلار ۋە باشقا مىللەت مۇساپىرلىرى ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق چېگرا جايلارغا قېچىپ كېلىپ ماكانلاشقانىدى. ئەنە شۇ قېتىم ئەدھەمجان ئەپەندىمۇ ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە مۇساپىرلىق سەپىرىگە ئاتلىنىپ ئۆزبېكىستاندىن غۇلجىغا كېلىپ يەرلەشكەن. ئەنە شۇ ۋەقەلەردە ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى، يەنى ئايالى تۆرەم پاشامۇ ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆزبېكىستاندىن كېلىپ ئىلىغا يەرلەشكەن. ئۇلار غۇلجىدا چوڭ بولۇپ، ئۆزبېك نەمۇنە مەكتىپىدە ئوقۇپ چوڭ بولغان. ئەدھەمجان ئەپەندى ئەنە شۇ ئۆزبېك نەمۇنە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى پارتىلاپ، ئىنقىلاب قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى.

1944-يىلى، 7-نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى پارتىلىغان چاغدا  ئەدھەمجان زاكىر 17 ياشتا ئىدى. ئەدھەمجان زاكىر 1944-يىلى، 12-نويابىر كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بىۋاستە شاھىت بولغان. ھەم شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى ئەترىتىنىڭ بىر جەڭچىسى سۈپىتىدە، مۇشۇ يىلى ھەرەمباغ، لاڭشاڭ ئايرودرومغا كىرىۋالغان خىتاي گومىنداڭ ئارمىيەسىنى قورشاپ يوقىتىش جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ ھەرەمباغ جېڭىدە دۈشمەنگە قارشى ئېتىلغان ماكسىم پىلىموتىغا ئوق تىزىپ بەرگەن ئىكەن. 1945-يىلى 8-ئاپرېلدا شەرقىي تۈركىستان مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش قانۇنى بويىچە ئۇنىڭ يېشى ئەسكەر بولۇش ئۆلچىمىگە توشمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان. ئەمما ئۇ يەنىلا ھەر خىل يوللار بىلەن ئازادلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان پىدائىيلىق خىزمەتلىرىنى ئادا قىلغان.

ئەدھەمجان ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىدىن ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان.

ئەدھەمجان ئەپەندى 1946-يىلى، 7-ئايدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي تەرەپ ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىم بويىچە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا غۇلجىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى تۆرە پاشا خانىمنىڭ ئەسلىشىچە، 1946-يىلى 9-10-ئايلاردا ئۇ، مەسئۇد سابىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۇچ ياش ۋاقىتلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سىبىرىيە تۆمۈر يولىدا قاتنايدىغان پويىز ئارقىلىق تيەنجىنگە تىجارەت ئۈچۈن كېتىپ، كېيىن شۇ جايلاردا تۇرۇپ قالغان دادىسى يۇنۇس خوجىنىڭ نەنجىڭدە ھايات ياشاۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. شۇ يىلى 12-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇد سابىرى بايقوزى قاتارلىقلار نەنجىڭگە بېرىپ خىتاي گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش سەپىرىگە ئاتلانغاندا، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەدھەمجان ئەپەندى ئۇلار بىلەن بىرگە نەنجىڭگە بارىدۇ. ئەدھەمجان ئەپەندىنىڭ خانىمى، 94 ياشلىق تۆرە پاشا خانىمنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇنىڭ نەنجىڭغا بېرىشىدا مەسئۇد سابىرى مۇھىم رول ئوينىغان ئىكەن.

ئەدھەمجان زاكىر ئەپەندى كېيىن ئىلىغا قايتىپ كەلگەن ۋە 1949-يىلى خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، 1950-يىللاردا ئايالى تۆرە پاشا بىلەن بىرگە تيەنجىنگە بېرىپ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا تاكى 1960-يىللارغىچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چەت مەملىكەتلەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئالدى بىلەن تۈركىيەگە كەلگەن، ئارقىدىن 1969-يىلى ئامېرىكاغا كېلىپ يەرلەشكەن.

ئەدھەمجان ئەپەندىنىڭ 1969-يىلىدىن بۇيانقى يېقىن دوستى، پېشقەدەم ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى غولامىدىن پاختا ئەپەندىنىڭ ئەسلىشىچە، ئەدھەمجان ئەپەندى ئامېرىكاغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزى بىلەن دوستلىشىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا مەسىلىلىرىنى ئامېرىكا جامائىتىگە ئاڭلىتىش، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ئۇ، بۇ سەپتە ھېچقاچان بوشاشمىغانىدى.

ئەدھەمجان ئەپەندى ئامېرىكادا ياشىغان يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ھاياتىدا ۋەتىنىنى ھەر قاچان ئۇنتۇپ قالمىغان ۋە ئۇنىڭ ئىشقىدا ياشىغان. ئۇ 1997-يىلى، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامېرىكادىكى ساناقلىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە بېلىگە ئاق باغلاپ نامايىش قىلىپ، باستۇرۇلغان غۇلجا ياشلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسىنى نامايان قىلغان. بۇ نامايىش ۋاشىنگتوندىكى دەسلەپكى ئۇيغۇر نامايىشلىرىدىن ئىدى. بۇ نامايىشنىڭ سۈرىتى ھازىرمۇ جانلىق پاكىت سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرماقتا.

ئەدھەمجان زاكىر ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلار ئەنە شۇ غۇلجىدا، ئەنە شۇ ئىلى دەرياسى بويىدا، ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بايرىقى لەپىلدىگەن ئەركىن ۋە ئازاد غۇلجا كوچىلىرىدا ئۆتكەن. بۇ ھايات ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئەڭ بەختلىك قىسمىدۇر. ئۇ تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر، ئۆزى چوڭ بولغان غۇلجىنى، بۇ جاينى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى سېغىنىپ ئۆتكەن.

بىز شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىرىك شاھىدى، ئۆمۈرلۈك ئىنقىلابچى ئەدھەمجان زاكىر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز، ئائىلىسىدىن قىزغىن ھال سورايمىز. ئەزىز مىللىتىمىزگە پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ قەدرىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس روھىدىن ئۈلگە ئېلىشىنى، كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىدىغان تەجرىبە ئۆگىنىشىنى، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ھۆرلۈكى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا بېسىشىنى سورايمىز.

ئەسكەرتىش: بۇ تەرجىمھالنى «ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى» ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر ئاساسىدا تەييارلىدى.



# ياپونىيە مائارىپ سىستېمىسىدىكى 17 ئۆزگىچىلىك

ھەر-بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس مائارىپ ئەندىزىلىرى بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم-پەندە دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭغان دۆلەتلەردىكى بىر تۈركۈم مائارىپ ئەندىزىلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى ھەر-بىر ئىلىمسۆيەر ئىنساننىڭ قىزىقىشىنى قوزغىشى تەبئىي.

تۆۋەندە مەن ياپونىيە مائارىپىغا ئالاقىدار ئۆزگىچىلىكلەردىن بەزىلىرىنى توپلاپ چىقتىم. بۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇ مەزمۇندىكى ئەڭ ياخشى ماتېرىيال بولالمايدۇ. ئەمما، بۇ مەزمۇنلار ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئاز-تولا مەنپەئەت بېرەلىشى مۇمكىن.

ياپونىيە مائارىپ سىستېمىسىدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

## [1] يەسلىدە تەربىيىسى ئېلىش مەجبۇرىيەت.

ياپونىيەدە يەسلى مائارىپى تەربىيىسى ئېلىش مەجبۇرىيەت بولۇپ، باللار ئادەتتە ئۈچ ياشقا توشقاندىن باشلاپ يەسلىگە بېرىشقا باشلايدۇ. باللار يەسلى مەزگىلىدە ئاددىي ھېسابلارنى، خىراگانا ۋە كاتاكانا يېزىقلىرىنى، شۇنداقلا ئويناشنى ئۆگىنىدۇ.

ياپون باللىرى يەسلىدە تامامەن ھەقسىز ئوقۇيدۇ. بۇ 2019-يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. بەزى خۇسۇسىي يەسلىلەردە بىر بالا ئۈچۈن ئايلىق ئەڭ يۇقىرى يەسلى چىقىمى 25700 يېن قىلىپ بەلگىلەنگەن. (200 دوللار ئەتراپىدا) تۆۋەن كىرىملىك ئائىلەر يەنە نۆل ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان، يەسلى يېشىغا توشمىغان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن دۆلەتتىن ياردەم پۇلى تەلەپ قىلالايدۇ.

ياپونىيەدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ.

## [2] ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىنىش بىلىم ئېلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ياپونىيەدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تاكى ئۇلار تۆتىنچى سىنىپقا چىققۇچە (تەخمىنەن ئون ياشقا كىرگۈچە) ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت بەزى كىچىك تېپتىكى سىناقلاردىن ئۆتۈشى يېتەرلىك.

ياپونىيە مائارىپچىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە بىلىم ئۆگىنىش ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ ياشتىكى باللارنىڭ ئادەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ. بۇ مەزگىلدە باللارغا باشقىلارنى ۋە ھايۋاناتلارنى ھۆرمەتلەش، مەردانە بولۇشى، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئۆزىنى كونترول قىلىش ۋە تەبىئەتنى ئاسراش قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسى نىشان قىلىنىدۇ.

### [3] يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى ھەر يىلى ئاپرېلنىڭ بىرىنچى كۈنى باشلىنىدۇ.

ياپونىيەدە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى 4-ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى باشلىنىدۇ. ياپونىيەدە ئوقۇش يىلى ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئۈچ مەۋسۇم تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى ئاپرېلدىن 20-ئىيۇلغىچە، بىرىنچى سېنتەبىردىن 26 دېكابىرغىچە، يەتتىنچى يانۋاردىن 25-مارتقىچە.

بۇ ئارقىلىق ياپونىيىلىكلەر يازدا ئالتە ھەپتە، قىشتا ۋە ئەتىيازدا ئىككى ھەپتە تەتىل قىلالايدۇ.

### [4] ياپونىيە مەكتەپلىرىدە تازىلىق ئىشچىلىرى يوق.

ھەر بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپ، كارىدور، ھەتتا ھاجەتخانىلارنىمۇ نۆۋەتلىشىپ تازىلايدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلار كىچىك ياشلاردىلا ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىش ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشىش خىسلىتىنى شەكىللەندۈرۈپ بولىدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار تازىلىق قىلىشقا كۆپلەپ ۋاقىت ۋە زېھىن ئاجراتقانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تاشلىمايدىغان بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئەمگىكىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگىنى ھۆرمەتلەيدىغان، شۇنداقلا مۇھىتنى ئاسرايدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

### [5] ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى ئوزۇقلۇقشۇناسلارنىڭ رېتسېپى بويىچە تەييارلانغان.

باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يەيدۇ. تاماقلار ئاشپەزلەرنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، ئوزۇقلۇقشۇناسلارنىڭ رېتسېپى بويىچە تەييارلىنىدىغان بولۇپ، بالىلار مەكتەپتە تۇرۇپمۇ ساغلام ئوزۇقلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق زېھىن كۈچى ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى بىخەتەرلىككە ئىگە بولىدۇ.

### [6] ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوشۇمچە تەربىيىلىنىشى كۆلەملەشكەن

ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپتىلا كەچلىك ۋە شەنبە، يەكشەنبىلىك كۇرۇسلىرىغا قاتنىشىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۆزىنى يېتىلدۇرۇش ۋە ياخشى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆتۈش ئۈچۈندۇر. ياپونىيەدە ئادەتتە كەچ سائەت توققۇزدا قاتناش ۋاستىلىرى كەچلىك كۇرستىن ئۆيىگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان بولىدۇ.

### [7] ئاساسلىق پەنلەر

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ياپونچە، ھېساب، ئىلىم-پەن، ئىجتىمائىي بىلىملەر، مۇزىكا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، تەنتەربىيە، ئائىلە مالىيەسى قاتارلىق پەن ۋە تۈرلەرنى ئۆگىنىدۇ. ياپونىيەدە كۆپلىگەن باشلانغۇچلاردا ئىنگلىز تىلىمۇ ئاساسلىق پەن سۈپىتىدە ئۆگىتىلىشكە باشلىدى.

ياپونىيەدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەيلى باشلانغۇچتا، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ياكى تولۇق ئوتتۇرىدا سىنىپ چۈشۈپ قېلىش، مەلۇم بىر يىلنى قايتا ئوقۇش ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەس.

### [8] ئوقۇغۇچىلار ياپون ھۆسنى خەت سەنئىتى ۋە شېئىرىيەت ئۆگىنىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ياپون ھۆسنى خېتىنى ئۆگىنىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بامبۇك قەلەمنى سىياھقا چىلاپ، ھۆسنى-خەت يېزىشنى مەشىق قىلىسىلا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە گۈزەل-سەنئەت تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا، مەكتەپلەردە بالىلارغا ئەنئەنىۋىي ياپون شېئىرىيىتىمۇ ئۆگىتىلىدۇ.

### [9] ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ فورمىسى كىيىشى مەجبۇرىيەت.

ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ فورمىسى كىيىپ مەكتەپكە كېلىشى شەرت. ھەر بىر مەكتەپنىڭ مەكتەپ فورمىسى ئۆزىگە خاس لاھىيىلەنگەن. ئەمما، ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ھەربىي پاسوندىكى، قىزلار دېڭىز ئارمىيە فورمىسى پاسونىدىكى فورمىلارنى كىيىدۇ.

### [10] ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېچىنى بوياتقۇزۇشى چەكلەنگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا چېچىنى پەقەت تەبىئىي رەڭگى بويىچىلا قويۇش رۇخسەت قىلىنىغان. ئوغۇللارنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى چەكلەنگەن بولۇپ، قىسقا ۋە پاسونسىز چاچ قويۇشى بەلگىلەنگەن.

قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېچىنى بوْدرە قىلىش، گىرىم قىلىشى، تىرنىقىنى بويىشى ۋە زىبۇ-زىننەت تاقىشى چەكلەنگەن. شۇنداقلا، پەقەت ئاق رەڭلىك، قارا رەڭلىك، ياكى قېنىق كۆك رەڭلىك ئۇزۇن پايپاق كىيىشىگىلا رۇخسەت قىلىنغان. ناۋادا قىز ئوقۇغۇچى – مەسىلەن – قوڭۇر رەڭلىك پايپاق كىيىپ مەكتەپكە كەلگەن تەقدىردە، بۇ مەكتەپنىڭ تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىغان كىيىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

## [11] ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى 99.99 پىرسەنت.

ياپون ئوقۇغۇچىلىرى ھېچقاچان مەكتەپكە كېچىكىپ قالمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، مەكتەپكە كېچىكى كېلىدىغان ياكى دەرس تاشلايدىغان ئىشلار پەقەتلا يۈز بەرمەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ.
كۆپ ساندىكى ياپون ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە بېرىشتىن ئالاھىدە خۇشاللىق تاپالايدۇ.

## [12] ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلفون ئىشلىتىشى چەكلەنگەن.

ياپونىيەدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يان تېلفونى ئىشلىتىشىگە يول يوق. ئەمما، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرس بىناسىدىن سىرتقى يەرلەردە دەرستىن ئاۋۋال ياكى كېيىن تېلفون ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتا تېلفون ئىشلەتكىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلفونىنى دەرھال مۇسادىرە قىلىدۇ.

## [13] مەكتەپ ئاپتوبۇسى مەۋجۇت ئەمەس.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خۇسۇسىي ماشىنىلىرى بولىدۇ. ئەمما، ياپونىيەدە مەكتەپ ئاپتوبۇسى دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە پىيادە، ۋېلسىپىتلىك ياكى ئاممىۋي قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق كېلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە ئادەتتە كىچىك-كىچىك گۇرۇپپا ھالىتىدە كېلىدۇ.

## [14] ئاخىرقى قېتىملىق ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى ھەممىنى بەلگىلەيدۇ.

ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش مەزگىلىدە ناھايىتى سۇرلۇك بىر ئىمتىھان ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. مۇشۇ ئىمتىھان ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنالاش ياكى قىلىنالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا فاكۇلتېتۇتنى تاللىيالايدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگۈسىدىكى مائاشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى مۇشۇ ئىمتىھان ئارقىلىق ئومۇمىي جەھەتتىن بەلگىلىنىپ بولغان بولىدۇ.

## [15] ئون سەككىز ياشقا تولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچ سائەت ئوندىن كېيىن سىرتتا يۈرۈشى چەكلەنگەن.

ياپونىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە بىر-بىرىدىن پەرقلىق. ئەمما، توكيو ۋە يوكوخاما قاتارلىق شەھەرلەردە ئون سەككىز ياشقا توشمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچ سائەتتن ئوندىن كېيىن كىنوخانىغا بېرىشىغا ياكى ئاپتوماتىك ماشىنىلاردىن نەرسە سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## [16] ساۋاتسىزلىق نىسبىتى نۆلگە يېقىن

ياپونىيە پۇقرالىرىنىڭ ساۋاتلىقلىق نىسبىتى يۈز پىرسەنتكە يېقىنلاشقان بولۇپ، ئىككىلى جىنسنىڭ ساۋاتلىق نىسبىتى ئوخشاش رەۋىشتە ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن.

1868-يىلىدىكى مېيجى ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياپونىيەدە غەربچە مائارىپ سىستېمىسى قوللىنىلغان. مېيجى ھۆكۈمىتى ياپونىيەنى كۈچلۈك ۋە زامانىۋي دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قارار قىلغان. مۇشۇ يىللاردىلا ياپونىيە چەتئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى جىددىي باشلىۋەتكەن. ياپونىيەدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپى مەجبۇرىي مائارىپ قىلىنىپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ياپونىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياپونىيەنى سورىغۇچى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قويۇلغان. ياپونىيەدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش

مەجبۇرىيەت ھېسابلانمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ياپون ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش نىسبىتى 94 پىرسەنتكە يەتكەن.(2005-يىلدىكى ستاتىستىكا)

## [17] ياپونىيە ئۇنىۋېرستېتلىرى

توكيو ئۇنىۋېرستېتى ياپونىيەدىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنۋېرستېت بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرستېتنىڭ دەرىجىسى دۇنيادا 22-ئورۇندا تۇرىدۇ. كيوتو ئۇنىۋېرستېتى ياپونىيەدە 2-، دۇنيادا 35-، ناگويا ئۇنىۋېرستېتى ياپونىيەدە 3-، دۇنيادا 83-ئورۇندا تۇرىدۇ. دۇنيادىكى بەش يۈز كۈچلۈك ئۇنىۋېرستېتنىڭ ئون ئالتىسى ياپونىيەدە. ياپونىيەنىڭ يۇقارقى ئۈچ ئۇنىۋېرستېتى دۇنيادىكى يۈز چوڭ ئۇنىۋېرستېت قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئاسىيادىكى ھېچ قايسى دۆلەت بۇ جەھەتتە ياپونىيەگە رىقابەتچى بولالمايدۇ. ياپونىيە ئامېرىكا، ئەنگىلىيە ۋە شېۋىتسىيەدىن قالسا، دۇنيادىكى ئوتتۇز داڭلىق ئۇنىۋېرستېت قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان تۆتىنچى نومۇرلۇق دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيە داڭلىق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىش جەھەتتە دۇنيادىكى يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن گېرمانىيە، فرانسىيە، فىنلاندىيە، كانادا، گوللاندىيە، دانىيە، شېۋىتسارىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان



# رازۋېتچىكلارمۇ؟ مەخسۇس خادىملارمۇ؟

## شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ستالىننىڭ ئادەملىرى

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

**1944-1949**- يىللىرى ئارىسىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ۋە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرىدا خىتاي كومپارتىيەسى قوشۇنلىرىنى ئۇيغۇرلار دىيارىنى ئىشغال قىلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان بارلىق جەريانلار ۋە خۇلاسىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاملى ئىنتايىن مۇھىم ئامىلدۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلىرىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىتى، جۈملىدىن خىتاي ۋە ئۇيغۇرلار دىيارى-يەنى شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىي ئىستراتېگىيەلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە **1944-1949**-يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە كەڭ كۆلەمدە ھەربىي ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر ياردەملەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى سۈپىتىدە مەلۇم ساندا ھەربىي-سىياسىي، مەمۇرىي، تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت خادىملىرىنى ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ياردەملەرنىڭ ھەممىسى مۇتلەق مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە خەلقئارا سەھنىدە، شۇنىڭدەك خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر ئىنقىلابقا ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانىدى.

مەزكۇر خادىملار بىردەك ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ قارارىنى ئاساس قىلغان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىقلىرى ۋە ھەربىي ساھەسىدىن تاللانسىمۇ، ئەمما بۇلار ئەۋەتىلىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىن بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى، يەنى كېيىنكى ئىچكى ئىشلار ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقلىرى، **1947**-يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتى تەركىبىدىكى ئىنفورماتسىيە كومىتېتى، يەنى دۆلەت تاشقى رازۋېدكا ئورگىنىغا تەۋە ئىدى.

شۇنى ئەسكەرتىش مۇمكىنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە مەخسۇس ھەر ساھەلەر بويىچە خادىملارنى ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشى ئىككى باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچ

1943-1946- يىللىرىغىچە، ئىككىنچى باسقۇچ 1947-1949-يىللىرىغىچىدۇر. ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى سوۋېت خادىملىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ۋە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلىرىدە ئورتاقلىقلار ۋە ئۆزگىچە پەرقلىق تەرەپلەر بار ئىدى.

## سوۋېت سىياسىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

شۇنى ئېنىق ئېيتىش زۆرۈركى، سوۋېت رۇسىيەسى 1920-يىللاردا سابىق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوشنا شىنجاڭدىكى، يەنى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ جايدا ئۆزىنىڭ سىياسىي شۇنىڭدەك سودا-ئىقتىسادىي تەسىرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھەم ئۇنى مۇستەھكەم ھالدا تىكلەش چارىسى قوللانغانىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلاب قوزغاپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا يول قويماسلىق سىياسىتى يۈرگۈزدى.

مەزكۇر جايدا سوۋېت ھۆكۈمىتى، جۇملىدىن يوسىف ستالىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 1931-1933- يىللىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قوللىماسلىق، ئەكسىچە، خىتاي مىلىتارىستى شېڭ شىسەيگە ھەربىي ياردەم بېرىپ، ئۇنى ھىمايە قىلىشنى قارار قىلغانىدى. سىياسىي بيۇرونىڭ1933-يىلى، 3-ئاۋغۇستىكى « شىنجاڭ خىزمىتى ھەققىدىكى كۆرسەتمىسى »دە «شىنجاڭنىڭ خىتايدىن ئايرىلىشى لوزۇنكىسىنى قوللىماسلىق» قارارى چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى «شىنجاڭ سىياسىتى»نى تولۇق نامايان قىلغانىدى.[1]

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىتتىپاق بولشېۋىكلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ «شىنجاڭدىكى ئىنقىلابلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئىكەنلىكى»[2] ھەم ئۇنى قوللاش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى رەت قىلدى ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىش»نى چەكلىدى.[3]سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي مىلىتارىستى شېڭ شىسەينىڭ رەھبەرلىكىدىكى، نامدا خىتايغا تەۋە، ئەمما خىتاي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىنمايدىغان، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى يېرىم مۇستەقىل بىر ئۆلكە ھاكىمىيىتى بەرپا قىلىپ، بۇ ئۆلكىدە ئۆزىنىڭ سودا-ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ھەر جەھەتتىكى تەسىرى ھەم ئىمتىيازىنى تىكلەپ، كۆپ يىللار بۇ خىل ۋەزىيەتنى داۋاملاشتۇردى.

بىراق،1941-يىلى، 6-ئايدا گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلاپ، 1942-يىلىغىچە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئارقىمۇ-ئارقىدىن تارمار بولۇشىدەك ئېغىر ۋەزىيەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ھېس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قوشنا

---

[1]. АВП РФ. Ф. 17. Оп. 166 Д. 502 . Л. 5-7 ,8-11 (رۇسىيە فېدېراتسىيەسى تاشقى سىياسەت ئارخىپى، فوند17، ئالاھىدە (پاپكا 166، دېلو 502، ياپراق 5-7، 8-11))Русско-китайские отношения : материалы и документы. Т.3, В XX веке, 1933 - 1937 : Кн.1. "Памятники исторической мысли", 2010. С-184-194

[2]. ГАРФ. Ф.495 Оп. 154. Д.457. Л.31-39. ВКП(б), Коминтерн и Китай: Документы. Т. IV. 1931–1937. В 2-х ч. (رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى. فوند 495، ئالاھىدە پاپكا 154، دېلو 457، ياپراق 31-39)

[3]. ГАРФ. ГАРФ. Ф.17 Оп. 162. Д.11. Л.9-11. ВКП(б), Коминтерн и Китай: Документы. Т. IV. 1931–1937. К. Талипов. 2010. с.122 (на уйгурском).

شەرقىي تۈركىستاننى موسكۋانىڭ ھىمايىسى ۋە ياردىمى ئاستىدا 1934-يىلىدىن بۇيان ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان ختاي مىلىتارىستى شېڭ شىسەي موسكۋادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تەسىرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ، چوڭچىڭدىكى جاڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى ختاي جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بېقىنىپ، بۇ ئۆلكىنى جاڭ كەيشىنىڭ كونلۇكى ئاستىدا ئىدارە قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

نەتىجىدە 1942-1944-يىللىرى ئارىسىدا شېڭ شىسەي ختاي مىللەتچىلىرىنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى، بۇ جايدىكى قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، تېخنىكلىرى، ئىنژېنېرلىرى، كادىرلىرىنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفت، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىش شىركەتلىرى، سودا شىركەتلىرى، ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى قاتارلىق بارلىق ئورگانلىرى ۋە كارخانىلىرىنى تاقىدى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن داۋاملىشىۋاتقان سودىلارنى ئۈزدى ھەم ئۆلكىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئاكتىپ ھەرىكەت باشلىدى.

ختاي ھۆكۈمىتى يەنە ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە ئەنگلىيەنىڭ كونسۇلخانىلىرىنى قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش بولسىمۇ، ئەمما ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىددىيەتكە ئىگە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ تەسىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت مەزكۇر ئارقا ھويلىسىغا ئەكىرىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئىستراتېگىيەلىك بېسىم يارىتىش تاكتىكىسىنى قوللانغانىدى. ۋەھالەنكى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىتتىپاقداش قىلىپ تاللىغان ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولغاچقا ختاينىڭ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازىغا ئايلاندۇرۇشىغا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى بۇزۇشقا ۋە جىددىيلەشتۈرۈشكە قوشۇلمايتتى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي، مەدەنىيەت، سودا-ئىقتىسادىي تەسىرلىرىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىش ۋەزىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

يەنە بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەشەددىي چوڭ ختاي مىللەتچىلىكى سىياستى يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە نىسبەتەن كەمسىتىش، باستۇرۇش، چەكلەش سىياستى قوللاندى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى 1937-يىلىدىن تارتىپ، 100 مىڭلىغان ئادەملەرنى قولغا ئېلىپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەتتا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داڭلىق ئەربابلىرى، ئاقساقاللىرى، بەگلىرى، زىيالىيلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تېررورلۇق تۈزۈم ئورناتقانىدى. بۇنىڭ بىلەن ختايلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەتمۇ ناھايىتى ئۆتكۈرلەشتى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مەخپىي ۋە ئاشكارا قارشىلىق ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئالدى بىلەن 1937 - يىللىرى قەشقەرىيە تەرەپتە ئابدۇنىياز كامال قاتارلىقلار باشچىلىقىدا ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار پارتلىغان بولسا، 1940-يىلى، بولۇپمۇ 1943-يىلىدىن باشلاپ، ئالتاي تەۋەسىدە قازاقلارنىڭ قوراللىق قارشىلىقلىرى باشلاندى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى1937-1938-يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرۇپ بەردى شۇنىڭدەك شېڭ شىسەينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە كۆز يۇمدى ۋە قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولغانىدى. ئەپسۇسكى، 1942-يىلىدىن باشلاپ، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەندىن كېيىن موسكۋا بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

مانا شۇنداق تۇرلۇك ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەت شارائىتىدا 1943-يىلى، 5-ماي كۈنى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «شىنجاڭ ھەققىدە» يىغىن ئېچىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ۋە ھەر جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش ئارقىلىق شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇشنى قارار قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋەتتى.

ئەنە شۇنداق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا 1944-يىلى 9-ئايدا نىلقا قوزغىلىڭى ۋە ئارقىدىن 11-ئايدا غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاپ،1944-يىلى 12-نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا خىتاي ئەمەس مىللەتلەر ئۆز مۇستەقىل ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولدى. قوزغىلاڭچىلار بىر ئايلىق جەڭلەر جەريانىدا ئىلىنىڭ كۆپ ناھىيەلىرىنى ئازاد قىلىپ، خىتاي قوشۇنلىرىنى بىر قانچە جايلاردا ئىسكەنجىگە ئالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ خىل يۇقىرى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ۋە خىتاي قوشۇنلىرىنى تېز ۋاقىتتا تارمار قىلغانلىقىنى كۆرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ھەربىي مەسلىھەتچى، قورallıق ئەترەت، قورال-ياراق، ئوق-دورا جەھەتلەردىن ياردەم كۆرسىتىپ، ئۇنى ئەمەلىي قوللاشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى لاۋرېنتىي بېرىيا ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارى ۋسېۋولود مېركۇلوفنىڭ 1944-يىلى 8-دېكابىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاق ئالىي رەھبەرلىرى ستالىن ۋە مولوتوفقا يوللىغان مەخپىي دوكلاتىدائىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ قوللاش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس ن ك ۋ د (ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى)گېنېرال مايورى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف[4]باشچىلىقىدىكى «ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى» ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى مەخپىي تۈردە ئەۋەتىش ھەم مەخسۇس تەربىيەدىن ئۆتكەن شىنجاڭ ئاھالىسىدىن ۋە يەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن تۈزۈلگەن 590 كىشىلىك 5 ئاتلىق ئەترەتنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. [5] «ئازادلىق تەشكىلاتى» ئەزاسى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ ( 1914-2005) ئېيتىشىچە غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاپ، بىر ئايلار ئۆتكەندە سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى، گېنېراللىرى ياردەمگە كەلدى.[6]

رەسمىي ھۆججەتلەرگە كۆرە، يەنى بېرىيا- 1944يىلى،- 12ئاينىڭ -23كۈنى ستالىن ۋە مولوتوفقا غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن گېنېرال مايور يېگناروفنىڭ دوكلاتىنى يوللاپ بەرگەن بولۇپ، مەزكۇر مەخپىي مەلۇماتتىن مەلۇم بولۇشىچە، - 1944يىلى،- 12ئاينىڭ- 15كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى تۈزگەن ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى ن ك ۋ د گېنېرال مايورى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروفنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىغا كېلىپ، قورغاستا تۇرۇپ پائالىيەت باشلىغان ۋە كېيىن غۇلجىغا باردى.[7]

---

4 ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف ( 1903-1976). باكۇدا تۇغۇلغان، رۇس. 1929-1937-يىللىرى تاجىكىستاندا ۋە ئۆزبېكىستاندا . نكۋد ۋە چېگرا قوغداش قىسىملىرىدا كوماندىر بولۇپ ئىشلىگەن، ئۆزبېك تىلىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوگپۇ ۋە نكۋد سىنىڭ ئوتتۇرا ئازىئادىكى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1943-يىلى نكۋد گېنېرال مايورى بولغان ۋە نكۋد قوشۇنلىرىنىڭ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئارقا سېپىنى قوغداش بويىچە باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى بولغان. 1944-يىلى نكۋد تەركىبىدە مەخسۇس شىنجاڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، غۇلجىغا كەلگەن ۋە پۈتۈن ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغان. 1946-1947-يىلى، تۈركمەنىستان س س ر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغان. ئۇ، 1953-يىلى بېرىيا تۇتۇلغاندىن كېيىن زەربىگە ئۇچرىغان ۋە گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى ھەم ئوردېنلىرى تارتىۋېلىنغان.1976-يىلى موسكۋادا ئۆلگەن.

5 بېرىيا ۋە مېركۇلوۋنىڭ ستالىن ۋە مولوتوۋقا يوللىغان دوكلاتى. 8-دېكابىر، 1944-يىلى . .. ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 68.

6 شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى بىلەن سۆھبەت،2001-يىلى، 12-نويابىر . .

7 بېرىيا ۋە مېركۇلوۋنىڭ ستالىن ۋە مولوتوۋقا يوللىغان دوكلاتى. 8-دېكابىر، 1944-يىلى . ... ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 68.

ن ك ۋ د (خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى )ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى باشلىقى گېنېرال مايور ۋ. س. يېگناروف س س س ر نىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالىي ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ، مەخسۇس ھەربىي سىياسىي مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىنى باشلىدى.[8] مەزكۇر ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە موسكۋادىن غۇلجىغا كەلگەنلەر ئىچىدىكى ن ك ۋ د –ن ك گ ب ) خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى -خەلق دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى (1-باشقارمىسى، 4-بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ لاڭفاڭ [9] ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروفنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا بەلگىلەندى.[10] ئۇ، ئىلگىرى، 1944-يىلى، موڭغۇلىيە رەھبىرى چويبالساننىڭ ئوسمان ئىسلام بىلەن موڭغۇلىيەدە ئۇچرىشىشىغا قاتناشقانىدى.

مەزكۇر ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە يەنە ن ك گ ب(خەلق دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى )پودپولكوۋنىكى، 1940-يىلدىن تارتىپ ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ، قەلەي كان شىركىتىنى سوۋېت تەرەپتىن باشقۇرغان پېتىر ئاندرېيېۋىچ چبايېف،[11] خەلق دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى پودپولكوۋنىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى نىكولاي پروكوپيۇك[12] قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. گېنېرال يېگناروف غۇلجىنىڭ نوۋېيگورد مەھەللىسىدىكى 2-نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرۇپ ئۆز خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى جايلاشقان بۇ جاي ئادەتتە «2-دوم» دەپ ئاتالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي مەسلىھەتچىلىرى، خادىملىرى، ھەربىي ئىنستروكتورلىرى ئارقىمۇ-ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنى پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان قوراللىق كۈرەشلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. مەزكۇر سوۋېت

---

8
. Бармин В.А . 1999. с.71-78

9
ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ لاڭفاڭ ( 1907-1990). بېرېستتا تۇغۇلغان. قىزىل ئارمىيەنىڭ رازۋېتكا ئىشلىرى ئوفىتسېرى. 1945-يىلى، . نكۋد گېنېرال لېيتېنانتى. 1942-1944-يىللىرى تۇۋا جۇمھۇرىيىتى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1944-1946-يىللىرى، غۇلجىدا تۇرغان. 1953-1954-يىللى س س س رنىڭ خىتاي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى مەسلىھەتچىسى بولغان. 1957-يىلى جازالىنىپ، 15 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان، ئۇنۋانلىرى ۋە ئوردېنلىرى تارتىۋېلىنغان. تۈرمىدىن چىقىپ، 1990-يىلى موسكۋادا ئۆلگەن تارتىۋېلىنغان.

10
. Лубянка. ВЧК-ОГПУ-КВД-НКГБ-МГБ-МВД-КГБ. 1917-1960. Справочник. Сост. А. И. Кокурин, Н. В. Петров. М.: 1997 с.42, Алексеев М.А., Колпакиди А.И., Кочик В.Я. Энциклопедия военной разведки. 1918-1945 гг. М., 2012, с. 303. Бармин В.А . 1999. с.71-78

11
پېتىر ئاندرېيېۋىچ چبايېف. رۇس، ئۇزۇن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ خىتاي بويىچە رازۋېتكا . ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. 1940-1943-يىللىرى مايور ئۇنۋانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەي تۈزگەن قەلەي قېزىش شىركىتى كېلىشىمى بويىچە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ، گېنېرال يېگناروف بىلەن بىرگە غۇلجىدا تاكى 1946-يىلى 6-ئايغىچە تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىك قىلغان. ئۇ، 1947-1949-يىللىرى يەنە بىر قېتىم يېگناروف بىلەن بىرگە بۇ ئوپېراتسىيەگە مەسئۇل بولغان. ئۇ، 1970-يىللاردا موسكۋادا ياشاپ ۋاپات بولغان. ئۇنۋانى پولكوۋنىك.

12
نىكولاي ئارخىپوۋىچ پروكوپيۇك (1902-1975). سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى داڭلىق<< ئوۋچى>> پارتىزان ئەترىتى . كوماندىرى، 1944-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1944-يىلى، 12-ئايدا ۋ.ك. يېگناروف بىلەن بىرگە ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، غۇلجىغا كەلگەن. 1945-يىلى، 8-ئايدا تاشقورغاندىن باشلانغان ھەرىكەتكە ئارقىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ دۆلەت بىخەتەرلىكى پودپولكوۋنىكى ئىدى. ئۇ ئەلىخان تۆرە بىلەن كۆپ ئۇچراشقانىدى. ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىدە ئىشلەپ، 1975-يىلى، موسكۋادا ئۆلگەن.

مەسلىھەتچىلىرى ۋە ھەربىي خادىملىرىنىڭ سانى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ رولىمۇ مۇھىم ئىدى. ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان قازاق، قىرغىز، ئوزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزىدىن سەپ تۇرغۇزۇلغان بىرلىكلەر ھەم بار ئىدى. بىراق، ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە ئىنقىلابقا ئاتلانغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان باشقا بارلىق خىتاي ئەمەس مىللەت خەلقلىرى ئىدى.

## ئۇيغۇر سوۋېت خادىملىرى

بىرىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەسلىھەتچىلەر، ھەربىي خادىملار ئارىسىدا ئاساسلىق رەھبىرىي ئورۇننى بىۋاستە موسكۋادىن كەلگەن گېنېرال ۋ. س. يېگناروف ۋە ئا. ئى. لاڭفاڭ قاتارلىقلار ئىگىلەپ، ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان بولسا،[13] ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن قازاق س س ر، قىرغىز س س ر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا تەۋە،1930-يىللاردا بىر قېتىم شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ھەم يەرلىك مىللەت تىللىرىنى بىلىدىغان رۇسلار، شۇنىڭدەك كۆپ قىسىم يەرلىك مىللەت ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خادىملارمۇ ئەۋەتىلدى. بۇ، 1943-يىلى- 5مايدىكى قارارنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدىكى يەرلىك مىللەت خادىملىرىنى ئەۋەتىش، شىنجاڭدىكى بۇ ھەرىكەتلەرگە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سېكرېتارلىرى ۋە مىنىستىرلار كېڭەشى رەئىسلىرىنى مەسئۇل قىلىش، شىنجاڭدىن چىققان مىللەت كىشىلىرىدىن قوراللىق گۇرۇپپىلارنى قۇرۇش ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرنى قۇرۇش ھەم باشقا خىزمەت پىلانلىرى بەلگىلەنگەنىدى.[14] شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بويىچە بۇ قارارلارنى ئىجرا قىلىشقا ئۆزبېكىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسى بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوف **(1966- 1901)**، شۇنىڭدەك قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان كوممۇنىستلىرى پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سېكرېتارلىرى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەنىدى.**1962- 1964**-يىللىرىدىكى قازاقىستان كومپارتىيەسى بىرىنچى سېكرېتارى بولغان ئىسمائىل يۇسۇپوفنىڭ **(1914-2005)** ئاشكارىلىشىچە، بۇ ھەرىكەتلەرگە، يەنى ئادەملەرنى ئەۋەتىش ۋە باشقىلارغا ئوسمان يۇسۇپوف مەسئۇل بولغانىدى.[15]

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئەۋەتىلگەن مەسلىھەتچىلەر ۋە خادىملار ئىچىدە گېنېرال يېگناروفقا بىۋاستە بويسۇنىدىغانلاردىن قازاقىستان خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا تەۋە ئىسكەندەر، يەنى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف،[16] قىرغىزىستان خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا تەۋە پېتىر ساۋىنوف،[17] يەنى زاكىر،

---

13. ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى مۇنداق دەيدۇ: << ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ قاتارلىقلار>> بىز ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولايلى دەپ، ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. دەسلەپتە سىياسىي ئىشلارغا ئانچە ئارىلاشمىدى، ئەمما كېيىن ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان بولدى>>. ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى بىلەن سۆھبەت، **2001**-يىلى، **12**-نويابىر.

14. **Решение Политбюро ЦК ВКП(б) «О Синьцзяне». 04.05.1943 // РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 37. Л. 76**

15. **, Брежнев был настоящий развратник. Агентство Политических Новостей». http://www.apn.kz/opinions/print7650.htm. 2006.**

16. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف. رۇس ،**1901**-يىلى تۇغۇلغان. **1930**-يىللاردا بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن. **1944-1946**-يىللىرى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدا مەسلىھەتچى بولغان. **1946**-يىلى، ۋەتىنىگە قايتىپ، **1951-1954**-يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانىسىدا ئىشلىگەن، قايتقاندىن كېيىن ئالمۇتادا ئىنتۇرىست ساھەسىدە ئىشلەپ، پېنسىيەگە چىقىپ، **1975**-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنۋانى ك گ ب پولكوۋنىكى.

17. پېتىر ساۋىنوف. **1907**-يىلى، ئىسسىقكۆل بويىدىكى پوكىروۋكىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇيغۇر، قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىنى ياخشى بىلىدۇ، **1930**-يىللاردا ئافغانىستانغا ۋە ئۇيغۇرلار دىيارىغا تاشلانغان. **1943-1944**-يىللىرى قىرغىزىستان نكۋد –نككب ئورگىنىدا ئىشلىگەن ۋە << باتۇر>> ئەترىتى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، جەڭ قىلغان ھەم ئىۋان ئىۋانوف بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن قوشۇندا بىرگە بولغان، ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئىچكى ئىشلار نازارىتى مەسلىھەتچى بولغان. **1980**-يىللاردا كراسنادارودا ۋاپات بولغان

گابىت مۇزىپوف، يەنى ئېلى مەمەدوف،[18] دۈيشە نوغايبايېۋ[19] راززاق ماۋلانوف[20] ۋە باشقا ئونلىغان سوۋېتتىن كەلگەن رۇس، تاتار، قىرغىز، قازاق، باشقۇرت، تۇڭگان، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرگە تەۋە ھەربىي ۋە پۇقرا خادىملارمۇ بار ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى ۋە ئىسھاقبېك مۇنۇنوف (1902-1949)، ئىۋان گېئورگىيېۋىچ پالىنوف (1899-1955) ۋە باشقىلارنىڭ كوماندىرلىقىدا 1945-يىلى، 1-ئاينىڭ بېشىغىچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە 590 كىشىدىن تەركىب تاپقان، ئىسسىق-ئاتا، ئوش ۋە تاشكەنت ئەتراپىدا ھەم قازاقىستاندا تەربىيەلەشتىن ئۆتكەن بەش ئاتلىق ئەترەتنى ئەۋەتكەن بولۇپ،[21] بۇ ئەترەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جەڭچىلىرى ئەسلى شەرقىي تۈركىستاندىن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قېچىپ كەتكەن ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېتىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق، رۇس ياشلىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك تۈركىي مىللەتلىرىدىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ جەڭچى ۋە كىچىك ئوفىتسېرلىرىدىن، ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان مىرزىگۇل ناسىروف،[22] سەيدەخمەت ئۆمەروف، ئاسىم ئىبراگىموف[23] ۋە باشقا ئونلىغان كىشىلەر بار ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ چاغدا، يەنى 1945-يىلىنىڭ 1-ئېيىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقلىرى ۋە ئىدارىلىرىگە ئايرىم مەخسۇس مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ھەممە مەمۇرىي ئورگانلاردا سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بار ئىدى.[24] ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىدى. روشەنكى، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ 80%نىڭ ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، بۇ ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا غەلىبە قىلىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ

---

[18] . ئەلى مەمەدوف، يەنى گابىت مۇزىپوف 1906-يىلى باشقۇرتىستاندا تۇغۇلغان. 1920-1930-يىللاردا قاراقولدا ۋە گۇلچە چېگرا پونكىتىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1937-يىلى ئاقسۇغا تاشلانغان. ئۇ 1944-يىلى، 22-دېكابىر كۈنلىرى ئىسھاقبېكنىڭ << بۇيگۇ>> ئەترىتى بىلەن بىرگە ئىلىغا كەلگەن ھەم تېكەس پولكىنى قۇرۇشقا قاتناشقان، 1945-1946-يىللىرى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1946-1949-يىللىرى ئالتايدا تۇرغان، ئۇ ۋەتىنىگە قايتىپ ئوشتا ياشاپ، 1980-يىلى ئوش شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

[19] . دۈيشە نوغايبايېۋ، قىرغىز، ئىسسىق كۆللۈك، ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى، << بۇيگۇ>> ئەترىتى بىلەن سۈيدۈڭ، كۈرە، غۇلجا ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان، تېكەس 1-ئاتلىق پولك كوماندىرى ۋە بىرىگادا كوماندىرى بولغان. 1946-يىلى، 6-ئايدا ۋەتىنىگە قايتقان ھەم توقماق شەھىرىدە پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارلىق ۋەزىپىلىرىدە بولغان.1968-يىلى ۋاپات بولغان

[20] . راززاق ماۋلانوف، قىرغىز، 1933-1940-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن قەشقەرىيەگە ئەۋەتىلگەن ۋە قىرغىز پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان. قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. 1944-يىلى، << بۇيگۇ>> ئەترىتى بىلەن بىرگە غۇلجا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. 1945-يىلى، 4-ئايدا تېكەس 2-ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان ۋە جەڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1946-يىلى 6-ئايدا ۋەتىنىگە قايتىپ، ئوشتا ياشىغان ھەم بازاركوم ئىدارىسىدە باشلىق بولغان. 1980-يىلى ئوشتا ۋاپات بولغان.

[21] . . ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 68.

[22] . مىرزىگۇل ناسىروف ( 1920- 2008). تۇگمەن يېزىسىدە تۇغۇلغان. سوۋېت ئارمىيەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا،1944-يىلى، 6-ئايدا تاشكەنتتە مەخسۇس مەشىققە قاتناشقان ۋە 1944-يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجىغا كېلىپ جەڭلەرگە قاتناشقان. ئىلگىرى ئاخىرى ئايرىم ئاتلىق دىۋىزىيون كوماندىرى ۋە كاپىتان بولغان.ئاقسۇ ئۇرۇشىغا قاتناشقان.1946-يىلى، 6-ئايدا ۋەتىنىگە قايتقان. ئاتاقلىق يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلگىسى، لېنىن ئوردېنىنىڭ ساھىبى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ << باھادىرلىق>> مېداللىرىغا ئېرىشكەن.

[23] . ئاسىم ئىبراگىموف، مىرزىگۇل ناسىروف بىلەن بىرگە غۇلجىغا كېلىپ جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇ مىرزىگۇل كوماندىرلىقىدىكى ئايرىم ئاتلىق دىۋىزىيوننىڭ ئېسكادرون كومادىرى بولۇپ، باي ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. 1946-يىلى، 6-ئايدا ۋەتىنىگە قايتىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت ئىشلىگەن.

[24] . سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ. مەن شاھىت بولغان ئىشلار.، شىنجاڭ ياش ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 96-بەت.

باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ھەمكارلىقتا باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەرخىل زىيالىيلىرى ۋە كادىرلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ئىشلىرىغا جەلپ قىلىپ، ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوف **(1912-1976)** قاتارلىقلارنى ئالمۇتادا مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن « قازاق ئېلى»، ئالىم ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف **( 1910-)**، ئەرشىدىن ھىدايىتوف **(1906- 1951)** )، تۇرسۇن رەخىموف **(1912-1986)** قاتارلىقلارنىڭ تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرناللىرىنى چىقىرىشىغا تەشكىللىگەنىدى. مەزكۇر ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا چىقىدىغان ژۇرناللار مەخسۇس تۈردە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن تەييارلىنىپ، ھەر خىل قانالالار بىلەن كىرگۈزۈلۈپ، خەلقنىڭ مىللىي، مەدەنىيەت، سىياسىي جەھەتلەردىكى روھىنىڭ كۆچىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلەر ئىچىدە ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن مۇھسىن ئابدۇللىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە، يەنى جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرىگە بىۋاستە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتىلدى. مۇھسىن ئابدۇللىن[25] ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە، يىغىنلىرىغا ئاشكارا قاتنىشىدىغان ۋە مەسلىھەت بېرىدىغان بولۇپ، بارلىق مەمۇرىي، سىياسىي، مەدەنىي، ھەربىي ۋە سودا-ئىقتىسادىي ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت قارارلارنىڭ چىقىرىلىشىغا مۇھسىن ئابدۇللىن بىۋاستە قاتنىشاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى نازارەتلەرگىمۇ بىردىن مەسلىھەتچى ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن سۇلايمان روزىيېف[26] رېۋىزىيە كومىتېتىغا ۋە ئالىي سوتقا، جەفەر داموللا[27] دىنىي نازارەتكە، ئابدۇللايېف[28] مائارىپ نازارىتىگە، سەيدەخمەت ئۆمەروف[29] ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىگە، مېھمانوف[30] تەشۋىقات-تەرغىبات ئىدارىسىگە مەسلىھەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە **1937-1940**- يىللىرى ئاقسۇدا ئىستانبۇللۇق ئەلى ئەپەندى نامى بىلەن سودىگەر قىياپىتىدە تۇرغان ئەلى مەمەدوف، يەنى گابىت مۇزىپوف ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە،[31] ئەسلى غۇلجىدا تۇرغان ئاق گۋاردىيەچى رۇسلاردىن، ئەمما سوۋېت

---

[25] . مۇھسىن ئابدۇللىن، تەرجىمھالى ئېنىق ئەمەس، ئۇ **1950-1980**-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنت شەھرىدە ياشاپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. مىللىتى ئۇيغۇر. ئەلىخان تۆرىنىڭ مەخسۇس مەسلىھەتچىسى.

[26] .سۇلايمان روزىيېۋ، قازاقىستاندا ياشاپ ۋاپات بولدى، ئىچكى ئىشلار ئەمەلدارى .

[27] ،جەفەر دامولا، ئۆزبېكىستانلىق، ئۇيغۇر ياكى ئۆزبېك، ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس .

[28] .ئابدۇللايېف، ئىسمى نامەلۇم، قازاقىستانلىق ئۇيغۇر زىيالىيسى. نەدە ياشىغانلىقى نامەلۇم ,

[29] سەيدەخمەت ئۆمەروف، قازاقىستاننىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدىن، تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ كىچىك . ئوفىتسېرى، مىرزىگۈل ناسىروۋ بىلەن بىرگە تاشكەنت ئەتراپىدا **1944**-يىلى، مەشىقتىن ئۆتكەن ۋە **1945**-يىلى **1**-ئاينىڭ بېشىدا مىرزىگۈل بىلەن بىرگە ئىلىغا كەلگەن. **1945**-يىلى، **4**-ئايدىن **1946**-يىلى **6**-ئايغىچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىدە ئەخمەتجان قاسىمىغا مەسلىھەتچى بولغان. ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئىچكى ئىشلار ساھەسىدە ئىشلىگەن ۋە **1960-1970**-يىللىرى ئارىسىدا چۈنجىدە ، ئۇيغۇر ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار ئىدارىسىدە باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات (بولغان ( تولۇق ئەمەس ئۇچۇرلار.

[30] . مېھمانوف، ئۇيغۇر، بەلكى قازاقىستانلىق ئۇيغۇر. ئىسمى ۋە ئەھۋالى نامەلۇم. **1946**-يىلى، **6**-ئايغىچە غۇلجىدا تۇرۇپ، ش ت ج نىڭ تەشۋىقات ئىدارىسىدە مەسلىھەتچى بولغان.

[31] . سەيدۇللا سەيپۇللايېف. مەن شاھىت بولغان ئىشلار.، شىنجاڭ ياش ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. **96**-بەت . **Кахарман Хожамберди. Уйгуры : Этнополитическая история с древнейших времен до наших дней). Издательский дом "Мир", 2008. с.427**

[32] . گرېبېنكىن، ئىۋان پالېنوفنىڭ ئايالىنىڭ ئاكىسى، ئاق گۋاردىيەچى رۇس، **1920**-يىلىدىن باشلاپ ئىلىدا ئورۇنلاشقان. سوۋېت خادىمىغا ئايلانغان. ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىدا بولغان. **1946**-يىلى، **6**-ئايدا قايتىپ، ئالمۇتا ياشاپ، **1950**-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

[33] . مەشھۇر رۇزىيېف، مەنسۇر ئەپەندى، **1902- 1980**-يىللار. ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىسى، **1930**-يىللاردا شېڭ شىسەي دەۋرىدە خوجا نىياز ھاجى يېنىدا تۇرغان. **1943-1946**-يىللىرى ئابدۇللا رامازانوۋ، ۋە مەنسۇر ئەپەند ئىسىملىرى بىلەن چۆچەكتە پائالىيەت قىلغان. ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن << قازاق ئېلى>>دە ئىشلىگەن ۋە << ۋەتەن ئوغلى>> تەخەللۇسىنى قوللانغان.

ئىتتىپاقى مەخپىي خادىمى گرىبىنكىن[32] مالىيە نازارىتىگە مەسلىھەتچىلىككە مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەندى. مەشۇر روزىبېۋ[33] بولسا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى. بۇلاردىن باشقا جەنۇبتىكى قوراللىق ھەرىكەتكە مەسلىھەتچىلىككە ۋە قوماندانلىق ئىشلىرىغا ئۆزبېكىستاندىن غولامخان تۆرە قوقانبايېۋ، ئەبەيدۇللا مىرزىياروۋ، ئەزىز توختىبايېۋ قاتارلىق ئۆزبېكلەر، ئۇيغۇرلاردىن كېيىنكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ماخمۇت قۇتلۇقوۋ قاتارلىقلار ئەۋەتىلگەنىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ يەنە 1945-يىلى، 7-ئايلاردا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىدىن 500 ئوفىتسېر ۋە 2000 ئەتراپىدا جەڭچىنى مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىگە ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ رۇسلاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى مەلۇم سانىنى تەشكىل قىلاتتى.[34] ئۇلار 1945-يىلى 7-ئايلاردىن باشلاپ، تاكى 1945-يىلى ئايغىچە ۋە 1946-يىلى، 6-ئايغىچە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ھەربىي-سىياسىي، مەمۇرىي مەسلىھەتچىلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ھەربىي خادىملار، ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى 1946-يىلى 6-ئايدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، 6-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىلدى. گېنېرال يېگناروۋ، مۇھسىن ئابدۇللىن ۋە باشقىلارمۇ شۇ ۋاقىتتا كېتىپ بولغانىدى. ئەمما، بىر قىسىم خادىملار ئورۇن يۆتكەپ داۋاملىق خىزمىتى داۋاملاشتۇردى. مانا بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرى ئىدى.

بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابنى قايتا قوللاش ھەرىكىتى 1946-يىلى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق «بىتىم» روھى بويىچە، 7- ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە تاكى 1947-يىلى، 8- ئايغىچە خىزمەت قىلدى. ئەمما 1947-يىلدىن باشلاپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇشقا باشلاپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى سىياسىي كۈرەشلەر بارغانسېرى كۈچەيدى. تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئىختىلاپلار كۈچىيىشكە يۈزلەندى. خىتايدا بولسا، كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش رەسمىي پارتلىدى ھەم سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىمۇ يىرىكلەشتى. 1947-يىلى، 6- بەيتىك ۋەقەسى كېلىپ چىقتى ۋە ئارقىدىن گومىنداڭ دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدىيەگە مەنسۇپ، تۈركچىلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەسئۇد سەبىرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق ئۈچ ئەپەندىنى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرىغا قويۇپ، مەسئۇد سەبىرىنى رەئىسلىككە تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى تەرەپ بىلەن خىتاي تەرەپ ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازى بولۇشىغا سەۋەب بولغانىدى.

1947-يىلى 7- ئايغا كەلگەندە تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلاپ قانلىق باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. مانا شۇنداق بىر قاتار جىددىي ۋەزىيەتتە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپتىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ۋەكىللەر، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ كېڭەش ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم زىيالىيلىرى بىلەن غۇلجىغا كەتتى. نەتىجىدە، بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي بۇزۇلدى. خىتاي گومىنداڭ ئارمىيەسىمۇ قوشۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىلى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش خەۋپى تۇغدۇرۇپ، ماناس دەرياسى بويىدا مىللىي ئارمىيە بىلەن خىتاي ئارمىيەسى قايتىدىن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. خىتاي يەنە بىر تەرەپتىن ئوسمان ئىسلام ۋە قالىبېك قاتارلىقلارنى قوراللاندۇرۇپ، ئىلى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈزۈپ، بىر مەزگىل ئالتاي ۋە باشقا جايلارنى ئىگىلىۋېلىشقا شۇ ئارقىلىق

---

[34]. Бармин В.А .Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949 гг. Барнаул: Изд-во БГПУ, 1999. с.71-78

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولغان ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلاپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئەلۋەتتە، بۇلار يەنە بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قارشى تۇس ئالغاندى. بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ۋاقىتتا خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن "شىنجاڭ" دىكى ھەمكارلىقىنى كۆچەيتىشى، ئامېرىكىنىڭ بۇ ئۆلكىدە ئۆز ھەربىي-سىياسىي تەسىرىنى تىكلىشى شۇنىڭدەك ئوسمان ۋە باشقىلارنى قوللىشىدىن ئەندىشە قىلغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا باشلىق غەربكە قارشى ئىدىيەسىنىڭ، شۇنىڭدەك غەرب دۈشمەنلىك ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدىن كېلىپ چىققاندى.

مانا شۇنداق بىر قاتار ئەھۋاللار ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى 1947-يىلى 9-ئايدا قارار قوبۇل قىلىپ، مىللىي ئارمىيەنى قورالLاندۇرۇش ۋە پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە داۋاملىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشىنى قارار قىلدى.[35]

خېلەم خۇدابەردىيېۋ قاتارلىق ئىككىنچى تۈركۈمدىكى سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ بىرى سۈپىتىدە غۇلجىغا كېلىپ، بىراقلا ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت تۇرغاندى. شۇنى ئەسكەرتىش مۇمكىنكى، ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىرىنچى قېتىمدىكىدەك ئۇنچە كۆپ خادىم ئەۋەتمىگەن بولۇپ، ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ سانى چەكلىك ئىدى.

خېلەم خۇدابەردىيېۋ ئۆز ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ 1947- يىلى، 9-ئايلاردا باشقا 13 ئوفىتسېر بىلەن بىرگە، ئۆزى پەقەت بىر ئۇيغۇر، قالغانلىرى ئۆزبېكلەر بولۇپ، غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.[36] ئۇ، دەسلەپتە تامامەن ھەربىي ۋەزىپە بىلەن غۇلجىغا كەلگەن بولسا، كېيىن خىزمىتىنى سىياسىي ئىشلارغا ئۆزگەرتكەن. ئۇنداقتا، خېلەم خۇدابەردىيېۋ نېمە سەۋەب ۋە نېمە ۋەزىپە بىلەن كەلدى؟

## سىياسىي بيۇرونىڭ قارارى ۋە يېڭىدىن خادىملارنى ئەۋەتىش

يۇقىرىدا بىز تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب بىلەن بولغان خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلىرىدىكى جىددىيلىكى، شۇنىڭدەك خىتايدىكى كومپارتىيە-گومىنداڭ ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا چېتىشلىق سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېرىكلىشىشى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى 1947-يىلى،-10سېنتەبىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىسترلار كېڭىشىنىڭ قارمىقىدىكى ئىقتىسادىي تەتقىقات كومىتېتى، يەنى ئەسلىدىكى ۋە كېيىنكى ئىنفورتماتسىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئائىت تەكلىپ لايىھىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەخسۇس «شىنجاڭ ھەققىدە» نامىلىق قارارنى چىقاردى.[37] بۇنىڭدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردىكى خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، مىللىي ئارمىيەنى قوراللاندۇرۇشنى قارار قىلىپ: ئىقتىسادى تەتقىقات كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كونا رۇس شەكلىدىكى ۋە نېمىس ئولجا قوراللىرىدىن، 9 مىڭ دانە مىلتىق، 70 ئىستانكوۋاي پىلىمۇت، 300 يېنىك پىلىموت،40 روتا مىناميوتى، 40 تانكىغا قارشى مىلتىق، 18 مىڭ دانە گرانات، 8 مىليون پاي مىلتىق ئوقى، 15 مىڭ پاي روتا مىناميوت ئوقى، 15 مىڭ پاي تانكىغا قارشى مىلتىق

[35]. Решение Политбюро ЦК ВКП(б) «О Синьцзяне». 10.09.1947 // РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 190

[36]. خېلەم خۇدابەردىيېۋ، زامان ئىزغىرىنلىرىدىن، 2-كىتاب، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. ئائىلىسى تەمىنلىگەن.

[37]. Решение Политбюро ЦК ВКП(б) «О Синьцзяне». 10.09.1947 // РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 190

ئوقنى بېرىشنى قارار قىلدى.[38] ئارقىدىن شۇ كۈنى ئىنفورماتسىيە كومىتېتى باشلىقى پ. ۋ. فېدوتوف ۋ. م. مولوتوفقا مەخپىي تېلېگىراما يوللاپ، شىنجاڭدىكى تەشكىلىي سىياسىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا، **1944-1946**-يىللىرى غۇلجىدا خىزمەت قىلغان گېنېرال يېگناروفنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا پېتىر چىبايېفنى تەيىنلەشنى تەشەببۇس قىلدى.[39]

فېدوتوف مولوتوفقا يەنە «غۇلجىدىكى سىياسىي خىزمەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان بىر كىشىنى ئاجرىتىش مۇۋاپىقتۇر، ئەگەر سىز تەستىقلىسىڭىز سىزنىڭ يولداش ئوسمان يۇسۇپوف بىلەن ئالاقىلىشىشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنداق كىشىنى ئاجرىتىش ھەققىدە پۈتۈشۈشكە ئىجازەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن» دەيدۇ،[40] ئۇ يەنە **15-20** غىچە بولغان ئالاھىدە خىزمەت خادىمىنى تاللاپ شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى، ئۇلارنىڭ يەرلىك كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدە مەخپىي قورال-ياراق ئەۋەتىش، ئەۋەتىلگەن قوراللارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە سوۋېت ئاگېنتۇراسى ئارقىلىق غۇلجىلىقلار ئارىسىدىكى ھەر خىل ۋەزىيەتلەرنى ھەل قىلىش تەكلىپلىرى بېرىدۇ.[41]

شۈبھىسىزكى، خېلەم خۇدابەردىيېۋ ئۆز ئەسلىمىسىدە تەكىتلىگەن ئۆزىنى قوشقاندا **13** ئوفىتسېر دەل ئاشۇ فېدوتوف تىلىغا ئالغان **15-20** ئەترىپىدىكى ئوپېراتسىيە خادىملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىش ئىشىغا ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسى بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوف مەسئۇل بولغانىدى.

خېلەم خۇدابەردىيېفنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ تاشكەنت رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولغاندا ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا چاقىرتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بۇ سېنتەبىر ئېيى ئىدى. بۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى قارار قوبۇل قىلغان شۇنىڭدەك فېدوتوفنىڭ مولوتوفقا تېلېگىرامىسى يوللانغان **10**- سېنتەبىردىن بىر قانچە كۆپ كۈن ئۆتمەيلا بولغان ئىش ئىدى. ئۇلارنى ھەقىقەتەن، ئوسمان يۇسۇپوف قوبۇل قىلىپ، **5** مىنۇتقا ۋاقىت يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە «پارتىيە سىلەرگە مۇھىم تاپشۇرۇق بېرىدۇ. بۈگۈن شىنجاڭغا ئاتلىنىسىلەر. قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقىگە گومىنداڭ ئىستىبداتىدىن ئازاد بولۇشقا ھەربىي مەسلىھەتچى بولۇپ ياردەم بېرىسىلەر. ئالمۇتادا گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ كوزلوفنىڭ ئىختىيارىغا بارغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقى - سىلەر ئۈچۈن پارتىيەنىڭ، دۆلەتنىڭ بۇيرۇقى. خەير، ئاق يول!»[42] دەپ تاپشۇرۇق بەرگەن. ئوسمان يۇسۇپوف **13** ئوفىتسېرغا ئېيتقان ئۇلار بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان ئالمۇتادىكى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوئىچ كوزلوف، دەل غۇلجىدىكى **1946- 1944**-يىللىرى ئارىسىدىكى«2-دوم» نىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف بولۇپ، ئۇ **1946**-يىلى،**6**- ئايدا غۇلجىدىن قايتقاندىن كېيىن تۈركمەنىستان س س ر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ۋ. س يېگناروف ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىرگە ئىشلىگەن پېتىر ئاندرېيېۋىچ چىبايېۋ بىلەن بىرگە قايتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىنىپ ئالمۇتاغا ئەۋەتىلگەنىدى.

---

38
**. Решение Политбюро ЦК ВКП(б) «О Синьцзяне». 10.09.1947 // РГАСПИ.**
**Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 190**

39
**. Телеграмма Федотова Молотову. 10.09.1947 // РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 208.**

40
**. РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 208.**

41
**. Телеграмма Федотова Молотову. 10.09.1947 // РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 208.**

42
. خېلەم خۇدابەردىيېۋ، زامان ئىزغىرىنلىرىدىن، 2-كىتاب، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. ئائىلىسى تەمىنلىگەن.

دېمەك، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئەۋەتىلگەن گېنېرال يېگناروف، چبايېف ۋە باشقىلارنى قايتىدىن مەسلىھەتچىلىك خىزمەتلىرىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇ قېتىم ئەخمەتجان قاسىمى، ئىشاقبېك مۇنونوف رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەتكە ۋە مىللىي ئارمىيەگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. ئۇلار بۇ قېتىم غۇلجىدا تۇرماستىن، ئەكسىچە ئالمۇتا ۋە قورغاستا تۇرۇپ، بارلىق ھەربىي-سىياسىي ئىشلارغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان. دېمەك، خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى، تارباغاتايدىكى ھەتتا جەنۇبقا ئەۋەتىلگەن مەسلىھەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچقا بويسۇنغان بولسا، بۇ قېتىممۇ خېلەم خۇدابەردىيېفنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى. ئوسمان يۇسۇپوف ئۇلارنىڭ ۋلادىمىر ستېپانوۋىچنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىنىڭ قەتئىي شەرت ئىكەنلىكىنى جېكىلىگەن.

خېلەم خۇدابەردىيېف ئەنە شۇ ئىككىنچى قېتىملىق بۇ ھەرىكەتتە شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ بىرى سۈپىتىدە غۇلجىغا كېلىپ، بىراقلا ئىككى يىغا يېقىن ۋاقىت غۇلجىدا تۇردى. خېلەم خۇدابەردىيېف ئۆز ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ 1947- يىلى، 9-ئايلاردا باشقا 13 ئوفىتسېر بىلەن بىرگە، غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ 3 4- ئاي، بەزىلىرىنىڭ بىر يىل تۇرۇپ قايتىپ كەتكەنلىكى، ئەمما ئۆزىنىڭ دەسلەپتە تامامەن ھەربىي ۋەزىپە بىلەن كەلگەن بولسا، كېيىن خىزمىتىنى سىياسىي ئىشلارغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى ھەم ئۆزىنىڭ ھەربىيدە «مايور ئېلاخۇن» دەپ ئاتالسا، كېيىن « ئېلاخۇن ئەپەندى» دەپ ئاتالغانلىقىنى ئەسلەيدۇ.[43]

## ھەربىي مەسلىھەتچىلىكتىن «ئىتتىپاق»نىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىگىچە

خېلەم خۇدابەردىيېفنىڭ 2003-يىلى مۇئەللىپكە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ باشتا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا ئورۇنلىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ مايورى ئۇنۋانى بىلەن ئۆزىگە «ئېلاخۇن» ئىسمىنى قوللىنىپ، باش شتابتا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى ئىشاقبېك مۇنونوفنىڭ يېنىدا ھەربىي مەسلىھەتچى بولدى. ئارقىدىن غۇلجا ئازاد نىشانلىق پولكىدا، پولك كوماندىرى ئايتۇغان يۇنۇچىنىڭ مەسلىھەتچىسىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئۇ «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك، مۇئاۋىنلىرى پولكوۋنىكلار زۇنۇن تېيىپپېف (كېيىن گېنېرال) ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف، پولك كوماندىرلىرى مەرغۇپ، ئايتۇغان يۇنۇچى ۋە يەنە قاتار ئوفىتسېرلارنىڭ ناملىرى مېنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىمدە ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇرغانىدى» دەپ بايان قىلىدۇ.[44]

خېلەم خۇدابەردىنىڭ ئازاد نىشانلىق پولكقا ئەۋەتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ۋاقىتتا ئالتايدا ئوسمان ئىسلام، ساۋەن –مايتاغ ئەتراپىدا ساۋەن ھاكىمى قالىبېك خىتاينىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئازاد نىشانلىق پولك ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ساۋەن پولكىنى قالىبېك، تاكامان قاتارلىق ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشقا سالغانىدى. بۇ ئىككى پولكتا ئايرىم-ئايرىم سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ساۋەن پولكىغا قازاقلاردىن ئىسلامبېك، ئازاد نىشانلىق پولكقا خېلەم خۇدابەدىيېف ۋە يەنە بىر ئوفىتسېر مەسلىھەتچى بولۇپ، تاكى 1948-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يەنىسخەي، مايتاغ قاتارلىق جايلاردا تۇردى. خېلەم خۇدابەردىيېف بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز ئەسلىمىسىدىمۇ تىلغا ئالىدۇ. 1947-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ يەنە باشقا قىسىملارغىمۇ بىر قىسىم ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى

---

43
. خېلەم خۇدابەردىيېفنىڭ 2003-يىلى، 11-ئايدا تېلېفون زىيارىتى ئارقىلىق سۆزلەپ بەرگەنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىمىسى: خېلەم خۇدابەردىيېۋ، زامان ئىزغىرىنلىرىدىن، 2-كىتاب، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. ئائىلىسى تەمىنلىگەن.

44
. خېلەم خۇدابەردىيېۋ. زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ ( خاتىرەنامە). تاشكەنت .2003-يىلى.بىرىنچى كىتاب. تۈركىستان پولىگراف باسمىخانىسى. 115-بەت.

ئەۋەتكەن بولۇپ، مىللىي ئارمىيە ئارتىللىرىيە دىۋىزىيونى، يەنى زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىڭ كوماندىرى پودپولكوۋنىك ئەسئەت تېيىپوفنىڭ خاتىرىلىشىچە، سوۋېت تەرەپ ئۇلارغا سوۋېت ئارمىيەسى زەمبىرەك قىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوفىتسېرى ھەسەنوف قاتارلىقلارنى مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتكەن. ھەسەنوف مىللىي ئارمىيەنىڭ زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونىنىڭ ھەر خىل زەمبىرەكلەرنى ئىشلىتىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيەلەش ئېلىپ بارغان.

خېلەم خۇدابەردىيېفنىڭ قەيت قىلىشىچە، 1948-يىلى، 8-ئايدا «تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس بولغاندىن كېيىن ھەربىي مەسلىھەتچىلىكنىڭ ئورنىغا سىياسىي مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى سەيپىدىن ئېزىزنىڭ مەسلىھەتچى مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ، مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەھىمجان سابىرھاجى، ئىسھاقبېك مۇنۇنوف، سەيپىدىن ئەزىز، زىيا سەمەدى ۋە باشقىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەردە بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

خېلەم خۇدابەردىيېف ئەسلىمىسىدە:«مەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ، مايور ئۇنۋانى بىلەن 2 يىل ئۇيغۇرلارنىڭ ياش جۇمھۇرىيىتىدە خىزمەت قىلدىم. كېيىنكى بىر يىل غۇلجىدا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تەكلىپى بىلەن سىياسىي مەسلىھەتچى بولدۇم. بۇ ئىككى يىل مېنىڭ ھاياتىمدا ئەسىرگە تەڭ قىممەتلىك بولدى. تالانتلىق خەلق رەھبىرى، ئاجايىپ ئىنسان ئەخمەت ئەپەندى قاسىمى قول ئاستىدا ئىشلەش بىر بەخت ئىدى»[45] دەپ يازىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار كېڭەشى قارمىقىدىكى ئىنفورماتسىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پ. ۋ. فېدوتوفنىڭ ۋ. م. مولوتوفنىڭ ئالدىغا قويغان بىر ئۆزبېك كىشىنى مەخسۇس تەشكىلىي سىياسىي مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتىش تەكلىپىدىكى ئاشۇ كىشى دەل خېلەم خۇدابەردىيېف ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. پ. فېدوتوفنىڭ ئۆزبېك كىشىنى ئەۋەتىش تەكلىپى بېرىشىدىكى سەۋەب تىل نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارغا سىياسىي مەسلىھەتچى بولىدىغان كىشىنىڭ ئۆزبېك بولۇشىنى ئويلىشىدىكى سەۋەب، ئۆزبېك-ئۇيغۇر ئىككى مىللەتنىڭ تىل ۋە باشقا ئورتاقلىقلىرىدىن چىقىش قىلىنغانىدى. پ. فېدوتوف بۇنداق كىشىنى ئەۋەتىشنى ئوسمان يۇسۇپوفقا ھاۋالە قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە ئۇ مەخسۇس شەرقى تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان بۇ كىشىلەرنى ئوسمان يۇسۇپوفنىڭ تاللىشى بېكىتىلگەن ئىش ئىدى. ئوسمان يۇسۇپوف دەل سىياسىي بىلىمى يۇقىرى، سوۋېت ئارمىيەسىدە سىياسىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، زىيالىي ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ژۇرنالىست ھەم ھەربىي جەھەتتە چوڭ لېتىنانت، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خېلەم خۇدابەرىدىيېفنى دەل فېدوتوفنىڭ تەشەببۇسىدىكى كىشى دەپ قاراپ تاللىغانىدى. ئەنە شۇ سەۋەب ۋە ئەسلى بېكىتىلگەن نىشان بويىچە خېلەم خۇدابەردىيېف ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولغان «تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا سىياسىي مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەندى. «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» 1948 -يىلى، 1-ئاۋغۇست كۈنى غۇلجا شەھرىدە چوڭ قۇرۇلتاي ئارقىلىق قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ۋە تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى .[46]

[45] . خېلەم خۇدابەردىيېۋ. زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ ( خاتىرەنامە). تاشكەنت .2003-يىلى.بىرىنچى كىتاب. تۈركىستان پولىگراف باسمىخانىسى. 115-بەت.

[46] . سەيدۇللا سەيپۇللايېف. شۇ ئەسەر، 165-بەت

35 كىشى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا، 11 كىشى تەشكىلىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغان بولۇپ، سىياسىي ۋە ئاممىۋى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ پروگراممىسى ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانىدى. مەسىلەن،1947-يىلى،10-سېنتەبىر كۈنى سوۋېت پۈتۈن ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرى پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىغا «شىنجاڭدا تىنچلىقنى قوغداش ئىتتىپاقى» نامىدا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە مۇسۇلمان رەھبەرلىرىگە تەكلىپ بېرىش پىكرى سۇنۇلغانىدى. [47]

1948-يىلى، 24-ئاپرېل كۈنى پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ مەخسۇس قارارىدا «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇراجىئەتنامىسىنى تەستىقلاش ۋە ئەخمەتجان قاسىمى ھەم ئىسھاقبېك مۇنۇنوفنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىنى زىممىسىگە ئېلىشى قارار قىلىنغانىدى[48]. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا سىياسىي بيۇرو مەزكۇر «ئىتتىپاقىنىڭ»«شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئىتى» ناملىق 12 ماددىلىق مۇراجىئەتنى كۆرۈپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر مۇراجىئەتمۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەييارلانغانىدى[49]. مەزكۇر «ئىتتىپاق» تەركىبىگە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى قاتارلىقلارنى قوشۇۋېتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈنمۇ مەخسۇس موسكۋادىن ۋاسىلىيېف فامىلىلىك كىشى غۇلجىغا كېلىپ مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇلارغا «خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى» نى «ئىتتىپاق» قا قوشۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى[50].

قىسقىسى، سوۋېت مەخپىي ئارخىپلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان مەزكۇر سىياسىي تەشكىلاتقا «شىنجاڭ» ئىسمىنى قوللىنىش ھەم تەشكىلاتنىڭ نامىنى بېكىتىش سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى موسكۋانىڭ بۇ قارارى ۋە پىلانىدىن مۇستەسنا بولالماي، ئاخىرى مەزكۇر نامنى قوبۇل قىلغانىدى. ئاسىم باقىمۇ «خۇنزىرلىق» ناملىق كىتابىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سوۋېت تەرەپنىڭ بېسىمى بىلەن «شىنجاڭ» ئىسمىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئۆزىنىڭ «يەنە شەرقىي تۈركىستان ئاتالمىسى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە ۋە باشقا ماقالە-نۇتۇقلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك نام، يەنى ۋەتەننىڭ نامى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بۇ زېمىندا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ مەزكۇر تەشكىلاتقا «شىنجاڭ» نامىنى قوللانسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ قايسى ئىسمىنى قوللىنىش ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلات بەرىبىر خەلق ۋە تەشكىلات ئۆزى تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ «ئىتتىپاق» دەپ ئاتالغانىدى.

---

47
РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л.202- 208. (rusiye döletlik ijtimaiy –siyasiy arxipi.fond 17, alahide . papka 162, délo 38, yapraq 202-208 (رۇسىيە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي –سىياسىي ئارخىپى.فوند 17، ئالاھىدە پاپكا 162، دېلو 38، ياپراق 202-208) )

48
. РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 39. Л. 32-34.( رۇسىيە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي ئارخىپى، فوند17، ئالاھىدە پاپكا 162، دېلو 38، ياپراق 32-34)

49
. РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 39. Л. 43-46

50
سەيدۇللا سەيپۇللايېف، شۇ ئەسەر،121-بەت .

دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى ئاستىدا قۇرۇلغان «ئىتتىپاق» نىڭ خىزمەتلىرىگە چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقى بىرەر مەسلىھەتچىنى بېكىتىشى زۆرۈر بولۇپ، شۈبھىسىزكى، خېلەم خۇدابەردىيېفقا دەل مەزكۇر ۋەزىپە يۈكلەنگەنىدى. دېمەك ئۇ «ئالغا» گېزىتىنىڭ مەسلىھەتچى مۇھەررىرى سالاھىيىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجان قاسىمى ۋە «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىغا مەسلىھەتچىلىك قىلغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى دەسلەپتە «ئالغا »گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان بولۇپ، خېلەم خۇدابەردىيېف بىۋاستە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىشلىدى، ئارقىدىن ئەخمەتجان قاسىمى ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن باش مۇقەررەرلىكنى سەيپىدىن ئەزىزگە بەرگەندىن كېيىن خېلەم خۇدابەردىيېف سەيپىدىن ئەزىز بىلەن ئىشلىدى.

«ئالغا» گېزىتى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ بارلىق سىياسىي يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەشر ئەپكار ئىدى. خېلەم خۇدابەردىيېف «ئېلاخۇن ئەپەندى» نامى بىلەن «ئالغا» گېزىتىدە ئىشلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى، يەنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ، سىياسىي مەسلىھەتلەرنى بېرىشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا ئۇ «ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تەكلىپى بىلەن سىياسىي مەسلىھەتچى بولدۇم»، «تالانتلىق رەھبەر، ئاجايىپ ئىنسان ئەخمەت ئەپەندى قاسىمىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەش بەخت»[51] دەپ يازىدۇ.

«ئىتتىپاق» پۈتۈن ئۇلكىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى ئىدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەر ۋە ناھىيەلەردە «ئىتتىپاق» نىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيەدە «ئىتتىپاق» نىڭ ھەربىي كومىتېتى قۇرۇلدى. نەتىجىدە،**1948** -يىلى «ئىتتىپاق» نىڭ ئەزالىرى **60** مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ۋە **1950**-يىلىغىچە ئەزالىرى **80** مىڭ ئەتراپىدا بولدى.[52]

خېلەم خۇدابەردىيېف يەنە ئىتتىپاقنىڭ تەشۋىقات-تەرغىبات، ئاخبارات ئىشلىرىغىمۇ يېقىندىن ئارىلاشقان بولۇپ، «ئىتتىپاق»نىڭ بۇ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابباسوف بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[53] . خېلەم خۇدابەردىيېف ئەمەلىيەتتە يەنە «ئالغا»، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان مەتبۇئاتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىقتا بولغان. بولۇپمۇ ئەڭ چوڭ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئەڭ مۇھىمى ئىدى. روشەنكى ئۇ، بۇ مەتبۇئاتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئاساسىي يۆنىلىش، بىتىمنى ھىمايە قىلىش ۋە تەرغىب قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى تەرغىب قىلىش ۋە باشقىلارنى يورۇتۇشنى باش نىشان قىلغانىدى.

ھەتتا تارىخچى مۇنىر يېرزىننىڭ خاتىرىلىشىچە، **1949**-يىلىنىڭ باشلىرىدا خېلەم خۇدابەردىيېف ئۆزى ئىشلەۋاتقان «ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە كېلىپ، گېزىتنىڭ ماكېتىنى يېڭىچە ياساش، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىتخانىلىرىدىكىگە ئوخشاش قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، باسمىخانا ۋە تەھرىر بۆلۈملىرىدە بىر قانچە كۈنلەپ تۇرغان ۋە بەزى ئۈلگىلەرنى كۆرسەتكەن، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى گېزىتخانىنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى كەملىكى تۈپەيلىدىن مۇنداق ماكېت ياساشقا ئىمكان بولماي، يەنىلا بۇرۇنقىدەك چىقىرىۋېرىلگەن[54] . بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېلەم خۇدابەردىيېف بەش خىل تىلدا چىقىدىغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر سايرانى بىلەن ئىچكى جەھەتتە زىچ ئالاقىلەردە بولغان بولۇپ، روشەنكى ئۇلارغىمۇ سىياسىي مەسلىھەتلەرنى بەرگەن.

---

51
. خېلەم خۇدابەردىيېۋ. زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ ( خاتىرەنامە). تاشكەنت **.2003**-يىلى.بىرىنچى كىتاب. تۈركىستان پولىگراف باسمىخانىسى. **115**-بەت.

52
.سەيپىدىن ئەزىز، ئۆمۈر داستانى. **2** توم. **344**-بەت .

53
. خېلەم خۇدابەردىيېۋنىڭ **2003**-يىلى، **11**-ئايدا تېلېفون زىيارىتى ئارقىلىق سۆزلەپ بەرگەنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىمىسى خېلەم خۇدابەردىيېۋ، زامان ئىزغىرىنلىرىدىن، **2**-كىتاب، ئېلان قىلىنمىغان نۇسخا. ئائىلىسى تەمىنلىگەن.

54
. مۇنىر يېرزىننىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى، **2020**-يىلى، **2**-ئاينىڭ **6**-كۈنى. مۇنىر يېرزىن **1947**-يىلى **9**-ئايدىن **1949**-يىلى، **12**-ئايلارغىچە<< ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان>> گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

ئىككىنچى تۇركۇمدە خېلەم خۇدابەردىيېۋ قاتارلىق مەسلىھەتچىلەرنى ئىلىغا ئەۋەتكەن شۇنىڭدەك گېنېرال يېگناروف، چبايېۋ قاتارلىقلارنى قورغاس ۋە ئالمۇتادا تۇرغۇزۇپ قايتىدىن «شىنجاڭ ئوپېراتسىيەسى» گە يېتەكچىلىك قىلدۇرغان1949-1948-يىللىرى خىتايدىكى كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا كومپارتىيە غەلىبە قازىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپ كۈچىيىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز ئەتراپىغا سوتسىيالىستىك ئەللەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، غەربكە قارشى كۈچ سېپىنى زورايتىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىلىق ئۆز سېپىنى كۈچەيتمەكچى بولغانىدى. بۇ نۇقتىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھېچقانداق مۇستەقىللىقىنى ۋە ياكى ئالىي بىر سىياسىي ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى قوللىماسلىق، ئەكسىچە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ ئۆلكىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشىنى قوللاش سىياسىتى قوللانغانىدى.

1949-يىلى،. 2-ئاينىڭ - 4كۈنى ئاناستاس مىكويان خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى جايلاشقان شىبەيپو دېگەن جايدا ماۋ زېدوڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ستالىننىڭ مەيدانى ۋە پوزىتسىيەسىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭدىن ھېچقانداق تامايى يوقلۇقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىمايدىغانلىقى بۇ جاينىڭ خىتايغا تەۋە بولۇشى كېرەكلىكى»نى بىلدۈردى.[55] ئۇنىڭدىن كېيىن، 1949-يىلى، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ستالىن ماۋغا يوللىغان تېلېگراممىسىدىمۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشنى ئارقىغا سوزماسلىقنى»[56] تەكىتلىگەن.

1949-يىلى 6-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىدىن ليۇ شاۋچى موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، ستالىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، ستالىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭنى تېز ئىشغال قىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشىغا قاتناش جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، ھەتتا كېرەك بولسا ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئايروپىلان چىقىرىپ تارمار قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[57]

سوۋېت ئىتتىپاقى شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈننى غۇلجىغا ئەۋەتىپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى ئۈچۈن تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

دېمەك، خېلەم خۇدابەردىيېۋ ئاشۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىشى ۋە پۈتۈن ئۆلكىدە مۇستەقىل ھاكىمىيەت ئورنىتىشىنى قوللىماسلىق ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى بەلگىلىگەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. 1947 -يىلى9-ئايدىن باشلاپ قورغاستا ۋە ئالمۇتادا تۇرۇپ، مەخپىي شەكىلدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنى نازارەت قىلىۋاتقان ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف قاتارلىقلارنىڭ بۇ ۋاقىتلاردىكى ۋەزىپىسى تېخىمۇ جىددىيلەشكەن بولۇپ، ئىلىدىكى ھەربىي سىياسىي يۈزلىنىش، خەلقنىڭ پىكىر ھېسسىياتى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي ئوي پىكرى ۋە باشقىلارنى بىلىپ تۇرۇشى ھەم بۇلارنى موسكۋاغا يوللىشى زۆرۈر ئىدى.

---

55 Записка А. Микояна в ЦК КПСС. 22.09.1960 // АПРФ. Ф. 45. Оп. 1. Д. 331. Л. 172 .

56 . Телеграмма И. Сталина Мао Цзэдуну. 18.06.1949 // АПРФ. Ф. 45. Оп. 1.
Д. 331. Л. 11 ( ستالىننىڭ ماۋ زېدوڭغا تېلېگراممىسى، 1949.6.18. رۇسىيە پرېزىدېنت ئارخىپى. فوند.45، ئالاھىدە پاپكا1. دېلو331، ياپراق

57 Запись беседы Сталина с делегацией ЦК КПК. 27.06.1949 // АП РФ. Ф. 45. Оп. 1. Д. 329. Л. 5 .

خېلەم خۇدابەردىيېۋ **1945 - 1946**-يىللىرى ئارىسىدا مۇھسىن ئابدۇللىن ئەلىخان تۆرە رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىدە ئەلىخان تۆرىنىڭ يېنىدىكى مەخسۇس مەسلىھەتچىلىك سالاھىيىتى بىلەن بارلىق ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلار ۋە يۈزلىنىشلارنى گېنېرال يېگناروفقا ۋە شۇ ئارقىلىق يېگناروۋ موسكۋاغا يوللاپ تۇرغاندەك، بۇ قېتىم خېلەم خۇدابەردىيېفمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەتچى سۈپىتى بىلەن خۇددى ئوسمان يۇسۇپوف ئۇنىڭ گېنېرال يېگناروفنىن بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇنۇشىنى جېكىلىگىنى بويىچە گېنېرال يېگناروۋ بىلەن مەخپىي ئالاقىلەردە بولۇشى تەبىئىي ئىدى. خېلەم خۇدابەردىيېۋ كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تاپشۇرۇقىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە بېرىلگەن كۆرسەتمە بويىچە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە مەسلىھەت بېرىشى تەبىئىي ئىدى.

## خاتىمە ئورنىدا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئىنقىلابىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىسى ۋلادىمىر يېگناروۋ قاتارلىقلار **1949**-يىلى، **9**-ئايدا ئۆز ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئورنىغا قايتتى .خېلەم خۇدابەردىيېفمۇ تەخمىنەن **1949** -يىلىنىڭ ياز مەزگىلىدە غۇلجىدىن ئايرىلىپ، تاشكەنتتىكى ئۆزىنىڭ ئەسلى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېزىشچە، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى كېيىن ئاڭلىغان، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدا ئايرىلغاندا ئۇ غۇلجىدىن كېتىپ بولغان.

ھەتتا، **1949**يىلى **8**-ئايلاردا ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنونوف قاتارلىقلار سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا، ئىسھاقبېكنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، مەخسۇس ھەربىي مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېرالى، يەنى يەرلىكلەر «ئاقۋاش» دەپ ئاتايدىغان ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچمۇ غۇلجىدىن ئايرىلغان.[58] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ **1942**-يىلىدىن ئېتىبارەن غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىغا دوختۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان، «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ پائالىيەتلىرى، ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا باشتىن ئاخىرى ئارىلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس خادىمى دوختۇر ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوفمۇ (**1907-1992**) ئەڭ ئاخىرىدا **1950**-يىلىنىڭ باھارىدا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ جەسەتلىرى غۇلجىغا دەپنە قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىنلا ۋەتىنىگە قايتتى.

خېلەم خۇدابەردىيېۋ **1952**-يىلى رەسمىي ۋە ئاشكارا يوسۇندا سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر مەزگىل نەشرىيات-ئاخباراتچىلىق ساھەسىگە، جۈملىدىن خەلق نەشرىياتىدا مەسلىھەتچى بولۇپ خىزمەت قىلدى.[59] بۇ ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ **1944**- يىلىدىن تارتىپ خادىمى بولغان تۇرسۇن رەخىموفمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭ كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتىدا مەسلىھەتچى بولۇپ تۇردى. ھەتتا **1951**-، **1954**-يىللىرى ئارىسىدا ئىلگىرى غۇلجىدا ئۆزىنى ئىسكەندەر دەپ ئاتىغان دۆلەت بىخەتەرلىك پولكوۋنىكى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوفمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىدا مۇئاۋىن كونسۇل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا غۇلجىدا كونسۇل بولغان دوباشىنىمۇ **1956-1959**-يىللىرى ئارىسىدا ئۈرۈمچىدە باش كونسۇل بولۇپ تۇردى.

---

58 . مىللىي ئارمىيە مايورى، باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشلىقى خەمىت كەنجىبايېفنىڭ باياناتلىرى، **2013**-يىلى، **12**-نويابىردىكى تېلېفون سۆھبىتى.

59 .ئەسىر نامايەندىلىرى. توپلىغۇچى يولداش ئازاماتوۋ. ئالمۇتا ،**2005**-يىلى، روند. **238**-بەت-**20** .

خېلەم خۇدابەردىيېڧ  ۋە باشقا سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە  سوۋېت ئىتتىپاقى  ھۆكۈمىتى ۋە ئورگانلىرى تەرىپىدىن مەسلىھەتچى ياكى ئىنستروكتور دېگەندەك سالاھىيەت بىلەن ئەۋەتىلىشى  پۈتۈنلەي موسكۋانىڭ سىياسىي، دۆلەت مەنپەئەتلىرى ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، گەرچە، بۇ ئۇيغۇرلار  ئۆز دۆلىتىنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخى ۋەتىنىنىڭ مىللىي ئازادلىقى، مۇستەقىللىقى ھەم بۇ كۈرەشلەردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن سۆيۈنگەن ۋە ئۆزلىرىمۇ  ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن  ھەسسە قوشۇش يولىنى تۇتقان. ئۇلارنىڭ مىللىي قىزغىنلىقى بىلەن موسكۋانىڭ مەقسەتلىرى ئارىسىدا ھامان زىددىيەت بار ئىدى.  بۇ ئۇيغۇرلار  پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ،  ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنىڭ قولغا كېلىشى،  مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە مەۋجۇت بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇپ، ئۇلار  بۇ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. بىراق،  موسكۋا ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقنى باشتا قوللاپ ۋە ياردەم بېرىپ ئاقىۋەتتە ئوخشاشلا ئۆز مەنپەئەتلىرى،  سىياسىي پىلان ۋە ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتتى. بۇ تەرەپ مەزكۇر ئۇيغۇرلاردا ئەبەدىي بىر ئەپسۇسلىنىش ھەتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشىغا نارازى بولۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىش بىلەن ئۇلاردا كېيىنكى ھاياتىدا بار ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن ۋە باشقا  جەھەتلەردىن روناق تېپىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسىنى كۈچەيتكەن. خېلەم خۇدابەردىيېڧ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بۇ يىللىق ھاياتىدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان، پەخىرلەنگەن ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس سەھىپە دەپ بىلگەن. ئۇ **1947-1949**-يىللىرىدىكى ئۆزى خىزمەت قىلغان  ئىلىدىكى ھۆكۈمەتنى « ياش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى »، مىللىي ئارمىيەنى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى» دەپ ئاتايدۇ.

ھەتتا خېلەم خۇدابەردىيېفتىن بۇرۇن ئەۋەتىلىپ ھەرەمباغ، ئاقسۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، تاكى **1946**-يىلى، **6**-ئايغىچە خىزمەت قىلغان  مىرزىگۈل ناسىروفمۇ پۈتۈن ھاياتى بويىچە  سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرى بىلەن كۆكسىگە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بەرگەن «باتۇرلۇق»،   «پىدائىي» قاتارلىق مېداللىرىنى پەخىرلىنىش ئىلىكىدە تەڭ ئېسىپ يۈرگەنىدى.

خېلەم خۇدابەردىيېڧ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا  بولۇپمۇ **1960** -**1980**-يىللىرى ئارىسىدا، خىتاي-سوۋېت دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرى كۈچەيگەن دەۋرىدە  ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تاشكەنت خارجى رادىئويىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن بۇ ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ھوقۇقلارنى يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلاندى. ئۇ بۇ ۋاقىتلاردىكى تاشكەنتتىن ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇر دىيارىغا ئاڭلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە رادىيو پروگراممىلىرى ئەنە شۇ كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغانىدى. ئۇ يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتى قارمىقىدا ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، خالىسقان قادىروۋا،ئايتۇغان ھەسەن، سۇلتان مەمەتوف ۋە باشقا ئەرتىسلەرنى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر مۇقام ئۇستىلىرىنى تاشكەنتكە توپلاپ، ئۇيغۇ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ، كېيىنكى ھاياتىنى  پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە **12** مۇقامىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە، مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇشقا   ھەسسە قوشۇشقا بېغىشلىغانىدى. خېلەم خۇدابەردىيېڧ **2005**-يىلى تاشكەنتتە **87** يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئەۋەتكەن مەخپىي خادىملار، يەنى مەسلىھەتچىلەر ۋە باشقىلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزارا يېزىشقان مەكتۇپلىرى ئەنە شۇ مەسلىھەتچىلەردىن ئەلى ئەپەندىنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەلى ئەپەندى، يەنى گابىت مۇزىپوف، ئىسكەندەر، يەنى ئىۋان ئىۋانوف، زاكىر، يەنى پېتىر ساۋىنوف قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار **1960**-**1970**-يىللىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى، ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ

ئاخىرىغىچە مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش كېرەكلىكى، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكەتنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويغانلىقى قاتارلىقلاردىن پۇشمان قىلىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ھېسسىياتلىرىدا بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى << شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەرىكەتچىلىرى>> دەپ ئاتىشىدۇ.[60]

ئۇلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى سېغىنىش ھېسسىياتلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەكتۇپلاردىن ئاشكارىلىنىشىچە، ستالىن ئۆلۈپ، بېرىيا يوقىتىلىپ، خرۇشېۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن 1960-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ، يەنى بېرىيا قاتارلىقلارنىڭ قىلغانلىرى<< فىتنە تەۋەككۇلچىلىكى>> دەپ ئەيىبلەنگەن شۇنىڭدەك 2-دومدىكى گېنېرال يېگناروۋ، لاڭفاڭ، ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇل يېۋسېيېۋ ۋە باشقا ئونلىغان گېنېرال ھەم پولكوۋنىكلار بېرىيانىڭ ئادەملىرى سۈپىتىدە جازالاشقا ئۇچراپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇنۋان ۋە ئوردېنلىرى تارتىۋېلىنغان. بۇ كىشىلەر باشتىن ئاخىرى قىسىلىش ئىچىدە ئۆتكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ بۇ جەھەتتە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ھېچ كۆڭۈل بۆلمىگەن. بۇ باشتىن ئاخىرى مەخپىي تۇتۇلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 1944-1949-يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلغانلىرىنى تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگىچە مەخپىي ساقلاشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەيلى رۇس، مەيلى ئۇيغۇر ياكى باشقا كىشىلەر بولسۇن ئۇلار تاكى 1990-يىللىرىغىچە ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلىرىنى رەسمىي يوسۇندا سۆزلەپ ياكى ماقالە قىلىپ ئېلان قىلىشى مۇمكىن بولمىغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ سىرلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى، خالاس.

شۇنى ئەسكەرتىش مۇمكىنكى، 1946-يىلى 6-ئايدا غۇلجىدىكى 2-دومنىڭ باشلىقى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالى ھەربىي-سىياسىي ۋەكىلى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروۋ باشچىلىقىدىكى بارلىق سوۋېت ھەربىي، سىياسىي ۋە باشقا ھەر ساھەگە مەنسۇپ خادىملىرى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن يېگناروۋ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە 100 نەچچە بەتلىك مەخسۇس دوكلات تەييارلىغان. شۇنىڭدەك 130 دىن ئارتۇق ئادەمنى يۇقىرى خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ تىزىملاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دۆلەت ئوردېن ۋە مېداللىرىغا تەۋسىيە قىلغان. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى دوكلاتنى قىسقارتىشنى ھەم تەقدىرلەيدىغانلارنىڭ سانىنىمۇ قىسقارتىشنى تەلەپ قىلغان.

ئەنە شۇ جەرياندا گېنېرال يېگناروۋ، گېنېرال ئۇۋان پالىنوف ۋە باشقا بىر قانچە كىشى كۆرسەتكەن تۆھپىسىنىڭ زورلۇقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي «قىزىل يۇلتۇز»، «قىزىل بايراق» ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن . قالغان بىر قىسىملىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەقدىرلەنگەن ياكى ئۇنۋانلىرى ئۆستۈرۈلگەن. يېگناروفنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ، تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى[61] بولغان. مۇنداق مۇكاپاتلاش 1949-يىلىدىكى ۋەزىپىلەر يەنە بىر قېتىم ئورۇندىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بىراق، 1953-يىلىدىن كېيىن گېنېرال يېگناروۋ جازالىنىپ، ئۇنىڭ گېنېراللىق پاگونى ۋە قىزىل بايراق ئوردېنلىرى تارتىۋېلىنغان، يەنە بىر 2-دومدىكى گېنېرال لاڭفاڭ 1958-يىلى 15 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ، گېنېراللىق ئۇنۋانى ۋە ئېرىشكەن ئوردېنلىرى بىكار قىلىنغان.

---

60 . بۇ مەكتۇپلار تۆۋەندىكى كىتابتىن ئورۇن ئالغان. گ،مۇزىپوف، ر. مۇزىپوف. « شىنجاڭدىكى رۇسلار»، 2004-يىلى، رۇسىيە، ئۇگلىچ ( رۇسچە).

61 . بۇ مەكتۇپلار تۆۋەندىكى كىتابتىن ئورۇن ئالغان. گ،مۇزىپوف، ر. مۇزىپوف. « شىنجاڭدىكى رۇسلار»، 2004-يىلى، رۇسىيە، ئۇگلىچ ( رۇسچە).
گ.مۇزىپوف، ر.مۇزىپوف. گېنېرالنى كىم ئۆلتۈردى؟ 2004-يىلى، رۇسىيە، ئۇگلىچ ( رۇسچە)

ئومۇمەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، قىرغىز قاتارلىق رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ قىسمەتلىرى 1949-1970-يىللىرى پاجىئەلىك بولغان بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇربايېف قاتارلىقلار سىرلىق رەۋىشتە ئۆلگەن بولسا، ئىبراھىم تۇردى، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف، ئابدۇرېھىم ئەيسا ۋە باشقىلارمۇ ئوخشاشلا سىياسىي بېسىم، زەربە بېرىش ۋە باشقا نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى. نۇرغۇن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىمۇ ئوخشاشلا زەربىگە ئۇچرىدى، چەتئەللەرگە كەتتى ياكى تۈرمىلەرگە سولىنىپ خورلاندى. شۇنىڭغا ئوخشاش سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كېيىنكى قىسمەتلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولمىغان، بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئامىل ستالىن ۋە بېرىيانىڭ ئۆلۈپ، ھاكىمىيەتنى باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ ئىگىلىشى ھەم ستالىن، بېرىيا قاتارلىقلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار ئوخشاشلا ئۆز دۆلىتىدىكى سىياسىي ھوقۇق كۈرىشىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلانغانىدى.

شۇنى خۇلاسىلاش مۇمكىنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلەرگە سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇ تاپشۇرۇقلار ھەر قايسى مەزگىلدە ھەر خىل بولۇپ، سوۋېت خادىملىرى 1944-يىلىدىن 1945-يىلى 10-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي-سىياسىي، ھاكىمىيەت جەھەتتىن مۇستەھكەملىنىشى، مۇستەقىللىق شوئارلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ماسلاشتۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشنى توختىتىش، شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيىتىنى تىنچلىقتا ئۇندەش ۋە خىتاي بىلەن تىنچلىق ھالىتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. 1947-1949-يىللىرى بولسا ئىلى ھۆكۈمىتىنى ئىچكى جەھەتتە ئوسمان قاتارلىقلارنى باستۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مائارىپ جەھەتتىن كۈچلىنىش، گومىنداڭ بىلەن پەقەت سىياسىي كۈرەش قىلىش، ئەمما قوراللىق ئۇرۇش قىلماسلىق، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئاتلانماسلىق يولىغا باشلاش، ئاخىرىدا بولسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ جاينى ئىشغال قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. قىسقىسى، ئۇلار موسكۋانىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى ئۆزگىرىشچان سىياسىي يۈزلىنىشى بويىچە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1944-1946-يىللىرى ئارىسىدا ئەۋەتكەن خادىملىرى ئارىسىدىكى رۇسلار ۋە باشقا مىللەت خادىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە ياردەم بەرسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆز دۆلىتىنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ۋە كۆرسەتمىلىرىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا بىر قىسمىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھېچقاچان ئۆز دۆلىتىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن جەڭچىلەر ۋە ئوفىتسېرلار جەڭ مەيدانلىرىدا پىداكارلىق بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى ھەم ھەسسە قوشتى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى جەڭدە ئۆلدى ياكى يارىلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نامى ئاتالغان يېگناروف، لاڭفاڭ، ئىۋانوف، ساۋىنوف، چىبايېف، پروكوپيۇك ھەتتا كېيىنرەك ئەۋەتىلگەن نائۇم ئەيتىنگون ۋە باشقا ئونلىغان رۇس ۋە ياۋروپا مىللىتىدىن كېلىپ چىققان خادىملىرى ئەسلىدىن دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىنىڭ خادىملىرى بولۇپ، ئۇلار باشتىن ئاخىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە قاتتىق سادىق بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىق كۈرەشلىرىنى قۇربان قىلىش، بۇ جاينى قايتىدىن خىتاينىڭ قولىغا قايتۇرۇش پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاكتىپ ۋەزىپە ئاتقۇردى. ۋەھالەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەت خادىملىرىدا بولسا گەرچە ئۇلار ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى چىن دىلىدىن قوللاش، بۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى قوشۇش خاھىشلىرى بولدى.



# مېگا راجاگوپالان

مېگا راجاگوپالان ئامېرىكادىكى خەلقئارالىق مۇخبىر. مارىلەند شىتاتىدا چوڭ بولغان. نۆۋەتتە «BuzzFeed» ئاگېنتلىقى ئۈچۈن ئىشلىمەكتە. مېگا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى دەلىل پاكىتلىرى بىلەن يورۇتۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارادا تونۇتۇشقا تۆھپە قوشقان ۋىجدانلىق ئاخباراتچىلاردىن بىرىدۇر. ئۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقلىرىنى پاش قىلىش، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى سوغۇق قان ۋە سالماق مۇلاھىزىلىرى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلاش، خىتاي دۆلىتىنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈرگۈزۈپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن تامامەن قارشى قۇتۇپقا قاراپ ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى پاش قىلىش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە مۇخبىرلارغا خاس زېرەكلىك بىلەن ئاخبارات ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىستىقباللىق مۇخبىردۇر. خىتاينىڭ بېسىم، تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشلىرى ئالدىدا قىلچە بوشىشىپ قالماستىن، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى خەۋەر قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇ جاسارەتلىك مۇخبىر ئەھۋالدىن خەۋەردار ئۇيغۇر كۆزەتكۈچىلىرىنىڭلا ئەمەس، ئوقۇرمەنلىرىنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئادالەت جەڭچىسىدۇر.

مېگا 2012-يىلدىن 2018-يىلغىچە «BuzzFeed» ئاگېنتلىقىنىڭ خىتاي تارمىقى دىرېكتورى بولۇپ ئالتە يىل خىزمەت قىلغان. مېگا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقىغا قارىتا كۆپلىگەن دوكلات، خەۋەرلەرنى يازغان. بۇ ۋەجىدىن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 2018-يىلى ماي ئېيىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلغان.

مېگا تۇۋىتېر ھېسابى ئارقىلىق بەرگەن باياناتىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«خىتايدا ئالتىس ئالتە يىلنى، كۆزۈم ئېچىلغان ئالتە يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى بېيجىڭدىن ئايرىلىش ھېسسىياتىم تولىمۇ ئاچچىق-چۈچۈك. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ماڭا ئاخباراتچىلىق ۋىزىسى بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇلار بۇنى جەريان مەسىلىسى دەۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەيمىز.» «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاينىڭ مېگاغا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى، مېگانىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرىنى خەۋەر قىلغانلىقى ئىكەن. مېگا تىۋىتىر باياناتىدا يەنە مۇنداق يازغان:«مەن يەنە شۇنىمۇ ئوچۇق بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن: مەن مۇخبىرلىقىمنى خىتايدا تۇرۇپ داۋاملاشتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليون مۇسۇلماننى نازارەت قىلىش، بېسىم ئىشلىتىش ۋە سولاپ قويۇش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلىشتىن ۋە بايان قىلىشتىن توختاپ قالمايمەن.»

مېگا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى خەۋەر ئارقىلىق يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ھەر قايسى يىغىن، يىغىلىش، پروگراممىلاردىمۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان ۋەيرانچىلىقلىرىنى جانلىق پاكىتلىق ۋە جانلىق مىساللار بىلەن بايان قىلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئۇ 2018-يىلى ئوسلودا ئۆتكۈزۈلگەن، مىڭلارچە كىشى قاتناشقان «ئوسلو ئەركىنلىك مۇنبىرى يىغىنى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەسىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:«ناۋادا سىز شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇر بولسىڭىز، خىتاي ھۆكۈمىتى سىزگە نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى، نېمە ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىدۇ. بالىلىرىڭىزغا قويۇشىڭىزغا بولمايدىغان ئىسىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ھۆكۈمەت يەنە سىزگە تېلفونىڭىزدا قانداق ئەپ دېتاللىرىنىڭ بولسا بولىدىغانلىقى، قانداق مۇزىكىلارنى ئاڭلىسىڭىز بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يوليورۇق بېرىدۇ. ھۆكۈمەت ھەتتا ئاتا-ئانىڭىز ئۆلۈپ كەتسە ئۇلارنىڭ دەپنە-مۇراسىم ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ بەلگىلەپ بېرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتىكى بەلگىلىملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، يېڭى تېخنولوگىيەلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك مۇراجىئەت قىلغان. DNA سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، تېلفون تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى، نازارەت قىلىش پروگراممىلىرى قاتارلىق ۋاستىلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلىتىۋاتقان تېخنولوگىيەلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى تېخنولوگىيەلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىقنىڭ

ئادەتتىكى تۇرمۇشلىرىغا ئارىلىشىشقا قەدەر ئىشقا سېلىنغان.» «شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلەرگە مەجبۇرى هالدا كوممۇنىستىك پارتىيە تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ يەردىكى خەلقكە هۆكۈمەت تەرەپ يېزىپ چىقىرىپ بەرگەن تارىخ ئۆگىتىلىدۇ... لاگېرلاردا ئاچ قويۇش، ئۇيقۇسىز قويۇش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش قاتارلىق ئىشلار مەۋجۇت.... بىر مىليون ئۇيغۇر بۇنداق خورلۇق ئىچىدە ياشايدۇ ... شەرقىي تۈركىستان خەلقى ياشاۋاتقان زېمىن دائىملا (سىمۋوللۇق هالدا) ئۈستى ئوچۇق تۈرمە (open-aired prison) دەپ ئاتىلىدۇ. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك هوقۇق كىرزىسىدۇر...»

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقانلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇر، خىتايدىكى كىرزىسلار هەققىدىكى مەلۇماتلىرى كەڭ دائىرىلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرگە بولغان هېسسىداشلىقى چىن هەم سەمىمىي بولغان مېگا خانقىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇق ۋە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشىگە تىلەكداشمىز.

هېكمەتيار ئىبراهىم تەييارلىدى



# ھېسسىي ئەقىل ھەققىدە ھېكمەتلەر

1. مەن ھېس-تۇيغۇلىرىمنىڭ كونتروللۇقىدا قېلىشنى خالىمايمەن. (ئەكسىچە) ھېس-تۇيغۇلىرىمدىن پايدىلىنىشنى، ھوزۇر ئېلىشنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىمنى كونترول قىلىشقا تەلپۈنىمەن. (ئوسكار ۋايلد)

**"I don't want to be at the mercy of my emotions. I want to use them, to enjoy them, and to dominate them."-Oscar Wilde**

2. كىشى ئۆز قەلبىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلالمىسا، تېزلا كاللىسىنى كونترول قىلىشتىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. (فرىدرىخ نېتزى)

**"One ought to hold on to one's heart; for if one lets it go, one soon loses control of the head too."-Friedrich Nietzsche**

3. مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، كىشىلەر سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمما، باشقىلارنى قانداق ھېس-تۇيغۇغا كەلتۈرگىنىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. (مايا ئانگېلو)

**"I've learned that people will forget what you said, people will forget what you did, but people will never forget how you made them feel." -Maya Angelou**

4. ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا سالماق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئازغىنە كىشى قادىر بولالايدۇ. (ئالبېرت ئېينىشتىين)

**"Few people are capable of expressing with equanimity opinions which differ from the prejudices of their social environment. Most people are even incapable of forming such opinions."-Albert Einstein**

5. ھېسسىيات سىزگە دۈشمەن بولالايدۇ. ئەگەر سىز ھېسسىياتىڭىزغا ئەل بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى يىتتۈرۈپ قويىسىز. سىز چوقۇم ھېسى-تۇيغۇلىرىڭىز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، تەن دائىملا ئوي-پىكىرگە ئەگىشىدۇ. (برۇس لى)

**"Emotion can be the enemy, if you give into your emotion, you lose yourself. You must be at one with your emotions, because the body always follows the mind."-Bruce Lee**

6. كىشى ھەر قانداق تۈردىكى سەلبىي ھېس-تۇيغۇدىن ئۆزىنى قوغدىشى كېرەك دېگەن پىكىرگە مەن قەتئىي قوشۇلمايمەن. (جون كلىز)

**"The idea that you have to be protected from any kind of uncomfortable emotion is what I absolutely do not subscribe to."-John Cleese**

7. ھېس-تۇيغۇلار قانچىلىك دەرىجىدە ئادىللىقتىن ياكى مەدھىيىدىن يىراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. (ئەننى فرەنك)

**"Feelings can't be ignored, no matter how unjust or ungrateful they seem."-Anne Frank**

8. زىللىق – ئۆزىگە دۈشمەن پەيدا قىلىۋالماي تۇرۇپ ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولۇش دېمەكتۇر. (ئىساك نيۇتون)

**"Tact is the knack of making a point without making an enemy."-Isaac Newton**

9. كىشى ئۆز ھېس-تۇيغۇسىنىڭ تىزگىنىگە ئۆتكەن چاغدا، ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ. (باروۇك سپىنوزا)

**"When a man is prey to his emotions, he is not his own master."- Baruch Spinoza**

**10.** سىزنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىڭىز سىزنىڭ پىكىرىڭىزنىڭ خىزمەتكارىدۇر. سىز بولسىڭىز، ھېس تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ خىزمەتكارىسىز. (ئېلىزابېت گىلبېرت)

**"Your emotions are the slaves to your thoughts, and you are the slave to your emotions."-Elizabeth Gilbert**

**11.** ھېس تۇيغۇ سىز تەۋە بولغان ئەمەس، سىزگە تەۋە بولغان نەرسىدۇر. (شانون ئالدېر)

**"Feelings are something you have; not something you are."-Shannon L. Alder**

**12.** خىيالىڭىز نەدە بولسا، قەلبىڭىز شۇ يەردە بولىدۇ. (شانون ئالدېر)

**"Your heart will always go where your mind wanders."-Shannon L. Alder**

**13.** تۇمشۇقىنى ئۇشلاشقا تەييار تۇرىدىغان كىشىلەر، بۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. (جۇدىس گۇست)

**"People who keep stiff upper lips find that it's damn hard to smile."-Judith Guest**

**14.** ھەر قانداق ئەھۋالدا قان ئىنكاس قايتۇرىشىڭىز سىز تاللىشىڭىزدۇر. (جۇدىس ئورلوف)

**"How you react emotionally is a choice in any situation."-Judith Orloff**

**15.** كىشىنىڭ ھېسسىياتى ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىدىنمۇ بەك سىرتقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. (ئوسكار ۋايلد)

**"The emotions of man are stirred more quickly than man's intelligence."-Oscar Wilde**

**16.** كۆرگەنلىكى ئىش سەۋەبلىك چوڭقۇر ھېس-تۇيغۇغا غەرق بولۇش ھەم ئامەت، ھەم ئاپەتتۇر. (داۋىد جونس)

**"It is both a blessing and a curse to feel everything so very deeply."-David Jones**

**17.** كۆز يېشىمۇ نۇتۇقتا ئوخشاشلا ئاڭلىغۇچى تەلەپ قىلىدىغان ئالاقە ۋاسىتىسىدىن بىرىدۇر. (ئېرىكا ژوڭ)

**"Tears are a form of communication - like speech - and require a listener."-Erica Jong**

**18.** بىزنىڭ ھېسسي ئىنكاسلىرىمىز ئىش ھادىسىلەرگە بولغان يېقىنلىقىمىزدىن شەكىللەنگەن. (پيۇش سرىۋاستاۋا)

**"Our emotional response is driven by the proximity of events."-Piyush Shrivastava**

**19.** ھېس-تۇيغۇ ھەل قىلىنىدىغان مەسىلەر جۈملىسىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىزاھلىنىدىغان سىگنالدىن ئىبارەت. (ۋىرونىكا تۇگالىۋا)

**"Emotions are not problems to be solved. They are signals to be interpreted."- Vironika Tugaleva**

**20.** ئاچچىقلىنىش ئۇيغۇنلۇق دائىرىسىدىكى ھېس-تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن. (كىمبىرلى روس)

**"Anger is a legitimate feeling, one often designed for self-protection."-Kimberlee Roth**


**21.** بەزى جىنايەتچىلەر كىشىلەرنى سولاپ قويىدىغان قاۋاقخانىغا ھاجىتى يوق. ئۇلارغا لازىم بولغىنى ئۇلارنىڭ شۇ يەرگە تەۋە بولغاندىكى ھېسسىياتىدۇر. (لىسا تېركۇرست)

**"Some prisons don't require bars to keep people locked inside. All it takes is their perception that they belong there."- Lysa TerKeurst**

**22.** «مېنىڭ يېرىمىم ئۈمىدسىز رومانتىك. يېرىمىم بولسا پەقەتلا رېئالىستىك. (فارائاز كازى)

**"One half of me is a hopeless romantic. The other half is well... just realistic."-Faraaz Kazi**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2020-يىلى 1– ئاينىڭ 23 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 2 – ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە)

**23-يانۋار:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئىنگلىزچە بۆلۈمى «رايونلۇق دائىرىلەر كورنوۋا ۋىرۇسى بايقالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، يىغىۋېلىش لاگېرلىرى خەتەرگە دۇچ كەلدى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، مۇتەخەسسىسلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردىكى ناچار تازىلىق شارائىتى، تار ۋە قىستاڭ كامېرلار سەۋەبلىك يۇقۇملۇق ۋىرۇسنىڭ لاگېرلارغا تارقىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.
«يېڭى ياۋروپا» تورى «خىتاي مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنى ۋەيران قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ئامېرىكانىڭ ئاۋانگارت مېدىيالىرىدىن «CNN»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۇرۇپ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان يۈزلىگەن رەسىملەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈزدىن ئارتۇق قەبرىستانلىقنى ۋەيران قىلغانلىقى بايان قىلىندى.
ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ۋە خوڭكوڭ ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا قوللىغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر نەچچە يۈز كىشى خىتاي كومپارتىيىسىگە قارشى خىتاينىڭ لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى.

**24-يانۋار:**

«insider» خەۋەر تورى ۋۇخەن كورناۋا ۋىرۇسىنىڭ خىتايدا ئەڭ كامىدا 26 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ۋىرۇسنىڭ شەرقىي تۈركىستانغىمۇ تارقالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنداقلا، تازىلىق شارائىتى تولىمۇ ناچار بولغان، مىليونلىغان ئۇيغۇرلار سولانغان جازا لاگېرلىرىغا ۋىرۇسنىڭ تارقىلىپ كېتىش ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
«codastory» تورى سىدنىيدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاكتىۋىست ئالىپ ئەركىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان باستۇرۇشقا ئائىت ئىسپات ئىزدەش يۈزىسىدىن «دوۋيىن»نى ھەر كۈنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، يېقىنقى ئايلاردا «دوۋيىن»نىڭ بۇنىڭغا دەلىل بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئۇچۇرلارنى پۈتۈنلەي يۇيۇپ تازىلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.
«ياپون ۋاقتى گېزىتى» «ئامېرىكا دۆلەت مۇدائىپە مىنىستىرى <خىتاي 21-ئەسىردىكى نازارەت دۆلىتىدۇر>دېدى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مارك ئەسپەرنىڭ (Mark Esper) خىتاي سۈنئىي ئەقىل تېخنولوگىيىسىنىڭ ياردىمىدە ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمانلارنى ۋە دېموكراتىك نامايىشلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقىنى ، شۇنداقلا خىتاينىڭ 21-ئەسىردىكى ئەڭ

ئاداققى كىشىلىك ھوقۇقلارنىمۇ ئاياق ئاستى قىلغان نازارەت دۆلىتى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقى قەيت قىلىندى.
«**bylinetimes**» گېزىتى «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئورگانلىرىنى ئېلىۋېلىش قىلمىشى تېخىمۇ قەبىھلەشتى» تېمىسىدا بىر خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئىچكى ئەزالىرىنى چەتئەللەرگە سېتىش ئۈچۈن قەتلى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مۇسۇلمان ئەللىرىگە «ھالال ئورگان» نامى ئاستىدا سېتىشنىڭ كۆلەم ھاسىل قىلغانلىقى قەيت قىلىندى.

**26**-يانۋار:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى ۋۇخەن ۋىرۇسى سەۋەبلىك ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دۇنيا مىقياسىدا ۋىرۇستىن يۇقۇملانغۇچىلاردىن تەيۋەندە ۋە ئاۋستىرالىيەدە تۆتى، فرانسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكانىڭ ھەر بىرىدە ئۈچى، ۋېيتنام بىلەن جەنۇبىي كورىيەدە ئىككىسى، كانادا بىلەن نېپالدا بىرى بايقالغانلىقى قەيت قىلىندى. خەۋەردە يەنە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ يۇقۇملانغۇچى بايقالغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
ئامېرىكادا چىقىدىغان «ئاتلانتىك» گېزىتى «خىتاينىڭ قارا نىيىتىگە قارشى تۇرۇش بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەندى»ناملىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە شى جىنپىڭ ھوقۇققا چىققاندىن بۇيان غەربنىڭ سىياسىي ئورگان، تەشكىلاتلىرىنى رەت قىلىپ، تەبىقىلىق تۈزۈمگە ئىگە، دېكتاتور، كۆڭۈزچە دۆلەت قۇرۇپ چىقىۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە شى جىنپىڭنىڭ ماۋزېدۇڭدىن كېيىن ئەڭ مۇھىم لىدىر بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىندى. ماقالىدە يەنە، ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقنى قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى»گە يىغىۋالغانلىقىنى، يىغىۋېلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۆز رېجىمىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ دەپ قارالغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ رەزىل نىيەتلىرىگە، خەلقئارا قانۇنغا ۋە كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپ جىنايەتلىرىگە ئامېرىكانىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكى بايان قىلىندى.
«**yoursun**» تورى «ترامپىنىڭ خىتاي بىلەن تۈزۈشكەن سودا توختامىدا رېئال مەسىلىلەرگە سەل قارالدى» تېمىسىدا بىر پارچە ئوبزور ئېلان قىلىندى. ئوبزاردا، بۇ كېلىشىمدە خىتاينىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقىغا ھېچقانداق جازا بېرىلمىگەنلىكى، بۇ توختامنىڭ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىگە ۋە يەر شارىنىڭ كەلگۈسى دېموكراتىيىسىگە زور تەسىر كۆرستىدىغانلىقى، ترامپىنىڭ توختام ئىمزالاش جەريانىدا قىلغان خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدا «ساغلام، گۈللەنگەن، سودا-تىجارەتتىنمۇ ھالقىغان كەلگۈسىنى» ئۈمىد قىلغانلىقى، ئەگەر مۇشۇ بويىچە بولسا، بۇنىڭ زور ئىستراتېگىيىلىك خاتالىق بولىدىغانلىقى؛ خىتاينىڭ يېقىنقى دەۋردىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى ئاياق ئاستى قىلىشتىكى ئەڭ قەبىھ دۆلەت ئىكەنلىكى، مىليونلىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقنى لاگېرلارغا سولاپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئائىلەرنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقى قەيت قىلىندى. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ ھەر قانداق شەكىلدە خىتايدەك جىنايەتچى دۆلەت بىلەن مۇرەسسەگە كەلمەسلىكى كېرەكلىكى بايان قىلىندى.

**27** -يانۋار:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارغا قارشى سۆز قىلغان تۇڭگان شائىرنى تۇتقۇن قىلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە سۇي خاۋشىن ئىسىملىك، «ئەن رەن» تەخەللۇسىدىكى تۇڭگان شائىرنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتايدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقى، قامىغانلىقى ۋە نازارەت ئاستىغا ئالغانلىقى توغرۇلۇق تۆتتىن يازمىسى چىقارغانلىقىنى ئۈچۈن، شەندوڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، بۇ

تۇڭگان شائىرى 12-يانۋار ئۆزىنىڭ تۋىتتېر ھېساباتىدا ئامېرىكادا ئوقۇۋاتقان بىر مۇسۇلمان تۇڭگان ئايال تەتىل سەۋەبلىك خىتايغا قايتقاندا «قايتا تەربىيلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان ئىكەن.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمى «2015-يىلى تايلانتىكى بۇتخانىنى پارتىلاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارغا قايتا سوت ئېچىش باشلاندى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، 2015-يىلى بانكوكتىكى ھىندى ئىبادەتخانىسىغا بومبا ھۇجۇمى قىلىپ 20 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئۇيغۇر ياشقا قارىتا قايتا سوت ئېچىش باشلانغان. بۇ ئىككى ئۇيغۇر ياش تايلاند ھەربىي سوتىدا ئۆزىگە ئارتىلغان جىنايەتنى ئىنكار قىلغان، كېيىن بۇلارنىڭ سوتلىنىش ئىشى خەلق ئىشلىرى سوتخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىكەن. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى ئادەم قاراداغ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ مىرئېلى ئىكەن. ئادەم قاراداغنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۇۋكاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئىككى ياش سوتتا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ دېلوغا قارشى كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئادۇۋكاتىنىڭ ئېيتىشىچە، ناۋادا سوتتىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ پارتىلىتىشنى قىلغانلىقىغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىلسا، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن.

28-يانۋار:

«VOX»تورى «كورونا ۋىرۇسى جازا لاگېرلىرىغا تارقالسا نېمە ئىش يۈز بېرىدى» تېمىلىق بىر ماقالە ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ۋۇخەن ۋىرۇسىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ قاتتىق ئېغىرچىلىق ئېلىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكىنى، لاگېرلارنىڭ شارائىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇپ، كۆپىيىشىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىكەنلىكىنى بايان قىلىندى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

« ricethresher» توردا «زامانىۋىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق – خيۇستون ئۇيغۇر جەمئىيىتى قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە «خيۇستون ئۇيغۇر جەمئىيىتى» دىكى بىر نەچچە ئۇيغۇرلارنىڭ جازا لاگېرلىرىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى ئاڭلاتقانلىقى بايان قىلىندى.

« thejc» تورى «مەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىشىم كېرەك» تېمىسىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالە خىتاي ئەچىخانىسى ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نامايىش ئۆتكۈزگەن ئىمانۇل بېنجامىن ئىسىملىك يەھۇدىي قىز تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز دىنىغا ئىنتايىن سادىق بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئۆزىگە بىرەر دىن زۇلۇم ئاستىدا قالغاندا، زۇلۇمغا قارشى دەس تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

29-يانۋار:

«قوغدىغۇچى» گېزىتى «ئەنگلىيە مىنىستىرى ئۇيغۇرلارنى خورلاشقا چېتىشلىقى بار كۆزىتىش ئەسلىھەلىرى شىركىتى بىلەن كۆرۈشتى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارا سودا مىنىستىرى گراھام ستۇئارت ئۆتكەن يىلى ئىيۇندا خوڭكوڭدىكى كۆزىتىش ئەسلىھەلىرى تېخنولوگىيىسى شىركىتى ھېسابلانغان «SenseTime» نىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالىي مائارىپتا سۈنئىي ئەقىل تېخنولوگىيىسىنى ئىشلىتىشنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن كۆرۈشكەن.

« bylinetimes» تورى «غەرب شىركەتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرىۋېلىشىدىن پايدىغا ئېرىشەلەمدۇ؟» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە 28 تىن ئارتۇق غەرب شىركىتىنىڭ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ياكى قەستەنلىك بىلەن ئۇيغۇرلاردىن سۇغۇرىۋېلىنغان ئىچكى ئەزالارنى توشۇش ياكى تەمىنلەش زەنجىرىگە قوشۇلۇپ، ياكى ئىچكى ئەزانى ساقلاش، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دىئاگنوزلارنى ياكى مۇناسىۋەتلىك ئۈسكىنىلەرنى توشۇش دېگەندەك مۇلازىمەتلەرگە چېتىشلىقى بارلىقىنى بايان قىلىنغان؛ شۇنداقلا، بۇ شىركەتلەرنىڭ بۇ ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىۋاتقانلىقى، بۇنداق شىركەتلەرنىڭ نامى

ئاشكارىلىنىپ شەرمەندە قىلىنىشى كېرەكلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.
يېڭى زېلاندىيە « **newshub**» قانىلى تور بېتى «خىتايدىن يېڭى زېلاندىيەگە قاچقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۇلتۇراقلىشىش رەسمىيىتى چىققۇچە ئىشسىز قالماقتا» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلغان، يېڭى زېلاندىيە كۆچمەنلىك تارمىقى باياناتچىسى زۇلۇمغا ئۇچراپ قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش رۇخسىتىنىڭ ئالتە ھەپتە ئىچىدىلا پۈتكۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلغان.

**30-يانۋار:**

« **healtheuropa**» تورى «خىتايغا بارىمەن، ئۇلار مەن پۇلىنى تۆلىگەن ئادەمنى <سويىدۇ>» تېمىسىدا، سۆھبەتتە ئىنسان ئىچكى ئەزاسىنى مەجبۇري ئېلىۋېلىش جىنايىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك «تەبىئەت» ژۇنىلى تەرىپىدىن ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئون مەشھۇر شەخس قاتارىغا كىرگەن ئاۋستىرالىيە مەكۇئارىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋېندىي روگېرس خانىم بىلەن قىلىنغان سۆھبەت ئېلان قىلغان. روگېرس خانىمنىڭ دېيىشىچە، يېقىندا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاياللار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار خەلقى ئىچكى ئەزاسى سۇغۇرېۋېلىنىشى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغان.
ئەنگىلىيە يەھۇدىلىرى دۇنيانى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان چىدىغۇسىز مۇئامىلىسىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى. شۇنداقلا، خىتاينى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى توختىتىشقا چاقىردى.

**31-يانۋار:**

ئەركىن ئاسىياس رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى «قەدىمىي قەشقەرگە قىلىنغان كەم ئۇچرايدىغان زىيارەت ئۇيغۇر <ئالۋاستى شەھىرى>نى ئاشكارىلىدى» نامىدا خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە قەشقەردىكى بىر مەھەللىنى زىيارەت قىلغان ئابۇ ئىسىملىك تەيۋەنلىك ئەر ساياھەتچىنىڭ مەھەللىدە ئىنسۇ-جىنىنمۇ كۆرەلمىگەندىكى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ ساياھەتچى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان يۇقىرى تېخنىكىلىق باستۇرۇشىغا قارىتا ئۆز چۈشەنچىسىنى بايان قىلغان.
ئەركىن ئاسىياس رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى «سەئۇدىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى پاسپورت يېڭىلاشقا خاتىمە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سەئۇدىدىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەگە قېچىشقا باشلىغان» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ سەئۇدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى يېڭىلاپ بېرىشنى ئىككى يىل ئاۋۋاللا توختاتقانلىقى، پاسپورت يېڭىلاتماقچى بولغانلارغا پەقەت خىتايغىلا قايتالايدىغان ساياھەت كېنىشكىسى بەرگەنلىكى يېزىلغان.

**1-فېۋرال:**

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئو ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئەيىپلىدى. «خەلقئارالىق سودا ۋاقتى گېزىتى» بۇ ھەقتە ماقالە ئېلان قىلدى. مايك پومپېئو قازاقىستاندىكى نۇتقىدا، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان كىشىلەرنى قوبۇل قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى.
«گېرمانىيە ئاۋازى» تورى «گېرمانىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلدى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، خەۋەردە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تەقدىردە، ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ «مەڭگۈلۈك» غايىب قىلىۋېتىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدى.

كانادا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى، يېڭى زېلاندىيە ئەسلىلىك مۇسۇلمان زەيتۇن توپ چولپىنى سوننى بىل ۋىلىيامس خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىسلىسىز زۇلمىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ «skynews» مۇخبىرىغا سۆز قىلدى. ئۇ 2019-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۋىتېر سەھىپىسىدە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتايىنى ئەيىبلەپ بايانات ئېلان قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاممىۋى مېدىيادا ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم خىتايىنى ئەيىبلىگەن بولدى.

**2-فېۋرال:**

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ ئېنگىلىزچە ئۆگىنىش سەھىپىسى 2017-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەسەبىيلىك بىلەن ئەيىبلىنىپ 15 يىللىق كېسىۋېتىلگەن ئىممىنجان سەيدىنىنىڭ قىزىنىڭ دادىسى توغرىسىدىكى پائالىيەتلىرى، ئىممىنجان سەيدىنگە ئالاقىدار ئۇچۇرلار ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى بايان قىلىنغان خەۋەرنى ئېلان قىلدى. پەقەت ئىنگىلىزچە ئۆگىنىش يۈزىسىدىنلا دۇنيادا يۈز مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ تور بەتنىڭ مەزكۇر خەۋىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ دۇنيادىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇلۇشى سۆزسىز.
قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئو قازاقىستاننىڭ جازا لاگېرى مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى.
كانادادىكى «calgary.ctvnews» خەۋەر تورى «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى كورنوۋا ۋىرۇسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارغا سولانغانلارغا يۇقۇشىدىن ئەنسىرىمەكتە» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە «ئالبېرتا ئۆلكىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتى» نىڭ بىر تۈركۈم ئەزالىرى كالگېرىي شەھىرىدىكى سىياسەتچىلەر ۋە تىببىي خادىملار ئىشتىراك قىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ، كورنوۋا ۋىرۇسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ۋەيران قىلىش قورقۇنچىنى ئىپادىلىگەنلىكى بايان قىلىندى.
بېلگىيەدە ياشاۋاتقان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار برۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىش قىلدى. تۈركىيە «ئانادولۇ ئاگېنتلىقى» بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر ئىشلەپ تارقاتتى.

**3-فېۋرال:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»نىڭ ئىنگىلىزچە خەۋەر تورى ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن بىرىگە ئىشارە قىلىپ، «كورنوۋا ۋىرۇسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تارقىلىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار <دۆلەت مەخپىيەتلىكى> دېدى» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، خىتاي ھۆكۈمەت تېلېۋىزىيىسىنىڭ 23-يانۋار شەرقىي تۈركىستاندىكى لى (47 ياش) ۋە گۇ (52 ياش)دىن ئىبارەت ئىككى خىتاينىڭ كورنوۋا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، بۇ ئىككى خىتاينىڭ خۇبېينىڭ مەركىزى ۋۇخەنگە بارغانلىقى، ۋىرۇسنى شۇ يەردە يۇقتۇرۇۋالغانلىقى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانلىقى بىلدۈرۈلدى.
ئامېرىكا سېناتورى ماركو رۇبىيو ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلىرىنى مېھمان سۈپىتىدە كۈتىۋالدى. ماركو رۇبىيو ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى روشەن ئاباسنى دونالت ترامپنىڭ دۆلەت ئەھۋالىدىن يىللىق دوكلات بېرىش نۇتقىغا مېھمان سۈپىتىدە قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى. رويتېرس ئاگېنتلىقى ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلدى.

**4-فېۋرال:**

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى شەرقىي تۈركىستانغا ۋىرۇس كەلگەندىن كېيىن، ئاتۇشتا كوچى-

لارنىڭ قامال قىلىنغانلىقى، خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە سولىنىپ ئولتۇرۇشقا مەھكۇم قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە خىتاي دۆلەت ئېلىۋېزىيىسىنىڭ 25-يانۋار شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ كامىدا 29 ئادەمنىڭ كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى، 1600 گە يېقىن كىشىدە فىرۇسقا مۇناسىۋەتلىك ئالامەتلەر كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تىببىي كۆزىتىشكە ئايرىۋېتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.
ئامېرىكانىڭ «فوكس خەۋەر قانىلى» ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى قىيىن شارائىتلارغا مەھكۇم قىلغانلىقىغا، لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ توختاۋسىز كۆزىتىشى ۋە چەكلە قېقىشى ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار كاتىپى مايك پومپېئو قازاقىستاننى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلدى.

**5-فېۋرال:**

«دىپلومات» تورى «ئۇيغۇرلار ۋە كورونا ۋىرۇسى» نامىدا ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە ھازىرغىچە دۇنيادا 24 مىڭ كىشىنىڭ بۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلىقى بايقالغانلىقىنى، ئەڭ كامىدا 494 ئادەمنىڭ ۋىرۇس سەۋەبلىك ئۆلگەنلىكى بايان قىلىنىدى. شۇنداقلا، ۋىرۇسنىڭ كەڭرى تارقىلىپ كېتىشى سەل قارىلىۋاتقان، خىتاي ئىشغال قىلىۋالغان شەرقىي تۈركىستان (ئەينەن تەرجىمىسى) بۇ جەھەتتە ئېغىر خەتەرگە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بايان قىلىنغان.ئۇيغۇرشۇناس، ئانتروپولوگ دەررېن بايلېر «supchina» توربدا مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى، شائىر پەرھات تۇرسۇننىڭ غايىپ قىلىنىشى توغرۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان.
ئامېرىكادىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار 5-فېۋرال قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەپ، ھەر خىل شەكىلدە نامايىش ئۆتكۈزدى.

**6-فېۋرال:**

«دىپلومات» تورى «ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايغا قارشى دەس تۇرۇشنى كۈتتى» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە، مايك پومپېئونىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى خىتاي تەرىپىدىن جازا-لاگېرلىرىغا قامالغان قازاقلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىپلىگەنلىكى بايان قىلىنغان.
ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمى كورونا ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىق گۇماندارلىرىدىن 99 ۋۇخەنلىك خىتاينىڭ ئاتۇش شەھىرىدە ئايرىپ كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.
ئەنگىلىيەدە چىقىدىغان «مېترو» گېزىتى «لاگېر مەھكۇملىرىنىڭ ئائىلىلىرى خىتاينىڭ كورونا ۋىرۇسىنى باھانە قىلىپ، جازا لاگېرلىرىدىكى ئۆلۈم-يېتىمنى يېپىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئەنسىرىمەكتە» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلەر بايان قىلىنىدى.
« devdiscourse» تورى ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا قارشى سۆز قىلىشقا چاقىرغانلىقىنى بايان قىلدى.
«ئامېرىكا ئاۋازى» تورى «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى گۇرۇپپىلار <خىتاي خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسىغا تەھدىت ئېلىپ كەلمەكتە> دېدى» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى گۇرۇپپىلار خىتاي خەلقىنىڭ 1989-يىلىدىكى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، كونسېرى ئېغىرلاشقان زۇلۇم ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ھەممىدىن بەك ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىنغان. ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە دېرىكتورى كېنېس روسنىڭ بايانىچە، خىتاي تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان

كۆزىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان، ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ نىشانى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ئىكەن ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇچۇر سىستېمىسى ئارقىلىق كىمنىڭ تۇتۇلۇپ كىمنىڭ تۇتۇلمايدىغانلىقى بەلگىلىنىدىكەن. خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرى كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىكەن.

**7**-فېۋرال:

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ باياناتچىسى نەنسى پېلوسى دۆلەتلىك يىللىق دۇئا-تىلاۋەت يىغىلىشىدا ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تۈرمىلەرگە تاشلانغان تىبەت تىبەت بۇددىستلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.
ئامېرىكادا چىقىدىغان «خەۋەر ھەپتىلىكى» **(newsweek)** ژۇرنىلى «نېمە ئۈچۈن بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ مەخپىي رەۋىشتە خالىغانچە تۇتۇلۇشى كورونا ۋىرۇسى مەزگىلىدە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ» ماۋزۇسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالە ئاپتورى سوفى رىچاردسون خانىم بۇ ھەقتىكى تەھلىللىرىنى بايان قىلدى.

**8**-، **9**-فېۋرال:

« **theepochtimes**» تورى «ئۇيغۇر قىزى خىتاينىڭ قولىدىن كېيىن، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان دادىسىنى ئازات قىلىشقا ئاتلاندى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، دوكتور ئىلھام توختى ۋە قىزى جەۋھەر ئىلھامنىڭ ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر بەردى.

**10**-فېۋرال:

«تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلى «شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈڭگان مۇسۇلمانلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە لاگېرغا سولانغان» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
«پۇل-مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» «خىتاي ئىلغار نازارەت تەجرىبىخانىسى بەرپا قىلدى» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى پاكىت ۋە تەھلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
« **thetacomaledger**» تورى «كورونا ۋىرۇسى جازا لاگېرلىرىغا كىردى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە، بۇ ۋىرۇسنىڭ زەربىسىگە ئەڭ ئاسان ئۇچرايدىغان جاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكى، لاگېرلاردىكى ناچار شارائىت بۇ ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى يېزىلغان.

**11**-، **12**-فېۋرال:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمى «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى كورنوۋا ۋىرۇسى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرىغا يېقىن يەردە كارانتىن قىلىندى» تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، مىرادىل نۇرئەخمەت ئىسىملىك بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (ئۈرۈمچىدىكى پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەنتەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى) 27-يانۋار تەتقىل قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسىگە قايتقىنىدا، ئاتۇشتىكى بىر جازا لاگېرىغا يېقىن يەرگە كارانتىن قىلىنغان. ئۇلار بۇ خەۋەردە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىنى مەنبە قىلغان.

**13**-فېۋرال:

« **codastory**» تورى «خىتاي تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانداق رەۋىشتە جاسۇسلۇق قىلىۋاتىدۇ» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە خىتاي خادىملىرىنىڭ ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ئۈچۈر قىلىپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئۆزلىرىگە تەمىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، ئۆزىنى قاچۇرغانلارغا تەھدىت سالغانلىقى بايان قىلىنغان.

**14-فېۋرال:**

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمى:«ۋەتەندىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار <خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئاممىنى ئۇسسۇل ئوينىتىش ئارقىلىق ۋىرۇستىن دىققىتىنى بۇرىماقتا> دېدى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى.
«بۇگۇنكى ئامېرىكا» گېزىتى «تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلار كورونا ۋىرۇسىنى كۇتۇپ ئولتۇرماقتا، خىتاي لاگېرلارنى تاقىشى كېرەك» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، دوختۇرخانا، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقىلاردىن ئايرىلىش قاتارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئامالسىز هالدا ئازاب چېكىۋاتقان جازا لاگېرلىرىدىكى مىليونلىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

**15-فېۋرال:**

« **buzzfeednews**» تورى «ئۇ خىتاينىڭ ئەڭ قەبىھ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن بىرىدىن مۇسۇلمانلارنى دەپ قېچىپ چىقتى، ئەمدىلىكتە ئۇ خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلىشى مۇمكىن» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، **2018**-يىلى يىل بېشىدا لاگېرغا سولىنىپ، ئون ئاي كېيىن لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەن تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن لاگېر ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېغىر قىيناشلارغا دۇچ كەلگەنلىكى، لاگېرغا سولانغاندىن كېيىن هەر كېچىسى باسقۇنچىلىققا ئۇچراش قورقۇنچىدا ئازاب چەككەنلىكى بايان قىلىنغان. يولدىشىنىڭ قازاقىستان پۇقراسى بولغانلىقى ئۈچۈن، لاگېردىن چىققاندىن كېيىن قازاقىستانغا كېلىپ تۇرغان، ئەمما، بۇلتۇر -قازاقىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئۇنىڭغا ناۋادا قازاقىستاندا ئىزچىل تۇرغۇسى بولسا – خىتايغا قايتىپ قازاقىستان ۋىزىسىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان. تۇرسۇنئاي خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئىدىيە تەييارلىقى قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتقان.
« **nbcnews**» خەۋەر تورى «كوروغا ۋىرۇسى: خىتاي رەئىسى شى جىن پىڭ ئەڭ چوڭ خىرىسقا دۇچ كەلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە كورونا ۋىرۇسى سەۋەبلىك خىتاي دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ۋە شى جىنپىڭ دۇچ كەلگەن خەتەرلەر مۇهاكىمە قىلىندى.

**16-، 17-فېۋرال:**

« **bbc**» خەۋەرلىرى «خىتاي ئۇيغۇرلىرى ساقىلى، هىجابى ۋە تورغا چىققانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىندى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.
گېرمانىيەدىكى «تەهدىت ئاستىدىكى خەلقلەر جەمئىيىتى» بايانات ئېلان قىلىپ، گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «بۇ جىنايەتتە جاۋاپكارلىقى بار شەخسلەر» گە ئىمبارگو قويۇشنى تەلەپ قىلغان. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باياناتىدا تەكىتلىنىشچە، «گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي-ياۋروپا باشلىقلار يىغىنىدا ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيەلىك شېرىكى بولغان خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى هەل قىلىشى، بۇ ئىشنى قوشۇمچە تىلغا ئېلىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتمەسلىكى كېرەك» ئىكەن.
«قاراقاش هۆججەتلىرى» كۆپلىگەن ئاخبارات ۋاستىلىرىدە بىراقلا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا جامائىتى ۋە كىشىلىك هوقۇق ئورگانلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغاپلا قالماي، سىياسىي ساھەدىكى زاتلارنىڭمۇ

جىددىي دىققىتىنى تارتقان.
ماقالىدە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابى ھېسابلىنىدىغان خەلقئارا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ماركۇس گرۇبېلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە جىددىي دىققەت قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئۇيغۇر دىيارىدا دەرھال مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغانلىقى بايان قىلىنغان.
«كۆزەتچى» گېزىتى «خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەپسەنى قىلىنىشى بىلەن چېتىشلىقى بار» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بايان قىلىنغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.
«CNN» تورى «ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلىدى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئېلان قىلدى. خەۋەردە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ساقال قويغانلىقى، پاسپورت ئالغانلىقى، كۆپ بالىلىق بولغانلىقى دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن تۇتۇلۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئەسكەرتىلدى.

**18**-فېۋرال:

گېرمانىيەدىكى مەشھۇر گېزىتلەردىن بىرى بولغان «دۇنيا» گېزىتى «كۆز قاراشلىرى تەلەپكە لايىق ئۆزگەرمىسە، تەربىيەلەش داۋام قىلىدۇ» ناملىق ماقالىنى، «كۈندىلىك گېزىت» بولسا «ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە باستۇرۇش» ناملىق ماقالىنى، «ن-تۋ» تېلېۋىزىيە قانىلى «ھەر بىر سەۋەنلىك تۈرمىگە سولايدۇ. خىتاينىڭ ھەر كۈنى ئۇيغۇرلارنى جازالىشى ئادەتتىكى ئىش» ناملىق خەۋەرنى ئېلان قىلغان ئىدى.
بۇ ماقالە ۋە خەۋەرلەردە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئەرزىمەس ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى باھانە قىلىپ خالىغانچە تۇتۇپ قاماق جازالىرىغا مەھكۇم قىلىۋاتقانلىقى ياكى جازا لاگېرلىرىغا سولاۋاتقانلىقى، «ئىدىيە ئۆزگىرىشى تەلەپكە لايىق بولمىسا، تۇتقۇنلارنىڭ لاگېرلاردا تەربىيەلىنىشىنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقى»، كىمنىڭ قانچە مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقى، «تەلەپكە لايىق ئۆزگەرگەن» تۇتقۇنلارنىڭ ئەمدىلىكتە شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرمىلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى، پۈتۈن بۇ پاجىئەلەرنىڭ **21**-ئەسىردە دۇنيا جامائىتىنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقانلىقى، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىشنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىك بولىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.
ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمى «قاراقاش تىزىملىكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەسەبىيلىككە قارشى كۈرەش قىلىۋاتىمىز دېگەن داۋاسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىپ تاشلىدى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ھۆججەتتە **137** بەتلىك قاراقاش ھۆججىتىدە **311** كىشىنىڭ ئوخشىمىغان تۈرتكە بىلەن جازا لاگېرىغا سولىنىپ بولغانلىقى، تۇتقۇنلارنىڭ تىزىملىكى، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بار يوقلۇقى قاتارلىقلارغىچە بايان قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**19**-فېۋرال:

«تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلى «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەرپا قىلغان بىئولوگىيىلىك بىخەتەرلىك دۆلىتىگە غەرب تېخنولوگىيىسى تەمىنلەندى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
«گېرمانىيە ئاۋازى» رادىيوسى «‹قاراقاش ھۆججەتلىرى› ياۋروپانىڭ خىتاي سىياسىتى بىلەن توقۇنۇشتى» سەرلەۋھەلىك بىر ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە سىياسىي زاتلارنىڭ گېرمانىيە ھەم ياۋروپانى خىتايغا قارشى قاتتىق سىياسەت قوللىنىشقا چاقىرغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.
«**realclearpolitics**» تورى «كورونا ۋىرۇسى خىتاينىڭ دۇنياۋىدا مۇھىم رول ئويناشقا سالاھىيىتى توشمايدى-

غانلىقىنى ئىسپاتلىدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالە ئامېرىكا سېناتورى ماركو رۇبىيو تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرى پاكىتلىق يورۇتۇپ بېرىلدى ۋە خىتاينىڭ مۇشۇ ۋەقەدىمۇ ئۆزىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىندى.

«ئامېرىكا ئاۋازى خەۋەرلىرى» تورى «ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تۈركىيەنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە سۈكۈتتە تۇرۇشتا ئازدۇرۇشىغا دىققەت قىلماقتا» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ تىل، مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتىكى تۇغقاندارچىلىقىنى قەيت قىلىپ، تۈركىيەنىڭ خىتاينىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرى سەۋەبلىك ئۇيغۇر مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ دۇنيادىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچى ۋە ئاكتىۋىستلارنىڭ تەنقىدىگە سەۋەب بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئامېرىكانىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكى سىياسىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ماكروس مەندوھان ھەيئەت تەشكىللەپ قەيسەرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نى زىيارەت قىلغان. مەزكۇر جەمئىيەت رەئىسى سېيت تۈمتۈركنىڭ فېيسبۇك بېتىدە يېزىشىچە، كۆرۈشۈش ئىككى سائەت داۋاملاشقان. سېيت تۈمتۈرك ئەپەندى بۇنىڭ ئامېرىكا باش ئەلچىلىكى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر تەشكىلاتىنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم رەسمىي شەكىلدە زىيادەت قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

**20-فېۋرال**

ئامېرىكادىكى لۇئىسۋىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى پائۇل ئېۋالد بىلەن ئەنگىلىيە كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتور ئاسپېرانتى جوناتان گۇدمەن 20-فېۋرال كۈنى ئامېرىكادىكى «دۆلەت مەنپەئەتى» ژورنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتا بولغان. ئۇلارنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇ رايوندىكى لاگېرلار ۋە باقمىچىلىق فېرمىلىرى كورونا ۋىرۇسىنىڭ شەكىل ياساپ تېخىمۇ ئەجەللىك ۋىرۇسقا ئايلىنىشىغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن. مەزكۇر ماقالە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى يېقىنقى بىر قانچە كۈندىن بېرى رايوندا ھېچقانداق يېڭى يۇقۇمدار بايقالمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋىرۇسنىڭ ئۇنۇملۈك كونترول قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان بىر مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان.

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» ئۆز تور بېتىدە «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قورقۇنچلۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆپلەپ دەلىل-ئىسپات ئوتتۇرىغا چىقتى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە قاراش ھۆججىتى ئاساس قىلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى مەزمۇن يورۇتۇلدى.

«خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى» خىتاينىڭ چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارشى قورقۇتۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار گەرچە خىتايدىن قۇتۇلۇپ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئۇلارغا پىلانلىق ھالدا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى باش تېما قىلىنغان ماقالە ئېلان قىلدى.

«courthousenews» تورى «بۇلغارىيە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىشتىن توسۇلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇلغارىيەنى بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىشتىن يېنىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى، ناۋادا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلسا، قىيىن-قىستاققا ئېلىنىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلدى.

**21-فېۋرال:**

«گېرمانىيە ئاۋازى» تورى «خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسى مېنى چۆچۈتتى» تېمىسىدا ئۇيغۇر ئاكتىۋىست جەۋھەر ئىلھام بىلەن قىلغان سۆھبەتنى ئېلان قىلدى. جەۋھەر ئىلھام «قاراقاش ھۆججىتى»دىكى ئەھۋاللاردىن بەك ھەيران قالمىغىنىنى، چۈنكى لاگېر شاھىدلىرىدىن ۋەزىيەتنىڭ قايسى

دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغانلىقىنى، ئەمما، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدە ئۇرۇق-تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ چۆچۈگەنلىكىنى بايان قىلدى.
ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى «خىتاي جازا لاگېرىدىن قېچىپ چىققان لاگىر شاھىدى ئوت كەتكەن ئۆيىدىن قېچىپ چىقتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە لاگېردىن چىقىپ قازاقىستانغا يەرلەشكەن ئۇيغۇر ئايال تۇرسۇناي زىياۋۇدۇن يولدىسى ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغانغىدا، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ كۆيىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قېچىپ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىشىك تېشىدىن تاقاپ قويۇلغانلىقىنى بايان قىلغان.
«**columbian**» تورى «ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاينىڭ <تېررورغا قارشى ئۇرۇشى> نىڭ ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى مۇلاھىزە قىلدى.

**22-فېۋرال:**

«**gulfnews**» تورى «كورونا ۋىرۇسى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئاخباراتچى خادىملارنىڭ ۋە مېدىيالارنىڭ مۇشۇ قاراشتا بولۇۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇلاھىزە قىلىندى.
«**theunionjournal**» تورى «ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان خورلاشلىرى قاتتىق رىتورىك سۆزلەردىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتتى، دەپ قارىدى» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشىنى قاتتىق ئەيىپلەش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغانلىقى ۋە ۋە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



جېيمس مەكگاۋېرن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئىزچىل قوللىغۇچىسى ۋە « ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق قانۇنى لايىھەسى 2019 » نىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى، هۆرمەتلىك كوڭگرېسمەن جېيمس مەكگاۋېرن ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



«ئىززەت - ئابرۇيلار قولدىن كەتتى. دۈشمەنلەر ۋەتىنىمىزگە قول سېلىشقا باشلىدى»، « ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلاش يوقىلىش دېمەكتۇر ۋە ئۆلۈم يولىدۇر» (1920-يىلى، قەشقەر)

-ئابدۇقادىر داموللام